تارىخىي مىراس

# «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بايان

(4)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

تارىخىي مىراس —

# «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بايان

(4)

(ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غولام ئەبەيدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئېيسا شاكىر

مۇندەرىجە

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغ-
رىسىدا يەنە بىر قېتىملىق ئىزدىنىش .........
ھەمتىمىن يۈسۈپ ................... 1
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك شېئىرىي
درامىسى ........................ لاڭ يىڭ 34
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ساددا ماتېرىيالىزم ۋە
دىئالېكتىك ئىدىيىسى توغرىسىدا ... ھامىت سابىر 60
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىگە
دائىر دەسلەپكى مۇھاكىمە ... شىرىپ ئىمىن 91
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق كۆز
قاراشلىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش
.......................... يۈسۈپجان ئېلى 104
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى «بەخت - سائادەت»
غايىسىنىڭ ئۈچ ئاساسىي تۈۋرۈكى... ئابلىمىت روزى 140
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بىلىم كۆزقارىشى توغرىسىدا
........................... لىن شىڭ 161
ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — بىلىم
........ ئاۋۇت توختى، باۋۇدۇن توختى 188
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ماتېماتىكىلىق بايانلاردىن
قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىلىم - پەنگە نەزەر...

.......................
تۇرسۇن ئەرشىدىن 205
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى قەلب گۈزەللىكى بىلەن
ئاشقى گۈزەللىكنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە
مۇلاھىزە ...... مۇھەممەت رېھىم ھاجى تۇرسۇن 240
«قۇتادغۇ بىلىك» تە بايان قىلىنغان قاراخانىلار
سۇلالىسىنىڭ ئاسترونومىيىسى توغرىسىدا .........
........................ ئابدۇرېھىم ھاشىم 257
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئۇيغۇر تىبابىتى مەسىلىلىرى
توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ... ئىبراھىم ئىبلى 279
يۇسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسى
دىكى بىرقانچە مەسىلە ....... ئابلىمىت رەخىم 295
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئىلىم ـ پەن كۆز
قارىشى توغرىسىدا ............ توختىخان ئەمەت 310
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تەلىم ـ تەربىيە تەلپى
توغرىسىدا ........... نۇر مۇھەممەت مۇيدىن 328
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە
تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ............ لى چى 337
«قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىشتىكى مېتودولو-
گىيە مەسىلىسى توغرىسىدا ...... ۋاھاپ خېۋىر 358

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىملىق ئىزدىنىش

مەمتىمىن يۈسۈپ

## 1

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئادەم بىلەن بىلىمنىڭ، بىلىم بىلەن دۆلەتنىڭ، قانۇن بىلەن دۆلەتنىڭ، خەلق بىلەن قانۇننىڭ، خان بىلەن پۇقرانىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ساددا دىئالېكتىكا ئۇسۇلى بويىچە يېشىپ بېرىش بىلەن بىرگە ساددا ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بايان قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە، بولۇپمۇ دۆلەتشۇناسلىق مەسىلىسىگە ئائىت تۆۋەندىكى ئۈچ پىكىرنى ناھايىتى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان:

(1) قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر.

(2) دۆلەتنى پەقەت بىلىملىك ئادەملەر، قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق باشقۇرۇش كېرەك.

(3) خان، پادىشاھ، بەگلەردە ئەخلاق-پەزىلەت-

نىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى ـــ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق نورمىلىرى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە بۇ ئۈچ مۇناسىۋەتنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان باغلىنىشى بىر گەۋدە قىلىنىپ، ئۇنىڭ زور ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆتكۈر تىل، يۇقىرى ماھارەت ۋە كىنايە ئۇسۇلى ئار- قىلىق كۆرسىتىلگەن. لېكىن، بۇ ئۈچ مۇناسىۋەتنى تارىختا ئۆتكەن بۈيۈك پەيلاسوپلاردىن پلاتون، ئارىس- توتىل، فارابى قاتارلىق ئالىملار يۈسۈپ خاس ھاجىپ- قا ئوخشاش دۆلەتشۇناسلىق ئىلمى سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ قويالمىغان ئىدى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدى- غان ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىك»تە بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى بىر نەچچە مىسال- لارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

817 كىبرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى ، بىرەر قونىقىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

شۇبھىسىزكى، قانۇن — دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى
بىر خىل ۋاستە. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدى-
يىسىدە، ھەممىدىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان ئامىل — ئىجـ
تىمائىي ئادالەتنى ۋە ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى
ئادىل قانۇن بويىچە ئۆزگەرتىش نۇقتىئىنەزىرىدۇر. بۇ
خىل نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارا-
ئىتتا ئىجرا قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقى، شۇنداق شا-
رائىتنىڭ بولغان - بولمىغانلىقىدىن تەتىينەزەر، قانۇن
ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغانلىقى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە يۈك-
سەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. «قانۇن ھۆكۈمداردىن ئۈس-
تۈن تۇرىدۇ، ھۆكۈمدار ھەر قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئۇ-
نىڭدىن ئۇلۇغى قانۇندۇر. ھەممىدىن ئۇلۇغى قانۇننىڭ
ئادىل تەتبىق قىلىنىشىدۇر». لېكىن، تارىختا ئۆتكەن ئاتاق-
لىق پەيلاسوپلاردىن پلاتون، ئارىستوتېل، فارابى قاتار-
لىقلارنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى بەزى كۆزقاراشلىرى يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆزقاراشلىرىغا زىتتۇر. پلاتون
«تەڭ بولمىغانلارغا تەڭ مۇئامىلە قىلىش تەڭسىزلىكتۇر...
ئادالەتسىزلىك قىلىش ھۆر (ئازاد) ئادەمگە تېخىمۇ كۆپ-
رەك يارىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك خۇ-
جايىن بولالايدۇ، ئادالەتسىزلىكنى ئاخىرقى چېكىگە يەت-
كۈزەلىگەنلەر جەمئىيەتنى قولغا ئالالايدۇ ۋە ئەڭ ئەقىل-
لىق كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ» ① دەيدۇ. ئارىستوتېل: «قۇل-

① پلاتون: «دۆلەت»، تۈركچە تەرجىمىسى 1 - توم، 31 - بەت.

لار ئەھلى ھايۋانغا ئوخشايدۇكى، ئىككىلىسىنىڭمۇ جىس-
مانى كۈچىدىنلا پايدىلىنىلىدۇ. قۇللار مال- مۈلۈكنىڭ
بىر قىسمى بولۇپ، خوجايىنىنىڭ مۈلكى ھېسابىغا كىر-
دۇ ... كىشىلەر ئارىسىدا تەڭسىزلىك بولۇش تەبىئىي
ئەھۋال. بەزىلىرى ھۆكۈم قىلىش، بەزىلىرى ھۆكۈمگە
بويسۇنۇش ئۈچۈن يارىتىلغان» ① دەيدۇ. پروفېسسور
كافەسوغلۇ: «ھالبۇكى، پلاتون ‹دۆلەت› ناملىق كىتابىدا
قۇللۇقنىڭ زۆرۈرىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئۇيغۇن
ھالەت ئىكەنلىكىنى ياقلايدۇ» ② دەپ كۆرسىتىدۇ. س.
م. ئارسال «فارابىنىڭ ئىبىل جەمئىيەت ۋە سىياسەت
ھەققىدىكى پىكىرلىرى ‹ئەل مەدىنەتۇل پەزىلە› (پەزىلەت-
لىك شەھەر) دېگەن كىتابىدا بايان قىلىنغان بولۇپ،
تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، فارابى پلاتون
بىلەن ئارستوتىلغا ئەگىشىپ ماڭغان. بولۇپمۇ پلاتوننىڭ
دۆلەت ناملىق ئەسىرىگە ئاساسلانغان» ③ دەيدۇ. م.
روزىنتال، پ. يۇدىن: «پلاتون (مىلادىدىن ئىلگىرىكى
427 — 347) سوكراتىنىڭ شاگىرتى، ئوبيېكتىپ ئىدې-
ئالىزمنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئافىنا ئارىستوكراتىس-

---

① ئاشىنىل: «قەدىمكى يۇناندا سىياسىي چۈشەنچىلەر» تۈركچە تەرجى-
مىسى، ئىستانبۇل نەشرى، 164 - بەت.

② كافەسوغلۇ: «قۇتادغۇ بىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى
ئورنى»، 1980 - يىل نەشرى، 25 - بەت.

③ س. مەقسۇدى: «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇقى» 1947 - يىل نەشرى
119 - بەت.

پىسىنىڭ مۇتەپەككۇرى، ئۇنىڭچە ئەبەدىي ئۆزگەرمەس
غايىۋى دۇنيا ھەقىقىي مەۋجۇت بولۇپ، ئۆزگىرىشچان،
ۋاقىتلىق، سېزىپ بىلىشقا بولىدىغان دۇنيا — غايىۋى
دۇنيانىڭ سايىسىدۇر» ① دەيدۇ. بۇ مىساللاردىن يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ قانۇن، ئادالەت، ھەقىقەت مەسىلىلىـ
رىدە ھەرگىزمۇ قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋارىـ
سى ياكى شاگىرتى ئەمەسلىكىنى، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتـ
لىرى ئىچىدىن چىققان بۈيۈك مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئاـ
لاھىدىلىككە ئىگە قانۇن ئىدىيىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا
ئەسىر پەيلاسوپلىرىنىڭ، دانىشمەنلەرنىڭ، خان - پاـ
دىشاھلارنىڭ، نوپۇزلۇق مۆتىۋەرلەرنىڭ سۆزىنى ئادالەت،
ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىشتەك ئىلاھىيلاشتۇرۇش پەلـ
سەپىسىنى رەت قىلغان. ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى
ئەقىدە كىتابلىرىنى ئادالەت ۋە ھەقىقەت ئۆلچىمى قىلـ
غان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ھەممە ئادەم قانۇن
ئالدىدا باراۋەر بولۇشى كېرەك» دېگەننى ئۆلچەم قىلـ
غان؛ ئۇلار خان - پادىشاھلارنىڭ سۆزىنى ئادالەت، ھەـ
قىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
قانۇن ئالدىدا بەگ، قۇل، كەمبەغەل دېمەي ئادىل بوـ
لۇشنى ئۆلچەم قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە دائىر

---

① م. روزىنتال، پ. يۇدىن: «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى». 1973 - يىل نەشرى، 33 - بەت.

ئىدىيىسىنى تارىختىكى ھەر خىل «قانۇن پەلسەپىسى» ئە-
سەرلىرىنى يازغان پەيلاسوپلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرى
بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
كونكرېت پەرقنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، گېگېلنىڭ 1821 - يىلى نەشر قىلىن-
غان «قانۇن پەلسەپىسى» دېگەن كىتابى، ئۇنىڭ «روھ
پەلسەپىسى» نىڭ ئىككىنچى قىسمى، يەنى «ئوبيېكتىپ
روھ» دېگەن قىسمىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، بۇ كىتاب-
نىڭ ئاخىرىدا گېگېل ئۆز پەلسەپىسىنىڭ ئالىي پرىنسى-
پىنى «مۇتلەق ئىدىيە» پروسسىيە پادىشاھى فرىدرىخ
ۋىلگېلم III ۋەدە قىلغان دەرىجە تۈزۈمىدىكى پا-
دىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈمىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى
كېرەك دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ئەسىر دەرىجە تۈ-
زۈمىنىڭ تونىنى كىيگۈزگەن، پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىگە
ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، خوشامەت قىلىپ پادىشاھنى
«ھەقىقىي ئەۋلىيا»، پروسسىيە پادىشاھلىق تۈزۈمىنى «دۆ-
لەت تۈزۈمىنىڭ ئالىي شەكلى» دېۋالغان. دېمەك، گې-
گېلمۇ «ھەقىقىي ئەۋلىيا» دەپ ئاتىغان پادىشاھلارنىڭ
سۆزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئالىي پرىنسىپى قىلى-
ۋالغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھۆكۈمدارلار ھەر
قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، قانۇن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن
ھۆكۈمداردىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك» دېگەننى ئۇل-
چەم قىلغان. قىسقىسى، ئادالەت، قانۇن، دۆلەت، ھاك-
مىيەت قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىج-
تىمائىي ھاياتنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ۋە شۇ تارىخىي

دەۋرىنىڭ تەلىپىگە يارىشا توغرا ھەل قىلىنغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئۇردا ئەمەلدارلىرىنى تاللاشتا ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى
چىلىق، زاتى ئېسىل، تىلى پىششىق، بىلىملىك، پاراسەت-
لىك، مۇلايىم بولۇش لازىم، دېگەن شەرتلەرنى قويىدۇ.
ئۇ ئېتىقاد جەھەتتە ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدۇ، ئىسلام دى-
نىنىڭ ئىلاھقا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئېتىقادچىلىقى ئۇ-
نىڭ پەلسەپىلىك ئىدىيىسىدە مەلۇم ئورۇن ئالغان. شۇن-
داقتىمۇ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت ئاستى-
دا ئۆزىنىڭ دۆلەتنى تۈزەش جەھەتتىكى ئىجتىمائىي،
سىياسىي قاراشلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە-يوللىرىنى پۈ-
تۈنلەي شەرىئەتنىڭ دىنىي ئەقىدىسىگە باغلاپ قويمى-
غان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشىدا ۋە بەزى
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا دىندىن ئاجراپ كېتەلمەسلى-
كىدىكى سەۋەب شۇكى، پەلسەپىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە
تەرەققىيات تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەلسەپىۋى قا-
راشلار دىندىن ئاجراپ چىققانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئىن-
سانلارنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىن
ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىدا
پەيدا بولغان. جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىئىنەزىرىدىن
ئېيتقاندا، دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كونا بىر دەۋردىن
يېڭى بىر دەۋرگە ئۆتۈشتىكى مەلۇم ئىلغارلىققا ئىگە
ئىجتىمائىي ھادىسە دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، پەلسەپە دىن
بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن. پەل-

سەۋەبىنىڭ راۋاجلىنىشى دىندا مەلۇم ئۆزگىرىش پەيدا
قىلغان.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي
ئىدېئولوگىيە تارىخىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنى دىن
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. تارىختىكى
پەلسەپە تەرەققىياتىنى دىندىن پۈتۈنلەي ئاجرىتىپ تاش-
لاپ، يەككە - يېگانە ھالدا تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ.
چۈنكى، دىنمۇ ئۆز ئالدىغا بىر خىل دۇنيا قاراش. يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان شۇ تارىخىي دەۋردە ئىس-
لام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى. شۇنداقتىمۇ يۈسۈپ
خاس ھاجىپ تەبىقىلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەي-
تىش، ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى را-
ۋاجلاندۇرۇش، پەن - مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش قاتار-
لىق جەھەتلەردە ئالاھىدە رول ئوينىغان. مۇشۇنداق تا-
رىخىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدا، ماركسىزم-
لىق ئۇسۇل — كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت ھەل قى-
لىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
بىر مۇنچە كۆز قاراش، ئادەت كۈچلىرى جەمئىيەت
تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينىغان ئىدى.
بۇ چاغدا ئوتتۇرىغا چىققان «ئۈچ ئەركان، بەش ئەھ-
كام» دىن ئىبارەت پەلسەپە ئىدىيىسى فېئوداللىق جەم-
ئىيەتنى زاۋاللىققا يۈزلىنىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى مەق-
سەت قىلغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە، شۇ تارىخىي دەۋردە شى-
مالدىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇللۇقتىن فېئودال-
لىق دەۋرگە ئىلگىرىلەۋاتقان ۋاقىتتا توغرا كەلگەنلىك-

تىن، سۇڭ دەۋرىدىكى «ئۈچ ئەركان، بەش ئەھكام» قاتارلىق پەلسەپە ئىدىيىلىرى بەزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قۇللۇق دەۋرىدىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مەلۇم رول ئوينىغان.

ئوخشاشمىغان پەلسەپىۋى ئېقىملارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرق، زىددىيەتلەرنى تېپىپ چىقىشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىلمىيلىككە ئىگە ئۇسۇل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تەشەببۇس قىلغان پەلسەپە ئىدىيىسى دەل شۇ چاغلاردا، يەنى X—XI ئەسىرلەردىكى ياۋروپادا ھۆكۈم سۈرگەن ۋە بىر مەزگىل ئەۋج ئېلىپ كەتكەن «مەدرىس پەلسەپىسى» ① گە قارىغاندا كۆپ دەرىجىدە ئىلغار ئىدى. چۈنكى، مەدرىس پەلسەپىسى خرىستىئان دىنىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۇقۇملارنى ئىشقا سېلىپ، سۆز - ئىبارىلەرنى ھەجىلەپ، چاكىنا، قۇرۇق شەكىلۋازلىق ئارقىلىق دۇنيانى تەڭرىگە باغلاپ، فېئودال - ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان بىر خىل ئىدېئالىستىك نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋرلىرىدىمۇ دۇنيانىڭ مەنبەسى نېمە؟ روھمۇ ياكى ماددىمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە پەيلاسوپلار ئىككى لاگېرغا ئايرىلغان ئىدى. مەسىلەن، پېير ئابېليار (1079 — 1142) نومىنالىزم بىلەن رېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۆ-

① «لىيۇدۇڭ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» 1980 - يىل 9 - ئاي نەشرى 85 - بەت.

رەشتە نومىنالىزم تەرىپىدە تۇرغان. نومىنالىزم — مەۋجۇدىيەت بىرلەمچى، تەپەككۇر ئىككىلەمچى دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ، ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. دەل مۇشۇ كۈرەشنىڭ ئىككىنچى تەرىپى بولغان رېئالىزم بولسا، تەپەككۇر بىرلەمچى، مەۋجۇدىيەت ئىككىلەمچى دەپ ھېسابلايدۇ. دېمەك، X — XI ئەسىرلەردە روھ بىلەن ماددىنىڭ قايسىسى دۇنيانىڭ مەنبەسى دېگەن مۇنازىرىمۇ داۋام قىلغان. شۇ دەۋردىكى نام ئەلاچىلىقنىڭ «چىن ئەلاچىلىقى»غا قارشى كۈرىشى بىر قانچە ئەسىر داۋام قىلغان بولۇپ، بۇ كۈرەش نەتىجىسىدە مەدرىس پەلسەپىسىنىڭ پارچىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېقىنقى زامان تەبىئىي پەن ۋە ماتېرىيالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈلگەن ئىدى.

لېنىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى «نام ئەلاچىلىقى» بىلەن چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ماتېرىيالىزمچىلار بىلەن ئىدېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بار، دەپ كۆرسەتكەن. مۇشۇ توپ مەسىلە مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان شۇ تارىخىي شارائىتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەنبەسى ماددا ئىكەنلىكىنى «قۇتادغۇ بىلىك»تە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياشىغان شۇ ئەسىردىكى «نام ئەلاچىلىقى» ئېقىمىدىكىلەرگە ئوخشاشلا خۇداغا ئېتىقاد قىلىش نۇقتىسىنەزىرىدىن قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ،

لېكىن ئۇ ماتېرىيالىزملىق خاھىشقا ئىگە ئىدى. شۇنداقلا، ئۇ ئۆز ئەسىرىدە ھاياتنىڭ ماددىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ماددىي دۇنيا بولمىغان بولسا ھاياتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن:

60 بۇ تۆت يار ماڭا تۆت تادۇ① دەك ئېرۇر،
تۈزۈلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر.

دەپ يېزىپ، ھاياتنىڭ پەيدا بولۇشى، تۆت خىل ماددىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا باغلىق. بۇ تۆت خىل ماددا دېگەن نېمە؟ بۇ تۆت خىل ماددا (تۆت تادۇ) ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتۇر. مانا بۇلار ھەقىقىي مەۋجۇت ماددىلاردۇر، دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتنىڭ ماددىغا باغلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تۆپكى دۇنيا قارىشىنى ئۇنىڭدىن VI ئەسىر كېيىن ياشىغان بەزى ئالىملارمۇ پەلسەپە نۇقتىسىدىن تەكىتلەپ ئۆتكەن. مەسىلەن، كلود ئادرىيان گېلۋېتسى (1715 — 1771) XVIII ئەسىردىكى فرانسىيە ماتېرىيالىزمىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. گېلۋېتسى پەقەت ماددىي نەرسىلەرلا ھەقىقىي مەۋجۇتتۇر، دەپ ئوچۇق ئېتىراپ قىلغان. ئۇ، مېڭىدە پەيدا بولغان تەسەۋۋۇر ۋە چۈشەنچىلەر ماددىي نەرسىلەرگە نىسبەتەن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلىغان②. بۇ ئىككى ئالىمنىڭ بەزى نۇقتىئىنەزەرلىرىدە ئوخشاشمىغان پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ماددى-

① تۆت تادۇ — (ھازىرقى ئۇيغۇرچە) ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت زات ياكى ماددا.

② «ماتېرىيالىزم دېگەن نېمە» 1955 - يىل نەشرى 24 - بەت.

نىڭ بىرلەمچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشلىق بار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى ئاسترونومىيە، تەبىئەت ئىلمى ئاساسىدا سەييارىلارنىڭ ئورۇنلىشىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

134 تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

137 بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق ① تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.

ئۇ، بۇ يەردە سەييارىلارنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىشتىن تاشقىرى، ئالەم بوشلۇقىنى 12 بۇرجقا بۆلىدۇ. مەسىلەن، (1) قوزا (ھەمەل)، (2) ئۇي (سەۋر)، (3) قوچىق (ئەسەد)، (4) ئەرەنتر (جەۋزا)، (5) ئارسلان (سۇنبۇل)، (6) بۇغداي بېشى (سەرەتان)، (7) ئولگى (مىزان)، (8) چايان (ئەقرەپ)، (9) يا (ھوت)، (10) ئوغلاق (قەۋس)، (11) كۆنەك (جەدى)، (12) بېلىق (دەلۋە).

بۇ 12 بۇرجنى ئۈچتىن تۆتكە ئايرىپ چىقىدۇ.

142 ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى، ئۈچى كۈزگىدۇر②.

---

① يالچىق — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئاي.

② ھەمەل، سەۋر، جەۋزا — باھار بۇرجى؛ ئەسەد، سەرەتان، سۇنبۇل — ياز بۇرجى؛ قەۋس، مىزان، ئەقرەپ — كۈز بۇرجى؛ جەدى، دەلۋە، ھوت — قىش بۇرجى.

دېيىش ئارقىلىق ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلنى ئايرىيدۇ.

دېمەك، XI ئەسىردە ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيە توغرىسىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرى كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. نىكولاي كوپېرنىك (1543 — 1473) ئۇلۇغ پولەك ئاسترونومى، ئۇ، يېڭى دۇنيا سىستېمىسى — دۇنيانىڭ گېلىيوسېنترىك سىستېمىسى (قۇياش مەركەز بولۇپ، بارلىق پلانېتلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ) دېگەن نەزەرىيىگە ئاساس سالغۇچىدۇر.

بىلىش جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆسۈپ بارىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ XI ئەسىردىكى ئاسترونومىيە كۆزقارىشى كوپېرنىك تەلىماتىغا يېقىنلىشىپ كەلگەن بولسا، 1548 - يىلدىن 1600 - يىللاردا ياشىغان جوردانو برونو (ئىتالىيان پەيلاسوپى) ئاسترونومىيە كۆز قارىشىدا كوپېرنىك تەلىماتىنى ئاساس قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى پەيلاسوپلارنىڭ «مۇتلەق روھ» پەلسەپىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

تېخىمۇ ئۇچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI ئەسىردىكى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ 1674 -، 1681 - بېيىتلىرىدە: «ئادەم ئانىسىدىن بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. بىلىملىك بالا تۇغىدىغان

ئانىڭ يوق؛ بالا ئانىدىن بىلىمسىز تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ
يېتىلىپ، ئۆگىنىپ ئاندىن بىلىملىك بولالايدۇ» دەپ
ئېنىق كۆرسەتكەن.

1632 - يىلدىن 1704 - يىلغىچە ئۆتكەن ئىن-
گلىز پەيلاسوپى جون لوك خۇددى شۇنىداقلا «ئام-
مىنىڭ ئەقلى توغرىسىدا تەجرىبە» دېگەن ئەسىرىدە
دېكارتنىڭ «تۇغما ئىدىيە» توغرىسىدىكى تەلىماتىنى قات-
تىق تەنقىد بەرگەن.

1670 - يىلدىن 1722 - يىلغىچە ياشىغان مەش-
ھۇر ئىنگلىز پەيلاسوپى — جون تولاندمۇ بىلىمنىڭ
تەقدىرگە باغلىق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت، قانۇن توغرىسى-
دىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە «ماددا مەنبە» قارىشىنى دا-
ۋاملىق تەتقىق قىلىپ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىسپاتلاش
ئۈچۈن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3500 - يىللاردىن باشلاپ
مىلادىدىن كېيىنكى 1778 - يىللارغىچە ئۆتكەن ئالىم-
لارنىڭ تۆۋەندىكى ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆ-
رۈشكىمۇ بولىدۇ:

(1) پلاتوننىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 381 - يىل-
دىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 369 - يىللار ئارىلىقىدا
يازغان «دۆلەت» ياكى «جۇمھۇرىيەت» دېگەن ئەسىرى
بىلەن؛

(2) مارچوس X تيۇس *marcos tiins* (106 - 42)
نىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 51 - يىللىرى يازغان «جۇم-
ھۇرىيەت ئۈستىگە» دېگەن دىئالوگلۇق ئەسىرى بىلەن؛

(3) سىر توماس مور Sir Thomas mor نىڭ 1516 - يىللىرى يازغان «ئەڭ ياخشى جۇمھۇرىيەت قۇرۇمى» ياكى «ھېچبىر يەر» ناملىق ئەسىرى بىلەن؛

(4) جون ۋالېنتىن Jhon valentin (1586 — 1654) نىڭ 1619 - يىلى يازغان «خرىستىئان شەھىرى»، «جۇمھۇرىيەتنىڭ پۈتۈنلىشى» دېگەن ئۇتوپىيىسى بىلەن؛

(5) ئىتالىيان پەيلاسوپى توم ماسو كامپانېت Tom maso campauel (1568 — 1639) نىڭ 1623 - يىلى يازغان «قۇياش شەھىرى» ناملىق ئۇتوپىيىسى بىلەن؛

(6) بېرناردېي ماندۇۋىكلى Bernard de mande ville (1670 — 1733) نىڭ 1714 - يىلى يېزىلغان «ئىنسانىي پەزىلەتسىزلىكلەر، ئىجتىمائىي يارامسىزلەر» دېگەن شېئىرىي ئەسىرى بىلەن؛

(7) مەشھۇر ئىنگلىز يازغۇچىسى درسامۇئېل جونسون DrSamnel jhonson (1709 — 1784) نىڭ 1759 - يىلى يازغان «راسلاش ئىتلوفىنە فەرەنسى» ناملىق پەلسەپىلىك رومانى بىلەن؛

(8) لويىس سېباستىن مېرچېر (1740 — 1814) نىڭ 1770 - يىلى يازغان «ئەگەر ھەقىقەتەن ئۆتكەن بولسا بىر چۈش» ناملىق بىر خىيالى تەتقىق كىتابى بىلەن؛

(9) جېئان باپ تىستىپئى jean Bad tiste (1767 — 1832) نىڭ 1800 - يىلى يازغان «بىر ئەلنىڭ قانۇنىنى تۈزىتىش چارىلىرى ئۈستىدە سىناق» دېگەن ئەسىرى بىلەن؛

(10) تودۇر ھېرزىل Thodor HerzL (1860 — 1904) نىڭ 1902 - يىلى يازغان «ئەسكى يېڭى يۇرت» ناملىق ئەسىرى بىلەن؛

(11) 1082 - يىلى پارسچە يېزىلىپ، 1431 - يىلى سۇلتان مۇرات 11 نىڭ تەلىپى بويىچە مەرجىمەك ئەخمەت تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان 44 بۆلۈملۈك «قابۇسنامە» (بۇ ئەسەر ئەخلاق، جەمئىيەت ئىلمى، ئويۇن، ئىشق، مائارىپ، تىجارەت، تىبۇپىلىق، ھۈنەر، ئاسترونومىيە، شېئىر، مۇزىكا، ساراي ساياھىتى ۋە ئىدارە قىلىش بىلىمى، نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) بىلەن؛

(12) ئەنگلىيىلىك سالىس بۇرى بىلەن جون SaliS Burg ،JKon (1179—1180) يىلى يازغان «پولىس راتسوس» ناملىق ئەسەر (بۇنىڭدا ساراي پەزىلەتلىرى ۋە ساياھەت قوراللىرى مەزمۇن قىلىنغان) بىلەن؛

(13) جېئان بودىن Jean Boden (1530 — 1596) فرانسۇز پەيلاسوپىنىڭ «ئالتە كىتابتا جۇمھۇرىيەت» ناملىق ئەسىرى بىلەن؛

(14) ئىسپانلىق مەشھۇر يازغۇچى فرانچىسكو قېۋېدو ۋىللېگاسنىڭ Prancisco Queredo Villegasue (1580 — 1648) نىڭ 1626 - يىلى يازغان «تەڭرىنىڭ سىياسىتى» ناملىق ئەسىرى (بۇ ئەسەر دۆلەت سىياسىتىنى تەڭرىنىڭ ئۆتتىشىغا ئويغۇنلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى نۇقتا قىلغان) بىلەن؛

(15) ۋىللىيام بادۋىن بىلەن گېئورگىي پېررېرس 1559 - يىلى يازغان «ئىدارە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەينەك» ناملىق ئەسەر Willim Badwin ۋە GeanGiFeqrers (بۇ ئەسەر تارىختا خاتا ھۆكۈم قىلىش سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلگەن 19 كىشىگە مۇناسىۋەتلىك قىلىپ يېزىلغان) بىلەن؛

(16) ئىنگلىز يازغۇچىسى جون بۇنيان Jhon Bunyan (1628 — 1688) نىڭ 1678 - يىلى يازغان «ھاجىپنىڭ بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا قىلغان سەپىرى» ناملىق ئەسىرى بىلەن؛

(17) ۋىللىيام شاك ئىسپىئارى willim shaK espeare (1564 — 1616) نىڭ 1601 - يىلى يازغان «ھاملىت» ناملىق ئەسىرى بىلەن؛

(18) فىردەۋسى Ferdersi (940 — 1020)نىڭ 980 — 1010 - يىلىغىچە يازغان «شاھنامە» (sah name) ناملىق ئەسىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بولىدۇ①.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئالالايمىز.

---

① 18 نەپەر ئالىم ۋە ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئا. دىل ئاچارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 900 يىللىقىغا بېغىشلاپ نەشر قىلدۇرغان «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى (ئەنجۇمەلەر)نىڭ 172 — 185 - بەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ.

## 2

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ كې-
لىش مەنبەسىنى ھەر تەرەپتىكى ئىجتىمائىي مۇناسى-
ۋەتلەر بويىچە مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قاراخانىلار ھاكىمىيىتى ھەسەن بۇغراخان ھۆكۈم-
رانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىللەرگە كەلگەندە، مەدەنىي
گۈللىنىش بىر تەدەر ئەۋج ئالغان، جۈملىدىن سۇڭ
سۇلالىسى بىلەنمۇ مەدەنىي ئالاقە كۈچەيگەن ئىدى. بۇ
يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مەسىلە
شۇكى، مىلادى X ئەسىرلەردە قاراخانىلارنىڭ ئىچكى
ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى كۈچلۈك
ئىدى. بۇ ھەقتە شەرقشۇناس بارتولد: «قاراخانى-
لار سۇلالىسىنىڭ خانى «خاقان» دەپ ئاتىلاتتى. «خاقان»
ئىدىئال (غايىۋى) ھۆكۈمدار سانىلاتتى، بۇ، ئۇيغۇرلار-
نىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن
بولسا كېرەك، «قۇتادغۇ بىلىك»، تىمۇ خاقاننىڭ خەلق
ئۈچۈن ياخشى بىر ھۆكۈمران بولۇشى لازىملىقى تە-
كىتلەنگەن» ① دەيدۇ. شۇنداقلا، سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-
مىتى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى كېڭەيتىشكە كۆ-
ڭۈل بۆلۈپ، خوتەن خەلقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى

① بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى تۈركىستان» نىڭ 912 -
بېتى.

پۇقرالار بىلەن بىۋاسىتە سودا قىلىشقا ئاشكارا رۇخسەت قىلغان. 1078 - يىلى سۇڭ سۇلالىسى خوتەنلىكلەر- نىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئالىدىغان چايلىرىدىن باج ئالماسلىقنى بەلگىلىگەن. فېڭ جياشىڭ مۇنداق دەيدۇ: «مىلادى 920 - يىلدىن 1089 - يىلغىچە بولغان ئا- رىلىقتا شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانلىقى ئۇيغۇرلاردىن جەڭ ئاتلىرى، زىننەت بۇيۇملىرى، دورا - دەرمەك، خۇش پۇراقلىق بۇيۇملارنى ناھايىتى كۆپ مىقداردا سې- تىۋالغان. 1077 - يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىغا ساتقان دورا - دەرمەكلەر، مەستىكى رومىنىڭ سانى بىر قانچە ئون مىڭ جىڭغا يېتىپ، يال- غۇز ئات سودىسىنىڭ سوممىسى بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ تىزىق ياماق (بىر تىزىق — مىڭ ياماق) قا يەت- كەن» ①.

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇ خىل بېرىپ - كېلىش- لەر، مۇقەررەر ھالدا ئىدېئولوگىيە ۋە پەلسەپە كۆزقا- راش جەھەتتىكى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 4 - بابىدا:

68 قوڭۇر يەر يېپىندى يېشىل تورقىنى،
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

دېگەن بۇ بېيىت ئارقىلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپ

① فېڭ جياشىڭ: «ئۇيغۇر تارىخىدىن قىسقىچە ماتېرىياللار» 1 - توم، 5 - بەت.

بىر تەرەپتىن باھار پەسلى كېلىش بىلەن يەر يۈزىنىڭ يېشىللىققا پۈركىنىپ كەتكىنىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇ نەپىس سەنئىتىنى باھارنىڭ خىلمۇ خىل گۈللەر ئېچىلغان گۈزەل كۈنلەرگە ئوخشاتقان. بۇنىڭدىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خەنزۇ سەنئىتىگە قانداق چوڭقۇر زوقمەنلىك ۋە يۇقىرى نەزەر بىلەن قارىغانلىقىنى، ئىچكى رايونلارنىڭ ماللىرى بىلەن بولغان تونۇشلۇقىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ھازىر شىنجاڭنىڭ IX ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە بولغان دەۋرىدىكى تارىخى، شەرقتە تۇرپاندىكى قارا خوجىنى، شىمالدىكى بەشبالىقنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە غەربىي - جەنۇبتا قەشقەر بىلەن بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى مەيدانغا كەلگەنلىكى؛ قارا خوجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا، قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەلۇم جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتلەردە يەنىلا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن.

تۈركىيىنىڭ تارىخشۇناس ئالىمى نەجىپ ئاسىم بۇ يەردە (قۇتادغۇ بىلىكتە) لياۋ خانلىقى دەۋرىدىكى پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى بولۇپلا قالماي، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ئالىملىرىنىڭ ئىدىئولوگىيىلىك

خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار» ① دېگەن ئىدى. مىلادى 981- يىلى شىنجاڭغا كەلگەن مەشھۇر سایاھەتچى ۋاڭ يەندى: «ئۇيغۇرلار ناھايىتى خۇشچاقچاق بولىدۇ. يىل يۈرگەندە ساز كۆتۈرۈۋالىدۇ. بۇددا ئىبادەتخانىلىرى 50 نەچچە ئورۇنغا جايلاشقان. چەت ياقىلاردا مانى ئىبادەتخانىلىرى بار. راھىبلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەمرۇ مەرۇپلىرى بار. ئۇلار بۇددا كىتابلىرىنى يادا ئوقۇيالايدۇ»② دېگەن. جۇ كىتابىنىڭ گاۋچاڭ تەزكىرىسىدە يەنە مۇنداق يېزىلغان: يېزىقلىرى «خا» ۋە «شا» دەۋرىنىڭ ئېروگلىپ يېزىقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىدىقۇت يېزىقىنىمۇ ئىشلىتىدۇ. «ماۋشى»، «لۇن يۈي» ۋە «ئەپچىك» دېگەن كىتابلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. پادىشاھلىقتىن تەمىنلىنىدىغان مەكتەپلەر بار ئىدى. ئوقۇتۇش ئىشلىرىمۇ ياخشى ئىدى، دەرسلىكلىرى ئىدىقۇت تىلىدا ئىدى.

بۇنىڭدىن شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (960 - يىلدىن 1279 - يىلغىچە) دەۋرى داۋامىدا ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن يۇسۇپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ شائىرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ يەككە - يېگانە ئەمەسلىكىنى، بەلكى بۇ دەۋردە زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە يەنە باشقا ئالىملار،

① ئەجەپ ئاسىم: «تۈرك تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» بابىدىن.

② «ۋاڭ يەندى خاتىرىسى»، «گاۋ چاڭ تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتىن.

يازغۇچى – شائىرلارنىڭمۇ بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتە ئەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپتا تەبىئىيكى، ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى بولۇش بىلەن بىللە، قەدىمكى خەنزۇ پەيلاسوپلىرىنىڭمۇ تەسىرى بار. مەسىلەن، XI ئەسىرلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن ئەرەب ساياھەتچىسى شەرەپ ئەل زامان تاھىر مەرۋىزى: «ئەرەب سودىگەرلىرى دائىم دېڭىزدەك جۇڭگوغا كېلىپ سودا قىلاتتى. ئۇلار بۇرۇن خوراساندىلا توختىشار ئىدى. ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكى (بۇ، مىلادى 661 – يىلى سۈرىيە شام ۋالىيسى مائاۋىيە تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەرەب خەلىپىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ۋە ئېغىر فېئوداللىق زۇلۇم ھەم ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزۈلگەن، ئاخىرى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە فېئودال ئاق سۆڭەكلەرنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى ئارقىسىدا مىلادى 750 – يىلى ئابباسىلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان) نىڭ زىيانداشلىقى بىلەن يېقىن شەرققە يۈزلىنىپ، جۇڭگوغا كېلىدىغان بولدى. شۇ چاغدىكى قاراخانىلار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى شىمالىي سۈڭ بىلەن سودا قىلغانىنىڭ ئۈستىگە ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭمۇ سودا قىلىشىغا ۋاستە بولغان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن تېز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغان» ① دەيدۇ. پەلسەپە جەھەتتە، فېڭ جياشىڭ: «ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن

① ئەرەب ساياھەتچىسى مەرۋەزىنىڭ «جۇڭگو، تۈرك، ھىندىستان توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنىڭ 17 – بېتى.

كېيىن خەنزۇلار بىلەن ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى قويۇقلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى ئىچىگە شۇ چاغدىكى خەنزۇ فېئوداللىق ئىدىيىسىمۇ سىڭىشكە باشلىغان. مەسىلەن، تەڭرى بىلەن ئادەم بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. ۋاپاغا ۋاپا، جاپاغىمۇ ۋاپا، ئاتا - ئانىغا ھۆرمەت قىلىش ۋەھاكازالار» ① دەيدۇ.

ئاتا بىلەن ئانىغا ھۆرمەت قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمدىن بۇيان ئورتاق داۋاملىشىۋاتقان ئەخلاقىي پەزىلىتىدۇر. ئەمما، بۇ نەرسە يۈسۈپ خاس ھاجىپتا ئالاھىدە تەكرارلىنىش بىلەن يۇقىرى پرىنسىپقا كۆتۈرۈلگەن.

### 3

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بىلىم، ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىك — ئىنساننىڭ قىممەتلىك پەزىلىتىدۇر» دېگەن كۆز قارىشى «قۇتادغۇ بىلىك» تە خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

مۇئەللىپ: «كىشى شۇنداق توغرا بولۇشى كېرەككى، خەلق ئالدىدا يۈرىكىنى ئالقىنىدا تۇتۇپ، مانا مېنىڭ يۈرىكىم دەپ خەلققە كۆرسىتەلىسە، ئاندىن ئەخلاقلىق ھەقىقىي ئادەم بولىدۇ؛ بىلىم ۋە ھەقىقىي ئەخلاق چوڭقۇر ئەقىلدىن كېلىپ چىقىدۇ» دەيدۇ.

① فېڭ جياشېڭ: «ئۇيغۇر تارىخىدىن قىسقىچە مەلۇماتلار» 81 - بەت.

قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ تارىخىي دەۋردىكى پادىشاھلارغا مەدھىيە ئوقۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان قەسىدىخان، ساراي شائىرى ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئۆز زامانىسىنىڭ رىئال ھاياتىدىن ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەدە تۇرغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ ۋە ۋەتەنپەرۋەردۇر. بۇ مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپ ياشىغان دەۋرنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى شۇ ئىدىكى، ئىچكى - تاشقى ئۇرۇشلارغا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلىپ، قاراخانىلار سۇلالىسى بىر قەدەر تىنچ مۇھىتقا كۆچكەن، بولۇپمۇ، ئۇ ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىنىشكە باشلىغان دەۋر ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنۇ ئۈچ تەرەپكە مەركەزلەشتى: (1) ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرى كۈنسايىن كۈچەيگەن؛ (2) شامان، مانى، بۇددا دەۋرلىرىدە شەكىللەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالغان ھەمدە ئۇ زور سالماقنى ئىگىلىگەن؛ (3) تىل - يېزىق، ئەدەبىيات ۋە باشقا ساھەلەردە ئەرەب ئاسسىمىلاتسىيىسىگە قارشى كەسكىن كۈرەش مەيدانغا كەلگەن دەۋر ئىدى.

ئىلىم - پەنگە موھتاج بولۇۋاتقان ھازىرقى زامان ئەللىرى XX ئەسىرگە كەلگەندە ئۆز دۆلەتلىرىنى بىلىملىك كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانماقتا. ئەمما، XI ئەسىردە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنداق ئەقلىگە مۇۋاپىق ئىل-

مىنى سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى كىشىلەرنى بىنىختى-يار تەپەككۇر قىلىشقا ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار ئۇزاق زامانلار داۋامىدا ئۆزىنىڭ بارلىق ئەنئەنىلىرىنى، جۈملىدىن تارىخىي، ئىلمىي، مەدەنىي مىراسلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇشنىڭ يولىنى بىلىمدىن ۋە بىلىم ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇشتىن تاپقان. شۇڭا، يۈسۈپ خاس هاجىپ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەۋەبلەرنى بىلىم - مەدەنىيەت دەپ هېسابلىغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ خەلقىگە بىلىملىك بولۇشنىڭ ئەهمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، دۆلەت باشقۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ بىلىملىك بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. بولۇپمۇ، بىلىملەر ئىچىدە هەندىسە (گېئومېترىيە)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ماساهە (يەر يۈزىنى ئۆلچەش ئىلمى)، هېساب، ئەدەبىيات ۋە باشقا هەر خىل تىل ئىلمى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئەگەر هۆكۈمرانلار بۇ ئىلىملەرنى ئۆگەنمىسە، بىلىملىك بولمىسا، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. شۇنداقلا، 1214 - يىلى ۋە 1294 - يىللاردا ئۆتكەن ئىنگلىز مۇتەپەككۇرى روجېر بېكون مۇ «بارلىق ئىلىمنىڭ مەقسىتى — ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن هۆكۈم سۈرۈش هوقۇقىنى كېڭەيتىش ۋە ئىنسانلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت»① دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئى-

① «ماتېرىيالىزم دېگەن نېمە؟» 1955 - يىل نەشرى، 25 - 26 - بەتلەر.

جاۋەت ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ بۇلىقىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پەلسەپىۋى پىكىرلارنىڭ توغرىلىقى شۇكى، ئۇنىڭدىمۇ بىرى ـــ بىلىم، يەنە بىرى ـــ بىلىمنىڭ قىممىتى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە بىز مۇنۇ بېيىتلارنى مىسالغا ئالساقلا كۇپايە قىلىدۇ:

2603 ئەي ئەقلى تولۇق ئەر، بىلىملىكنى بىل،
بىلىملىك كىشىنى سەن ئەل چوڭى قىل.

208 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بېيىتلار ئارقىلىق ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ ناماياندىسى بولغان ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يۈكسەك باھا بەرگەن. قەدىر ـ قىممەت، ئىززەت ۋە ھۆرمەتنىڭ بىلىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، نادانلىقنىڭ، بىلىمسىزلىكنىڭ كىشىلەر يىرگىنىدىغان قەبىھ نەرسە ئىكەنلىكىنى، بىلىمنى جەمئىيەت، خەلق ئۈچۈن ئىشلەتمىسە، ئۇ خۇددى ساينىڭ تېشىغا ئوخشاش قەدىرلەنمەيدىغانلىقىنى، گويا ئىپار ئۆزىنىڭ خۇش پۇرىقىنى يوشۇرالمىغىنىدەك، بىلىممۇ ئۆزىگە خاس ئىز چىچىپ تۇرىدىغان بەخت ـ سائادەت مەنبەسى ئىكەنلىكىنى شەرھلىگەن. ھەتتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ئىشىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدىغان دىپلومات خادىملارنىڭ بىلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دىپلوماتىك ئەلچىلەر-

نىڭ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە بولغان تەسىرى
قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى بېيىتلاردا بايان قىلغان:

2633 ئۇ بىلسۇن ھېساب ھەم گېئومېترىنى،
كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى.

2636 پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى بىلسۇن تىلى،
پۈتۈن خەتنى ئوقۇسۇن، پۈتۈسۇن قولى.

دېمەك، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ
بىلىم، ئەقىل - ئەخلاق، پەزىلەت قاتارلىق مەسىلىلەر-
دىكى پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى — «قۇتادغۇ بىلىك»
نىڭ 85 بابقا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە سىڭدۈرۈشتىن
تاشقىرى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1374 - بېيىتتە ئەڭ پاسا-
ھەتلىك ۋە لوگىكىلىق سۆزلەر بىلەن خۇلاسىلەپ، تۆ-
ۋەندىكىچە بايان قىلغان: (1) ئىلىمنى بىر يۈك، ئاڭنى
ئۇلۇغ بىل؛ (2) ئىنساننى ھايۋاندىن ئايرىم قىلغان
نەرسە ئىلىم؛ (3) قاراڭغۇ كېچىدە مەشئەلدەك بىزگە
نۇر چاچىدىغان ئىلىم؛ (4) پەزىلەتنىڭ بېشى ئىلىم؛
(5) پلاتون، فارابى قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان
ئىلىم؛ (6) پەزىلەتنى تۇغدۇرىدىغان ئىلىم؛ (7) ھايات-
تا ئەڭ ھەقىقىي مۇرشىد ئىلىمدۇر؛ (8) «تام ئادەم»،
«ھەقىقىي ئادەم»، ھەقىقەتنى سۆزلىگەن، ھەقىقەتنى
چۈشەنگەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتە ئىشلەتكەن ئالىم
ھەقىقىي ئادەم؛ (9) قەدىرلىك ئىنسان بار، بىرى ئالىم،
بىرى بەگ، ئۈچىنچىسى ھايۋاندۇر؛ (10) تۆت نەرسە-

نىڭ ئىزىنى ئاز كۆرمە، ئوت، دۈشمەن، كېسەللىك، ئىلىم؛ (11) ئىنسان ئەقىل بىلەن يۈكسىلىپ، بىلىم بىلەن چوڭىيىدۇ؛ (12) خۇشلۇقنى ئىزدىسەڭ، ئۇ قاي- غۇ بىلەن بىللە كېلىدۇ، راھەتنى ئىزدىسەڭ، ئۇ مۇ- شەققەت بىلەن بىللە كېلىدۇ؛ (13) ئەقىلنىڭ زىننىتى تىل، تىلنىڭ زىننىتى سۆز، ئىنساننىڭ زىننىتى يۈز، يۈزنىڭ زىننىتى كۆز، ھەممىنىڭ زىننىتى بىلىمدۇر؛ (14) ئالىمنىڭ سۆزى — بىلىمسىز ئۈچۈن كۆزدۇر؛ (15) خۇشال بولمايدىغان ئىنسانلار شۇلاردۇركى، يال- غانچىلار، ھەسەتخورلار، ئاچكۆزلەر، ئالدىراڭغۇلار، ھەر قانداق ئىشتا ئاچچىقلىنىدىغانلار، ئىچىملىككە مۇپتىلا بول- غانلار، نائەھلى ئوغرىلار؛ (16) ئالىمنىڭ سۆزى توپا ئۈچۈن سۇدۇر؛ (17) سۆزنى ئەقىل بىلەن سۆزلە ۋە بىلىم بىلەن زىننەتلە؛ (18) بىلىمسىزنىڭ ئىبادەت قىلغىنىدىن ئالىمنىڭ ئۇخلىغانلىقىنىڭ ساۋابى تېخىمۇ زور؛ (19) دۇنيانىڭ ئۈستى نېمەت بولسا، ئاستى مېھ- نەتتۇر؛ (20) ئۆمرۈڭنىڭ ھەممىسى ئۈچ كۈندۇر: تۆ- نۈگۈن، بۈگۈن، تاڭلا؛ (21) يالغۇزلا ئىبادەتكە تايا- نماسلىق كېرەك. پايدىسىز ئادەم — تىرىكلەر ئارىسىدى- كى ئۆلۈكتۇر؛ (22) ئۈچ نەرسىگە: يانار ئوتقا، ئاقار سۇغا، بەگلەرنىڭ شانۇ شەۋكىتىگە يېقىن بولما؛ (23) ئۈچ نەرسىدىن يىراق بول: بەگدىن، يالغانچىدىن، بې- خىلدىن يىراق بول؛ (25) ئىككى كىشىدىن يىراق تۇر: تۆھمەتچى، چېقىمچى ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك كىشىدىن يىراق تۇر؛ (25) ئۈچ تۈرلۈك ئىنسان قەدىرلىك: ئا-

لىم، كۆزى ئۆتكۈر كىشى، ئىقتىدارلىق كىشى؛ (26) كىشى سائادەتنى ئۆزىدە ساقلاپ تىلىش ئۈچۈن، ئون نەرسە كېرەك: ئاۋازۇ كۆڭۈللۈك، تاتلىقنى تىللىق بولماق، ئوشۇقچىلىقتىن ساقلانماق، يامان ئىشلاردىن ساقلانماق، توپلانغان پۇلنى ئۆز ئورنىغا خەجلىمەك، ھاياتتا ئۆز ئىش - ھەرىكەتلىرىنى تۈزەتمەك، چوڭغا ھۆرمەت - كىچىككە شەپقەت قىلماق، تەكەببۇرلۇق بىلەن باشقىلارنى رەنجىتمەسلىك، ئىچىملىككە بېرىلمەسلىك، قولى ۋە تىلى بىلەن يامان ئويۇنغا ئارىلاشماسلىق، ھەرىكەتلىرىدە توغرىلىق بولۇش؛ (27) ياخشى ئات قالدۇرماق بولساڭ خەلققە تايان، خەلقنى خۇرسەن قىلىپ ياشات؛ (28) ئەگەر بىر ئالىم پەگاھدا ئولتۇرسا، ئۇ ھالدا بۇ پەگاھ ئۇنىڭغا تۆر بولىدۇ...①.

4

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەيلاسوپ شائىرلا ئەمەس، بەلكى رېئالىست مۇتەپەككۇردۇر. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بىر مۇنچە مەسىلىلەردە، ماتېرىيالىزمچە كۆز قاراش تېپىك ھالدا گەۋدىلەنگەن. چۈنكى، ئۇ ئۆزى ياشىغان شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە قاتنىشىپ ھەر خىل ئېقىملارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىپ چىقالىغانلىقتىن، دىنىي كۆز قاراش بى-

② «قۇتادغۇ بىلىك ئىندېكسى» 80-، 81-، 481-، 490-، 470-، 471- بەتلەرگە قاراڭ.

لەن چەكلىنىپ قالمىغان. تارىختا ئۆتكەن بەزى دىنىي
كۆزقاراشتىكى ئالىملارنىڭ دۇنيا قارىشىدىمۇ ماتېرىيا-
لىستىك ئىدىيىۋى تەركىب بولغان. مەسىلەن، ئاتاقلىق
فرانسۇز پەيلاسوپى رېنې دېكارت (1596—1650)نىڭ
پەلسەپىسىدە نۇرغۇنلىغان ئىدېئالىزم تەركىبلىرى
بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەلىماتىدا ماتېرىيالىزم تەركىبىمۇ
بار ئىدى.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋرنىڭ
ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئۆزى بى-
ۋاستە قاتناشقان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتلەر ۋە ئۆزى
كۆزەتكەن تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيە-
سىنىڭ ئاساسلىرى بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ئەسىردىكى شۇ تا-
رىخىي دەۋرنىڭ ئالىملىرىدىن بولۇپ، تەبىئەت دۇنيا-
سىنىڭ مەڭگۈ ھەرىكەت داۋامىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىل-
سىمۇ، بۇنداق ھەرىكەت ئەبەدىي - ئەبەد بىرلا دائى-
رىدە ئايلىنىۋېرىدۇ، ئۇ ھامان بىر خىل نەتىجە ھا-
سىل قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. مۇشۇنداق ئويلاش مۇقەر-
رەر ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا قوياش سىستېمىسىنىڭ
پەيدا بولۇشتىكى تەلىمات تېخى رەسمىي ئىلمىي سىس-
تېمىغا ئايلانمىغان، يەر شارىنىڭ كېئولوگىيىلىك تارى-
خى تېخى كىشىلەرگە نامەلۇم ئىدى ۋە ھازىرقى مەۋ-
جۇداتلارنىڭ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆزگىرىشتەك
تەرەققىيات جەريانى توغرىسىدىكى قاراش تېخى ئىلمىي
رەۋىشتە ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئىدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، XVII ئەسىردىن ئىلگىرى ھەر
قايسى كونكرېت پەنلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋ-
ۋەن بولغاچقا، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر خىل
جەريانلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى تېخى ئېچىپ بېرەل-
مەيتتى. شۇڭا، ئۇ چاغلاردىكى پەلسەپە بارلىق كون-
كرېت پەنلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇچى «پەنلەر پېنى» سۈ-
پىتىدە دۇنيانىڭ ئومۇمىي قىياپىتى بىلەن بىر پۈتۈن-
لۈكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەسەۋۋۇر ۋە خىيا-
لىي شەكىللەر ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرەتتى. ئۇلار
بەزى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بولسىمۇ، لې-
كىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۆز قاراش-
لىرى تېخى ئىلمىي سىستېمىغا چۈشمىگەن ئىدى.
شۇنداقتىمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنىيەتلەرنى
ساددا دېئالېكتىك تەپەككۇر شەكلىدە تەتقىق قىلغان-
لىقىنىڭ ئۆزى بىر پەندۇر. ئەمما، بۇ ياشقا كونكرېت
پەنلەرنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن، قە-
دىمكى يۇنانلىق ئارستوتېلدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپقى-
چە ۋە يېقىن زامانىدىكى گېگېلغىچە بولغان نۇرغۇن
پەيلاسوپلارنىڭ فورمال لوگىكا بىلەن دىئالېكتىكا دائى-
رىسىگە كىرىدىغان بەزى قىممەتكە ئىگە تەتقىقات مېۋى-
لىرى كونا پەلسەپىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىر
ئۇلۇغ مىراسىدۇر. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۆت-
كەنكى ھەممە پەلسەپىدە ئاۋۋالقىدەكلا ساقلىنىپ قال-
دىغىنى پەقەت تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرى-
سىدىكى تەلىمات — فورمال لوگىكا ۋە دىئالېكتىكا بو-

لىدۇ. قالغان ھەممىسى تەبىئەت ۋە تارىخ توغرىسىدىكى دەلىللىكەن پەنلەرگە كىرىدۇ»①.

ماركس ئۇتتۇرا ئەسىردىكى نومىنالىزمنى ئۇتتۇرا ئەسىرلەردىكى «ماتېرىيالىزمنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى» دېگەن ئىدى.

«ماتېرىيالىستىك ئىدىيە بىر نەچچە مىڭ يىللىق كەسكىن كۈرەشلەر جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان»②.

بىز تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلارمىز، ھەر قانداق مەسىلىگە شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ زامان، ماكان شارائىتىدىكى ئەينەن پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، توغرا باھا بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «جۇڭگونىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتىمۇ قەدىمكى زامانىنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئۆسۈپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ تارىخىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. تارىخنى ئۈزۈپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئەمما، بۇنداق ھۆرمەت قىلىش قەدىمكىنى ھۆرمەتلەش ۋە ھازىرقىنى ئەيىبلەش ئەمەس، ھەر قانداق فېئوداللىق زەھەرلەرنى ماختاش ئەمەس، بەلكى تارىخقا مۇئەييەن ئىلمىي ئورۇن بېرىش، تارىخنىڭ دىئالېكتىكىلىق تەرەققىياتىنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت»③.

ھازىر بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگودا ئۆتتى زاما-

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، «دېڭىز ناشرى» 42-43 - بەتلەر.

② «ماتېرىيالىزم دېگەن نېمە؟» 1955 يىل نەشرى، 19 - 23- بەتلەر.

③ «ماركس— ئېنگېلس، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم قىسمى» 148 - بەت.

ىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئىلىم - پەن-
نىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يۈرۈش قىلىۋاتىمىز. زامانىۋى
ئىلىم دېگىنىمىزدە تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەننى،
شۇنداقلا پەلسەپىنىمۇ كۆزدە تۇتىمىز. شۇڭا، ئىجتىمائىي
پەن جەھەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشىنى زور كۈچ
بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. تەبىئىيكى، ئۇلۇغ ۋە-
تىنىمىزنىڭ قەدىمىي مىللەتلىرىدىن بولغان ئۇيغۇرلار-
نىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىغا ئائىت مە-
سىلىلەرنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش بۈگۈندىن مۇستەس-
نا ئەمەس.

سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بۇ قىسقا
مۇلاھىزىمىزدىكى «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، شائى-
رى، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069 - يىلى
قەشقەردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىپ تاما-
ملىغان. بۇ ئەسەر 85 باب، 13290 مىسرا شېئىر، جۈم-
لىدىن ئۈچ قەسىدە شېئىردىن تەركىب تاپقان. ئەسەرنىڭ
مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1018 - يىلى بالاسا-
غۇندا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادى-
يەت پائالىيىتى قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ، ئۇلۇغ
ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان قەشقەردە
ھىجرىيىنىڭ 478 - يىلى (مىلادىنىڭ 1085 - يىلى)
ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر قەشقەردە.

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك شېئىرىي دىرامىسى

## لاك يىمك

مىلادى 1069 — 1070 يىللىرى مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، ئالىمى، پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەشقەردە ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نى ياراتتى. بۇ كىلاسسىك شېئىرىي ئەسەر 85 باب، 13 مىڭدىن كۆپرەك مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا، قويۇق لىرىكا ۋە پەلسەپىۋىلىككە ئىگە. ئۇ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ قامۇسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات، تىل، پەلسەپە، دىن، تارىخ، ئىقتىساد قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ ئەسەرنىڭ كۆچۈرمىلىرى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بايقىلىپ، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن دۇنيادىكى ئىلىم - ساھەسىدىكىلەرنىڭ ناھايىتى زور دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ئەسەرنىڭ ھەر خىل يېزىقلاردىكى تەرجىمىلىرى ھەمدە ھەر قايسى ئەل-

لەردىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقات ماقالىلىرى ئارقا - ئارقىدىن دۇنياغا كەلدى. «قۇتادغۇ بىلىك» — ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى بولۇپلا قالماستىن، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى چوڭ تەسىرگە ئىگە مەشھۇر كىلاسسىك ئەسەردۇر.

1

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ۋەقەلىكى ئاددىي بولۇپ، ئاساسلىق پېرسوناژلىرى تۆتلا: خاقان كۈنتۇغدى، ۋەزىر ئايتولدى، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش، ئۆگدۈلمىشنىڭ نەسەبدىشى زاھىت ئودغۇرمىش. خاقان كۈنتۇغدى دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرىدۇ، ئۇ شەخسىيەتسىز ۋە ئادىل. ئۇ، ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقى تۈپەيلى بىر ياردەمچىگە موھتاج بولىدۇ. مۇلايىم ۋە ئاق كۆڭۈل، بىلىملىك ئايتولدى ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇ، خاقاننىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىدۇ. ئايتولدى خاقاننىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن دۆلەتنى تۈزۈشكە ناتىپلىق قىلىدۇ ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىدۇ. ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى خاقانغا تاپشۇرىدۇ. ئۆگدۈلمىش خاقاننىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋەزىر بولىدۇ. ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە ئاجايىپ ئىقتىدارلىق. ئۇنىڭ «خاقان توغرىسىدا»، «ۋەزىرلەر توغرىسىدا»، «ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا»، «مال-

يەنە ئىقتىساد تۈزۈلمىسىدا»، «دىپلوماتىك ئەلچىلەر توغرىسىدا» دېگەنگە ئوخشاش بابلاردا كۆزقاراشلار تولىمۇ مۇپەسسەل ۋە دەلىل جايىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇندىن باشقا، خاقان زاھىت ئۇدغۇرمىشنىڭ ئاجايىپ تالانتلىق ۋە بىلىملىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆگدۈلمىشتىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇدغۇرمىشنى تاغدىن چىقىپ ئوردىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ، ئەمما ئوردغۇرمىش رەت قىلىدۇ. ئۆگدۈلمىش «پەيغەمبەرانە كۈلبىگە ئۈچ قېتىم بارغان»دىن كېيىنلا ئودغۇرمىش تاغدىن مەجبۇرەن دېگۈدەك چىقىپ خاقان بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇ خاقانغا «ئوردا – قەسرىنىڭ بىر ئۆتەڭ»، «بۇ دۇنيانىڭ بىر زىندان، ھەقىقىي راھەت – پاراغەتنىڭ جەننەتتە ئىكەنلىكى» توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ – دە، سۆزىنى تۈگىتىپلا ئورمانلىققا قايتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي پانىي ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ.

چەتئەل ئالىملىرى «قۇتادغۇ بىلىك»كە خىلمۇخىل باھا بەرگەن. بۇ ئەسەر قويۇق ئىسلام دىنى تۈسىنى ئالغانلىقتىن، بەزىلەر ئۇنى دىنىي نەسىھەتنامە دەپ قارايدۇ، بەزىلەر ئۇنى «ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە بىر يۈرۈش ئەدەب – ئەخلاق مىزانلىرى بىلەن ئەينى زاماندىكى فېئوداللىق تۈزۈمگە خىزمەت قىلغان»①

① لى تەيىۋ: «بۇددا دىنىنىڭ گۈللىنىشى، خاراب بولۇشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىكى تارىخىي سەۋەبلەر». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1983 – يىللىق 1 – سان، 105 بەت.

ئەدەبىي ئەسەر دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا توغرا ئەمەس. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە توغرا قاراش كېرەك. ئەمما، پۈتكۈل ئەسەردىن قارىغاندا، ئاپتور شەرھلەگەن مەركىزىي نەرسە دۆلەتنى تۈزەش، دۆلەت ۋە ئەلنى تىنچ - ئامان قىلىش ھەققىدىكى بۈيۈك مۇلاھىزىلەردۇر. بۇ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەشھۇر ئەسەردۇر.

شائىر ئەسەردە ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دۆلەتنى تۈزەشنىڭ ئاساسى — قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش. ھالبۇكى، قانۇن ھەققانىي بولغاندىلا قانۇننى يۈرگۈزگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ: «خاقان خەلققە قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلسا، ھەممە ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. شائىر خاقاننىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن تەشەببۇسىنى تەرغىپ قىلىدۇ.

817 كېرەك ئوغلۇم ئۇلسۇن؛ يىقىن تۇغقىنىم،
يېرلۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قول دەپ ھېچ كىشىن.

خەلق دۇنيانىڭ قۇرغۇچىسى، خەلق تارىخىنى
ئالغا سىلجىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. خەلق
قوللىۋاقنى ياسىيالايدۇ ھەم قوللىۋاقنى چۆكتۈرۈۋېتەلەيدۇ.
بۇ، بىھېساب تارىخىي پاكىتلار بىلەن قايتا-قايتا ئىسپاتلانغان
ھەقىقەت. شائىر ئەسىرىدە بۇ ھەقىقەتنى تەرغىپ قى-
لىدۇ ۋە «خاقان قوپال، زوراۋان بولسا بولمايدۇ. ئادەم-
لەرنىڭ كۆڭلى — خاقانىڭ دەسمايىسىدۇر. زوراۋانلىق
ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇنداقتا خاقان
مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. دۆلەت ياخشى باشقۇرۇلسا،
خەلق روناق تاپىدۇ، خەلقنى روناق تاپقۇزۇش — ھۆ-
كۈمراننىڭ مەقسىتىدۇر» دەپ يازىدۇ.

شائىر يەنە ئەسىرىدە كەڭرى سەھىپە ئاجرىتىپ،
بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى قايتا-قايتا بايان قىلىدۇ. بۇ-
لۇپمۇ بىلىمنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى
تەكىتلەيدۇ. ئۇ، بىر ئاقىل خاقان جەزمەن بىلىمنى ھۆر-
مەتلىشى، بىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلىشى، ئەقىل-ئىد-
راكلىق بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ، شېئىرى-
دا «ئەقىل-ئىدراكلىق ھۆكۈمدار بىلىمنى مۇھىم بى-
لىدۇ. بىلىملىك كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلايدۇ. دۆلەت
ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشتا تەمكىن بولۇش زۆرۈر،
بۇنىڭدا بىلىم ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ» دەپ
يازىدۇ.

بىلىمنىڭ مەنبەسى — ئەمەلىيەت. بىلىم ئىنسان-
لارنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق جۇغلانغان. بىلىمگە ھۆر-
مەت قىلغان، تالانت ئىگىلىرىگە ئېتىبار قىلغاندىلا دۆ-

لەت گۈللەپ ياشنايدۇ. شائىرنىڭ مۇنداق تەشەببۇسى XI ئەسىردىلا ئىلغار بولۇپ قالماي، بۈگۈنكى كۈندىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش؛ خەلق — دۆلەتنىڭ دەسمايىسى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ھۆكۈمدارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى مەقسىتى بولۇشى كېرەك؛ بىلىمگە ھۆرمەت، تالانت ئىگىلىرىگە ئېتىبار قىلغاندىلا دۆلەت گۈللەپ ياشنايدۇ، دېگەندەك تەشەببۇسلار تارىختىن بۇيانقى ئاقارتقۇچى مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەشەببۇسلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش.

«سىياسىي ئېنىق ۋە جايىدا بولۇش، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئۆز لايىقىدا بولۇش، دۆلەت گۈللەنگەن، خەلق بەخت - سائادەتلىك بولۇش» — شائىر «قۇتادغۇ بىلىك»تە سۈرەتلىگەن غايىۋى پادىشاھلىقنىڭ سەلتەنەتلىك كۆرۈنۈشىدۇر. بۇ خىل مەنزىرە XI ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇددى مورنىڭ «ئۇتوپىيە»سى XVI ئەسىردىكى ئەنگلىيىدە ئىشقا ئاشمىغاندەكلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان نەرسە ئىدى. ئەمما، شائىر بۇ مەنزىرىنى سىزىشتا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھۆرىيەت، باراۋەرلىك، بەخت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى ۋە تەلپۈنۈشلىرىنى سىڭدۈرگەن، شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئەسەرنى ھۆكۈمدارغا قىلىنغان نەسىھەتنامە دېگەندىن كۆرە، شائىرنىڭ دۆلەتنى تۈزەش توغرىسىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ بايانامىسى دېگەن تۈزۈك.

ئىلغار ئاقارتىش ئىدىيىسى ھامان جەمئىيەت داۋالغۇپ تۇرغان، چوڭ ئۆزگىرىش باشلانغان دەۋردە پەيدا بولىدۇ. مىلادى IX ئەسىردىن بۇرۇن ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مۇددەت يايلاق تىرغىلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان. مىلادى IX ئەسىردە قاراخانىلار خاندانلىقى قۇرۇلدى. تارقاق قەبىلە، قۇرغان-قەلئەلەردىن بىرلىككە كەلگەن خاندانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن دېھقانچىلىققا، مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا كۆچۈشتەك زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنداقلا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشكە سەۋەب بولدى. جاپا-مۇشەققەتنى تويغۇچە تارتقان خەلق قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ياندى. ئۇلار بىرەر تەرەققىپەرۋەر خاقاننىڭ پەيدا بولۇشىنى، بىر غايىۋى دۆلەت قۇرۇشنى، تىنچ-ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلدى. جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشى ۋە ئۆزگىرىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ غايە ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرى شائىرنىڭ ئىلغار ئاقارتىش ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان بۇشۈككە ئايلاندى.

«قۇتادغۇ بىلىك» XI ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى ۋە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىنىڭ غايە ھەمدە ئارزۇ-ئىستەكلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. «قۇتادغۇ بىلىك» دىنىي نەسىھەتنامە ئەمەس، ئۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە شېئىرىي دراما،

قەدىمىي شەرقنىڭ مەشھۇر ئاقارتىش خاتىرىسىدۇر.

2

ئادەتتە ھەجمى زور، پەلسەپىۋىلىكى، سىياسىيلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئەسەر ئوقۇغان ئادەمنى بىر ئاز زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما، «قۇتادغۇ بىلىك»نى قولغا ئالغان كىشىنىڭ ئۇنى قويغۇسى كەلمەيدۇ - دە، بىراقلا ئوقۇپ تۈگەتكىدۇ. بەزى ئېسىل كۇپلېتلار، بۆلەكلەر ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى سىر بۇ ئەسەرنىڭ دراماتىك قۇرۇلمىسى، سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ماھارىتى ھەمدە بەدىئىي كۈچكە ئىگە تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ئىتالىيىلىك بىر ئالىم «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە: «بۇ ئەسەر قۇرۇلما جەھەتتە تامامەن ئۆزگىچە»① دېگەن ئىدى. ئىلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن ئالىملارمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىگە دىققەت قىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى زادى قەيەردە؟ ئەسەرنى قايتا - قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ناھايىتى روشەن بولغان دراماتىك قۇرۇلما — «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئادەتتىكى ئېپىك داستانلاردىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر.

① ئا. بومباچى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە تەھلىل» 1951 - يىل ئىستانبۇل نەشرى.

پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ، مونولوگلىرى ھەم دە ئاپتورنىڭ بايانلىرى — «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاساسىي ئۈچ تەركىبىي قىسمى. ھالبۇكى، بۇ ئۈچ نەرسە دراما ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدۇر. مەن كىتابخانلارنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دراماتىك ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئەسەردىكى بىر بۆلەكنى مىسالغا كەلتۈرىمەن:

5953 بۇ كۆڭۈللەر بىرىدە، ئۆگدۈلمىش كېچە،
بېشىن قويدى ئۇخلاي دېبان، ئاڭغىچە —

5954 ئىشىكتە ۋارقىراپ بىرى ئۈندىدى،
كىشى بۇيرۇپ، ئىتتىك «چىقىپ كۆر» دېدى.

خىزمەتچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى:

5955 خىزمەتچى كىرىپ ئېيتتى: بىر ئەر تۇرار،
سۆزۈم بار، كىرەي دەپ رۇخسەت سورار.

ئۆگدۈلمىشنىڭ خىزمەتچىگە سوئالى:

5956 يەنە ئېيتتى: چىققىن ۋە ئېيتقىن: سۆزى-
نېمىكەن، نە دەركەن، كىمكەن ئۆزى؟

ئۆگدۈلمىشنىڭ خەۋەرچىگە سوئالى:

5960 قوپۇپ تۇردى بەك تېز، ئۇ ئاڭا بەردى يول،
ئۇ ئەر كىردى. دەرھال سالام قىلدى ئول.

5961 قەيەردىن كېلۇرسەن دېبان سورىدى.
نېمىدۇر تىلەكىڭ، ئەي ھېكىم، دېدى.

خەۋەرچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى:

5962 دېدى ئۇ: ئودغۇرمىش ئەۋەتتى مېنى،
ماڭا كەلسۇن ئۇ، بىر كۆرەي دەر سېنى.

5963 ئېغىرلاشتى ھالى، ياتۇر ئىنجىقىن،
بېرىپ كەل قېشىغا، ئى كۆڭلى يېقىن.

ئۆگدۈلمىشنىڭ خەۋەرچىگە جاۋابى:

5964 جاۋاب بېرىپ ئۆگدۈلمىش ئېيتتى: كېلە،
نېمە بولسا يېگىن، بارايلى بىللە.

خەۋەرچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى:

5965 ئۇنىماي دېدىكىم، قاياش ھالى بەك ـ
ياماندۇر، ئەي ئالىم، يولغا چىقاردەك.

5966 مەن ئاۋۋال بارايىن سېنىڭدىن ئۇزا،
ئاقامدىن بارارسەن، ئى كۆڭلى تازا.

مۇشۇ پارچىدىن كۆرۈۋالايمىزكى، بۇنىڭدا ۋاقىت (مەلۇم كېچە)، ئورۇن (ئۆگدۈلمىشنىڭ ئولتۇراق جايى)، پېرسوناژ (ئۆگدۈلمىش، ئۆگدۈلمىشنىڭ خىزمەتچىسى، ئودغۇرمىش ئەۋەتكەن خەۋەرچى)، ۋەقە، دىئالوگ، ھەرىكەت بار بولۇپ، خۇددى سەھنە ئەسىرىگە ئوخشايدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەينى ۋاقىتتا سەھنىدە ئوينالغانمۇ-يوق، بۇ توغرىدا يازما ئاساس بولمىغاچقا، بىزگە ئېنىق

ئەمەس. ئەمما، تۈركىيدە سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ئوينىلىپ مەلۇم ئۇتۇق قازانغان. بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ درامىتىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ناھايىتى روشەن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، مېنىڭچە، 11 - بابتىن كېيىنكى قىسىم بىر پۈتۈن گەۋدە. شائىر 11 - بابتا ئەسەرنى ۋە ئەسەردىكى پېرسوناژلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ ھەمدە بۇ داستاننى يېزىشتىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلىدۇ. بۇنى درامىنىڭ «مۇقەددىمە»سى ياكى «كىرىش» قىسمى دېيىشكە بولىدۇ. 12 - بابنىڭ ئاستىغا «سۆز بېشى كۈنتۇغدى ئېلىگ ھەققىدە» دەپ يېزىلغان. كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ كۆندىلىك خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش بولغاچقا، بىر يارىدەمچىگە موھتاج بولىدۇ. ئايتولدى ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ ھەم ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىدۇ. ئايتولدى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئاتىسىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ قاۋۇل يارىدەمچىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ قىسمنى ۋەقەنىڭ تۈگۈنى دېيىشكە بولىدۇ. كۈنتۇغدى ئودغۇرمىشنىڭ ئاجايىپ بىلىملىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆگدۈلمىشنى ئۈچ قېتىم ئودغۇرمىشنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. تەكلىپ قىلىش بىلەن ماقۇل بولماسلىقنىڭ توقۇنۇشى ھەمدە كۈنتۇغدى ئېلىگ، ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى تىغمۇ تىغ ئېلىنىپ بېرىلغان بەس - مۇنازىرە درامىنىڭ توقۇنۇش-

نى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرىدۇ. بۇ قىسمىنى درامى-
نىڭ كولمىناتسىيىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئودغۇرمىشنىڭ
ئالەمدىن ئۆتۈشى ھەمدە ئاپتورنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى
ئىپادىلەشلىرىنى درامىنىڭ خاتىمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەگەر قەدىمكى شەرق تىياتىرچىلىقىدىكى مۇقەد-
دىمە، بۆسۈش، جىددىيلىشىش فورمۇلىسى بويىچە تەھ-
لىل قىلساق، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دراماتىك قۇرۇلمى-
سى مۇنداق بولىدۇ:

مۇقەددىمىدىن 11 - بابىچە ئەسەرنى، ئەسەردىكى
پېرسوناژلارنى ۋە ئاپتور ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش.

بۆسۈش — ئەسەرنىڭ تۈگۈنى (كۈنتۇغدى ئېلىگ-
نىڭ ياردەمچىگە موھتاج بولۇشى، ئايتولدىنىڭ ئۆزىنى
تونۇشتۇرۇشى ۋە ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىشى، ئايتولدى ئالەم-
دىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنىڭ
ۋەزىر بولۇشى).

جىددىيلىشىش — ئەسەرنىڭ كولمىناتسىيىسى
(كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئودغۇرمىشنى ئۈچ قېتىم ئوردىغا
تەكلىپ قىلىشى، ئودغۇرمىشنىڭ جاھىللىق بىلەن ئۇنى-
ماسلىقى؛ كۈنتۇغدى ئېلىگ ئۆگدۈلمىش بىلەن زاھىت
ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشى قاراشلار، تىغمۇ
تىغ ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرە).

خاتىمە — ئودغۇرمىشنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى، ئاپ-
تورنىڭ ھېسسىياتى.

گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق تۈركشۇناس فىن گابېن
«قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە توختالغىنىدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ

ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەزىلىرى ھەتتا دېكلاماتسىيە قىلىش ۋە سەھنىدە ئويناش ئۈچۈن يېزىلغان. بۇ تەھلىل «قۇتادغۇ بىلىك»كىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ» ① دېگەن ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قاپىيە ۋە ۋەزنى يارقىن، تۇراقلىرى روشەن، مۇزىكىچانلىقى كۈچلۈك. بۇ ئەسەرنىڭ بەزى بۆلەكلىرى ئوپېراغا ئوخشاش. ئېھتىمال ئەينى زاماندا سەھنىدە ئوينالغان، ناخشا قىلىپ ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

«قۇتادغۇ بىلىك» — ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە تۇنجى ئەسەر ئەمەس. ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپلا دراما يېزىش تالانتى، تىياتىر ئويناش ئەنئەنىسى بولغان. XI ئەسىردە سۇڭ سۇلالىسىدىن بولغان ۋاڭ يەندى ئىدىقۇت پادىشاھلىقىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە، ئىدىقۇت پادىشاھى ۋە ئوردا مۇلازىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تىياتىر كۆرگەن. ئۇ «ئىدىقۇتقا ئەلچى بولۇپ بېرىش خاتىرىلىرى»دە بۇ ئىشنى مۇنداق يازىدۇ: «توققۇزىنچى ئايدا ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ شاھزادىسى ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇچى ۋەزىرلەر بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇلار سوۋغىلارنى ھۆرمەت بىلەن تازىم بىجا كەلتۈرۈپ قوبۇل قىلدى. بىرەيلەن شاھزادىنىڭ يېنىدا چىڭنى ② ناھايىتى رىتىملىق چالاتتى. شاھزادە چىڭنىڭ ئاۋازىغا قاراپ تازىم قىلاتتى... شۇ-

① فىن گابېن: «مايتىر سىممىت».

② چىلڭ — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى سازى. ياغاچ ياكى تاشتىن ياسىلىدۇ، چوكا بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ —ن.

نىڭدىن كېيىن مۇزىكا ساداسى ئىچىدە زىياپەت باشلان-
دى، ئۇسۇل، تىياتىر - ئويۇن تاكى قاراڭغۇ چۈشكەنگە
قەدەر داۋاملاشتى». بۇلار X ئەسىردە تىياتىر ئوي-
ناشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىلىرىدا ۋە خەلق ئاممىسى
ئارىسىدا خېلىلا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىدۇ. 1959 - يىلى قۇمۇلدىن تېپىلغان 27
پەردىلىك سەھنە ئەسىرى «مايتىرى سىمىت»نىڭ سانسك-
رت يېزىقىدىكى كۆچۈرۈلمىسى، ۋاڭ يەندېنىڭ «ئىدىق-
قۇتقا ئەلچى بولۇپ بېرىش خاتىرىلىرى»دە تىياتىر توغ-
رىسىدا يازغان سۆزلىرىنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلاپلا قال-
ماي، كىشىلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە تى-
ياتىر ئەنئەنىسى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا
ئىگە قىلدى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، «ماي-
تىر سىمىت»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى
مىلادى VII - X ئەسىرلەردە كۆچۈرۈلگەن. بۇ درا-
مىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەشەمەتلىك، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ،
تىلى نەپىس ۋە جانلىق، پېرسوناژلىرىمۇ ئىنتايىن جان-
لىق يارىتىلغان بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي ۋە
بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دراماتىك
قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىياتىر
ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ناھايىتى مۇستەھكەم ئۇيغۇر
شېئىرىيىتى ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئەرەب - پارس پەلسە-
پىۋى شېئىرلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، شېئىر
بىلەن تىياتىر شەكلىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ،

شەرق، غەرب مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ئالامىدە بولغان پەلسەپەۋى شېئىرىي دراما شەكلىنى ياراتقان. بۇنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئەھمىيىتى ئەدەبىي ژانىرلارنى يېتىملاش كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئېپىك شېئىرلىرىنىڭ تىياتىرلىشىش خاھىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە ناھايىتى چوڭقۇر، مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېپىك شېئىرلىرىدا. مەيلى يازغۇچىلارنىڭ ئىجاد قىلغانلىرى ياكى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەنلىرىدە بولسۇن، كۈچلۈك دراماتىك خۇسۇسىيەت بار، ئۇلارنى ئاز - تولا پىششىقلاپلا سەھنىگە ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «غېرىب - سەنەم»، «رابىيە - سەئىدىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شېرىن»، «تاھىر - زۆھرە» قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن، قېرى - ياشلارنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان ئېپىك داستانلار. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ سەھنىدىكى ئېسىل سەھنە ئەسەرلىرىدۇر.

ئەگەر دراماتىك قۇرۇلمىنى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىك دېسەك، ئۇنداقتا سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىشىنى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر ئالاھىدىلىكى دېيىش كېرەك. شېئىرىي درامىدىكى باشتىن ئاخىرى چۈشۈپ قالمايدىغان پېرسوناژ كۈنتۇغدى ئېلىگ — ئادا-

لەت سىمۋولىدۇر.

3461 قانۇنلۇق ئادىل بەگ چىندىن بەخت ئېرۇر،
ئۇ بەختتىن ھەممىگە نەسىبە تېگۈر.

827 ئىككىنچى، تۇغار كۈن، يورۇر بۇ جاھان،
ئۇمۇمغا چاچار نۇر، كېمەيمەس ھامان.

831 تۇغار كۈن ئېرىغ يا ئېرىغسىز دېمەس،
ئۇمۇمغا يورۇقلۇق بېرەر كېمەيمەس.

شۇڭلاشقا، خاقان ئۆزىگە كۈنتۇغدى دەپ ئات قويىدۇ. ئايتولدى بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى. بەخت - سائادەت ئادەملەر ئۈچۈن خۇددى ئايغا ئوخشاش تۇراقسىز، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان نەرسە.

740 بەخت كەلسە ئەرگە ئېتى يېيىلۇر،
يېڭى ئايدەك ئېشىپ يورۇغى تولۇر.

بەختتىن مەھرۇم بولغاندا، ئەر خۇددى ئاي 15 كۈنلۈكتىن ئاشقاندا بارا - بارا يوقىغاندەك يوقىلۇر. ئۇ، خاقانىنىڭ ئېتىبارىغا ئىگە بولۇپ ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىدۇ. بەختكە ئېرىشكەچكە تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۆزىگە ئايتولدى دەپ ئات قويىدۇ. ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى. ئۇ، ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، دۆلەت ۋە ئەلنى تىنچ - ئامان قىلىدۇ. ئۇ، خاقانىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋەزىرى، شۇڭا، ئۆزىگە ئۆگدۈلمىش دەپ ئات قويىدۇ. زاھىت ئودغۇرمىش قانائەتنىڭ سىمۋولى. ئۇ، بۇ پانىي

دۇنيانى تونۇپ يەتكەن، بۇ پانىي ئالەمدىكى ھوقۇق، مال ـ مۈلۈكلەرگە قىزىقمايدۇ، تاغدىكى تەركىي دۇنيالىق تۇرمۇشىدىن رازى. ئۇ، باقىي ئالەم ئۈچۈن تائەت ـ ئىبادەت قىلىشنىلا بىلىدۇ. ئۇ، بۇ پانىي ئالەمنى تونۇغانلىقتىن ئويغانغان ۋە ئۆزىگە ئودغۇرمىش دەپ ئات قويغان. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شېئىرىي درامىدىكى ھەر بىر پېرسوناژنىڭ ئىپتى بىر خىل ئابستراكت نەرسىنىڭ بەلگىسىدۇر. ھالبۇكى، مۇشۇ بەلگىلەرگە XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، ئەخلاق قارىشى، پەلسەپە قاراشلىرى سىڭگەن، مۇجەسسەملەنگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» — ئاقارتىش ئىدىيىسى بىلەن سۇغىرىلغان شېئىرىي دراما. شائىر ئەسەرگە بىرقەدەر كۆپرەك ئابستراكت پىكىرلەرنى سىڭدۈرگەن، ئابستراكت نەزەرىيىلەرنى كۆپرەك بايان قىلغان. پىلىخانوپ: «ئابستراكت كۆز قاراشلار بىز بىلىدىغان بارلىق ئاقارتىش دەۋرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر» ① دېگەن ئىدى. ھالبۇكى، سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى مۇنداق ئابستراكت كۆز قاراشلارنى ئىپادىلەشكە بىرقەدەر مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر. بىر فرانسىيە ئالىمى: «سىمۋولىزم بىر خىل بەدىئىي شەكىل، ئۇ، ھەم بىزنىڭ رېئاللىقنى تەسۋىرلەش ئىستىكىمىزنى قاندۇرىدۇ، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر

---

① «پىلىخانوپنىڭ ئىستېتىكا ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى 1983-يىل خەنزۇچە نەشرى، 237-بەت.

ۋاقىتتا رېئال چەكلەردىن ھالقىغان ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرىدۇ. ئۇ، بىزگە كونكرېت چۈشەنچىلەرنى بېرىدۇ، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئابستراكت چۈشەنچە-لەرنىمۇ بېرىدۇ» ① دېگەن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئىجاد قىلىشتا، سىمۋوللۇق ئىپادى-لەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شۇنداق مەقسەتكە يەتكەنكى، ھەم رېئاللىقنى تەسۋىرلىگەن، ھەم رېئاللىقتىن ھال-قىپ ئۆتكەن؛ ھەم كونكرېت نەرسىلەرنى تەسۋىرلى-گەن، ھەم ئابستراكت نەرسىلەرنى تەسۋىرلىگەن. شېئىرىي دراما «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى پېرسوناژلارغا ئابستراكت ئۇقۇملارنىڭ ئات قىلىپ قويۇلۇشى ھەمدە سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىشىنىڭ تەك-تىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ يىلتىزى ھىن-دى بۇددا دىنىي تىياتىرلىرى بىلەن تۇتاشتۇر. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىن ئۈچ پارچە سانسكرت تىلىدا يېزىلغان تىياتىرنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى. بۇ-لارنىڭ بىرى بۇددا دىنىنى تەرغىپ قىلىدىغان دراما ئىدى. دراmidىكى بىر خېشاڭدىن باشقا پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىگە «پاراسەت»، «شۆھرەت» دېگەندەك ئابست-راكت ئاتلار قويۇلغان ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن بىر دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ھىندى تىياتىرى «يېڭى كۆتۈرۈلگەن ھىلال ئاي» دىكى پېرسوناژلارغىمۇ «مۇ-

① پىلىخانوۋنىڭ «سىمۋولىزم توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى، «دۇنيا سەنئىتى ۋە ئەستېتىكى» خەنزۇچە 1 - توم، ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 13 - بەت.

ھەببەت»، «ئارزۇ»، «پاراسەت»، «تويغۇنۇش»، «تانا» دېگەندەك ئابستراكت ئاتلار قويۇلغان ئىدى①. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. بۇددا دىنى ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى. شۇڭا، جۇڭگو ـ ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى، بىر ـ بىرىنى ئەينەك قىلىشى تەبىئىي ئىش ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» پەلسەپىۋىلىكى، سىياسىۋىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك شېئىرىي دراما. ئۇنىڭدا ئابستراكت قاراش كۆپ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ۋەقە ئاز. ئەمما، شائىرنىڭ پىششىق بەدىئىي ماھارىتى، تىل ئىشلىتىشتىكى ماھىرلىقى ھەمدە ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇشتەك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كۆپ قوللىنىشى شېئىرىي درامىنىڭ بەدىئىيلىكىنى كۈچەيتكەن. مەسىلەن، ئاساسىي قەھرىمان ئۆگدۈلمىش ۋەزىرنىڭ ياشلىق چاغلىرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، قېرىلىق يەتكەنلىكىدىن ھەسرەتلەنگەنلىكى ئىپادىلەنگەن مىسرالاردا ئۇرغۇن ئوبرازلىق، جانلىق سىلىشتۇرۇش، روشەن، كۈچلۈك ئوخشىتىشلار قوللىنىلغان:

① جىن كىنۇ: «سانسكرىت تىلى ئەدەبىياتى»، خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 262 ـ 364 ـ بەتلەر. ئەنگىلىيىلىك مەتېينا يازغان، لۇلۇ چىن تەرجىمە قىلغان: «ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، سودا نەشرىياتى 1948 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 94 ـ بەت.

5639 چېچىم بولدى شوڭقار تۇسىدەك ئالا،
ساقالىم كۆزدىكى ئوتتەك بولدىلا.

5640 ئوتتوز ئىككى چىشىم — ئاپئاق ئۈنچىلەر،
ئۈزۈلدى يىپى، كۆر، چېچىلدى ئۇلەر.

5641 كۆرەتتى كۆزۈم كۈن چۈشكەن يەرنى ھەم،
قارايدى، كۆرەلمەس تۇرغان ئەرنى ھەم.

5642 قۇلاق سالسام ئاڭلار ئىدىم كۆپ يىراق،
ئىشارەت قىلۇرمەن بۇ كۈن قوللە، باق.

5643 قارا ئىردى قوزغۇن تۇسىدەك بېشىم،
قوغۇ قوندى باشقا، يېتىلدى يېشىم.

ئوخشىتىش ئوبرازلىق، سېلىشتۇرۇش ئېنىق بولۇپ، ئۇن مىسرا شېئىردىلا قېرىلىق يەتكەن بىر كىشىنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. شائىرنىڭ ماھارىتى ۋە مول تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئادەم ھەققەتەن قايىل بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە مەيلى ئابستراكت پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى بايان قىلىشتا ياكى تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەشتە بولسۇن، ئوخشىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان؛ ئوبرازلىق، جانلىق، لىرىكىلىق يېزىلغان، كۆپلىگەن مىسرا - كۇپلېتلار گۆھەردەك چاقناپ كىشىنى ھەيران قىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ھەددە قەدىمكى زاماندىكى تۈرك دانىشمەنلەر، خەنزۇ دانالار، ئەرەب - پارس ئاقىللىرىنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ئەقلىيە سۆزلەر خۇددى ئۈنچە - مەرۋايىتلاردەك ھەر بىر مىسراغا قوندۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار چاقناپ - ۋاللىداپ، ئەسەرگە تېخىمۇ كۆركەم پەلسەپىۋى تۈس - ھۆسن بەرگەن.

ئەسلىدە پەلسەپىۋى، ئابستراكت كۆزقاراشلار شېئىر بىلەن قارىمۇ قارشى ئىدى، خۇددى ئىتالىيەلىك پەيلاسوپ ۋىلكا ئېيتقاندەك: «پەلسەپە يۈرەكنى ھېسسىيات قەسرىدىن سۇغۇرىۋالىدۇ، شېئىر بولسا پۈتكۈل يۈرەكنى ھېسسىيات قەسرىگە كىرگۈزىۋېتىدۇ؛ پەلسەپە ئومۇملۇق ئۈستىدە جەۋلان قىلىدۇ، شېئىر بولسا جەزمەن ئايرىم ئىشلار ئارىسىغا سىڭىپ كېتىدۇ». ئەمما، تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئەدەبىي تالانتى بىلەن بۇ ئىككىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىياتنىڭ يېڭى زېمىنىنى ياراتقان.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتە ياراتقان نەتىجىسى شانلىقتۇر.

### 3

«قۇتادغۇ بىلىك» قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىـ

كى تۇنجى چوڭ ئەسەر، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق يىللىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمىي مىللەت، 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىلا ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتى ۋە يېزىق بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى بولغان. قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر، سەلتەنەتلىك قەھرىمانلىق داستانلىرى (ئېپوسلار)، تەسىرلىك خەلق چۆچەكلىرى، يارقىن شېئىرلار ھەمدە ئورخۇن دەۋرىدىكى ئابىدە ئەدەبىياتىنىڭ ھەممىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىي تالانتى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

مىلادى IX ئەسىردە، شىمالدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى پارچىلىنىپ، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن ۋە بۇرۇندىنلا شىنجاڭنىڭ كەڭ زېمىنىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار تۈركلەر بىلەن قوشۇلۇپ، قۇدرەتلىك يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار شىنجاڭدا بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىككى پادىشاھلىقنى تىكلىگەن: بىرى، تۇرپاننى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت پادىشاھلىقى؛ يەنە بىرى، قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار پادىشاھلىقى. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان زېمىن قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئەرەب - پارس

مەدەنىيىتى ھەمدە گرېك - رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلاشىدىغان ئورنى، جۇڭگو - غەرب مەدەنىيىتى ئالماشتۇرۇلىدىغان مۇھىم جاي ئىدى. ئۇزاق يىللىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۇيغۇرلار بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلەردىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆزىنى كۈچلەندۈردى. ئاددىي يايلاق مەدەنىيىتىنى بارا - بارا كۆپ خىل، مول ۋە رەڭدار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قىلىپ شەكىللەندۈردى. بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى شەكىللەندى. يازغۇچىلار، ئەسەرلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بېلىنسكى تىياتىر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى بايان قىلغىنىدا: «تىياتىر شېئىرىيىتى پىشقان مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەرنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرىدىلا بولىدۇ» ① دېگەن ئىدى. ئەمەلىيەتمۇ دەل شۇنداق. شېئىرىي دراما «قۇتادغۇ بىلىك» — مەدەنىيەتتە پىشىپ يېتىلگەن ئۇيغۇرلاردا، ئۇيغۇرلار تازا گۈللەنگەن، روناق تاپقان دەۋردە پەيدا بولغان ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى ئالتۇن دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ نامايەندىسى بولدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئالەمگە كۆز ئاچقاندىن كېيىن ناھايىتى زور غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ كىرىش-

① «بېلىنسكى تاللانما ئەسەرلىرى» ٣ - توم «شېئىرنىڭ تۈرلىرى». شاڭخەي تەرجىمە ئەسەرلەر نەشرىياتى ١٩٨٠ - يىل خەنزۇچە نەشرى ٩٩ - بەت.

سۆزىدە مۇنداق يېزىلغان ئىدى: «چىن ① — ماچىن ② ئالىملىرى ۋە دېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىرقارارغا كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغراخان تىلى ③ دا، تۈركىي سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق... (ئۇنى) چىنلىقلار «ئەدەبۇلمۈلۈك» (شاھلارنىڭ ئەدەب – قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى: ماچىن ئۆلكىسىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار «زىنىنەتۇلئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى: ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئات قويدى: بەزىلىرى «پەندنامەئى مۈلۈك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى: تۇرانلىقلار ④ «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدى». مانا بۇلار بۇ ئەسەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مەشرىقتىكى ھەرقايسى ئەللەركە تارالغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ دىققەت – ئېتىبارىغا، ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولغانلىقىنى چۈشەن-

---

① چىن — جۇڭگونى، چىنلىقلار — خەنزۇلارنى كۆرسىتىدۇ.

② ماچىن — بۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە كۆپ قاراش ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر، قاراخانىيلارنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. سوۋېت ئالىمى ۋ. بارتولد: چىن دېگىنى شىمالىي جۇڭگونى، ماچىن دېگىنى جەنۇبىي جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ (بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى لوجىپىڭ تەرجىمىسى، 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى 151 - بەت). شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇنىڭ قاراش مۇۋاپىقراق.

③ بۇغراخان تىلى — قاراخانىيلارنىڭ ئورتاق تىلى — ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

④ تۇرانلىقلار — ئىرانلىقلار تۈركلەرنى شۇنداق ئاتىغان.

دۇرۇپ بېرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەرغانە نۇسخى-
سى، ھىرات نۇسخىسى ھەمدە قاھىرە نۇسخىسىنىڭ ئار-
قا - ئارقىدىن تېپىلىشى — بۇ ئەسەرنىڭ ناھايىتى
كەڭ رايونلارغا تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۇيغۇر ھەم ئوتتۇرا ئاسى-
يادىكى تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا
كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر. قاراخانىلار دەۋ-
رىدىكى داڭلىق ئىككى پارچە كلاسسىك ئەسەر — XIII
ئەسىردە رابغۇزى يازغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ۋە
XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈكنەكى يازغان «ئەتەبەتۇل
ھەقايىق» مۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىلھامى ۋە بىۋاس-
ىتە تەسىرىدە يېزىلغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۇسلۇبى،
ھەتتا بەزى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، ئوخشىتىشلىرىمۇ
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭكىگە بەكلا ئوخشايدۇ. بۇلاردىن
باشقا، XVII ئەسىردە ئۆتكەن تۈرك شائىرى ئاشىق
پاشا ھەمدە گروزىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى شوتا رۇستا-
ۋېلى قاتارلىقلارنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىمۇ «قۇتادغۇ بى-
لىك»نىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى تەسىرى بار.

شېئىرىي دراما «قۇتادغۇ بىلىك» مەيلى مەزمۇ-
نىنىڭ موللۇقى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ يېڭى-
لىقى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئەدەبىيات تارىخىدى-
كى ئورنى ھەمدە كېيىنكىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى
جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر
كلاسسىك ئەسەر بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇ بۇگۈنگىچە قەدەر
ئىلىمىزدە تېپىلغان ھەرقايسى مىللەتلەر (خەنزۇلارمۇ

شۇنىڭ ئىچىدە)نىڭ ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئىچىدە ھەجمى ئەڭ زور، تارىخى ئەڭ ئۇزاق شېئىرىي درامىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» — ئۇيغۇرلارنىڭلا شان - شەرىپى ۋە ئىپتىخارى بولۇپ قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىر پارچە ئېسىل گۆھەردۇر.

## «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ساددا ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ئىدىيىسى توغرىسىدا

### ھامىت سابىر

بۈيۈك مەرىپەت جەكچىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دى-
نىي ئىلاھىيەتچىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئوت-
تۇرا ئەسىردە ياشىغانلىقىغا ۋە ئۆزىنىڭمۇ بىر خۇدا-
گۆي مۇسۇلمان بولۇشىغا قارىماي، «مەدرىس پەلسەپ-
سى» ① نىڭ توسالغۇلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، تەبىئەت،
جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش
جەھەتتە قىممەتلىك بولغان ساددا ماتېرىيالىزم ۋە ساد-
دا دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىلەرنى نامايان قىلدۇ. مۇئەل-
لىپ ئۆز ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ باش قىسمىدا
ئاللاغا ئازراق ھەمدۇ - سانا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبەرلى-
رىگە دۇرۇت ئوقۇغاندىن باشقا، دىنىي ئىلاھىيەتنىڭ ئە-

---

① مەدرىس پەلسەپىسى — خرىستىيان دىنىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەر-
لى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۇقۇملارنى ئىشقا سېلىپ، سۆز ئويۇن-
لىرى ھەجىلەپ چاكىنا قۇرۇق شەكىلۋازلىق ئارقىلىق، دۇنيانى تەڭرىگە
باغلاپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن، بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان بىر
خىل ئىدىيالىستىك ئۇقتىشنەزەر.

قىدىلىرى توغرىسىدا كۆپ سۆزلىمەستىن، بەلكى پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى، ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن يورۇتۇپ، جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بېغىشلايدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە ئوتتۇرىغا قويىمەن.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەممىدىن بۇرۇن بۇ ساددا ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراشقا ئىگە تەبىئىي پەن ماتېرىيالىزمچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئەسىردە ئىلغار ھېسابلانغان پانتېئىزملىق (تەبىئەت ئىلاھچىلىقى) تەبىئەت كۆز قارىشى ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنى ئىزاھلاشقا تىرىشىدۇ. ئۇ، دۇنيانىڭ مەنبەسى روھمۇ ياكى ماددىمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى دەۋر قىلىپ قانات يېيىۋاتقان نومىنالىزم بىلەن رېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە نومىنالىزمچىلار تەرىپىدە تۇرۇپ، دۇنيانىڭ مەنبەسى ئۆزلۈكسىز زىددىيەت (ياغىلىق) ۋە بىرلىك (ئۆزلۈك) ئىچىدە دائىمىي ھەرىكەتلىنىپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت زات (تۆت تادۇ) دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نومىنالىزمچىلارنىڭ مەۋجۇدىيەت بىرلەمچى، تە-

پەككۇر ئىككىلەمچى دېگەن پىكرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. نو-مىنالىزم ماركسىنىڭ كۆرسەتكىنىدەك ئوتتۇرا ئەسىردىكى «ماتېرىيالىزمنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى».

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيانىڭ ھەنبەسىنى بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان تۆت خىل شەيئى ئارقىلىق ئىزاھلاپ بېرىش بىلەن قالماستىن، بەلكى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، ھەرىكەت جەريانىدا، كونا نەرسىلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز يوقىلىپ، يېڭى نەرسىلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ساددا دىئالېكتىك تەرەققىيات كۆزقارىشىنى پانتىزملىق دۇنيا قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى كۆزقاراشلىرىنى تۆۋەندىكى بېيىتلاردا ئىپادىلەيدۇ:

687 پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى، كۆر، كۆڭۈلسىز كېلۇر.

688 يېڭى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك،
سەرە نەرسە بولسا، يامان نە كېرەك.

689 پۈتۈن تەم ۋە لەززەت يېڭىدا بولۇر،
بۇ لەززەتنى ئىزدەپ كىشى قىينىلۇر.

692 تۆرەلگەن نېمەلەر بارى يوقىلۇر،
تۆرەلتكەن بىر ئاللا، نە) قىلسا قىلۇر.

1086 نېمەكىم تۇغۇلار ھەم ئۆلمەك كېرەك،
نېمە ئۆرلىسە، پەسكە چۈشمەك كېرەك.

1103 قارا چاچ، ساقاللار ئاقارسا تولۇق،
مۆكۈنگەن ئۆلۈمگە تەييار تۇرغۇلۇق.

1210 ئۆلمەككە تۇغۇلدى تۇغۇلغان بارى،
كى قانچە قىلسىمۇ، كېتەر ئاخىرى.

1213 جىمىكى نەرسىنىڭ كۆنى بەلگىلىك،
نەپەس ـ تىن ئېلىشىنىڭ سانى بەلگىلىك.

1214 يىل، ئاي، كۈن ئۆتەردەك تىرىكلىك كېچەر،
ئۆتەر كۈن تۈگەتكەي سېنى، بەلگىلىك.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قارىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى تەبىئەت ئىلمى ئاساسىدا قەدىمكى ئاسترونومىيە بويىچە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، تۆت تادۇنىڭ تۆت پەسىلنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەردە تۆت تادۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا زىددىيەتلىرى ۋە ئورگانىك بىرلىكىنى پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئاساسى سۈپىتىدە شەرھلەپ، ئالەمدە ئۇنىڭدىن باش-

قا 12 بۇرجنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۈچتىن تۆتكە بۇلۇنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۆۋەندىكى بېيىتلارنى يازىدۇ:

143 ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇد.

144 يېغىدۇر بۇلارنىڭ بىرىگە بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ، قىلدى جەڭنى نېرى.

145 ئۇرۇشماس بۇ ياۋلار، ياراشقان ئۈچۈن،
كۆرەشمەس بۇ ياۋلار كۆتۈرگەچ ئۆچۈن.

1053 جېدەل باستى يارىشىق تادۇ ئېچمىنى،
يېگىپ بىرى باستى كېلىپ ئۆچىنى.

3212 قوڭۇر يەر، يېشىل سۇ ياراشماق بىلە،
ئارا مىڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۆلە.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ساددا ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىسىنى يالغۇز تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىش جەھەتتىلا نامايان قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنى جەمئىيەتنى بىلىش جەھەتتىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەيدۇ. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاساسى بول-

غان تۆت تادۇنى پۈتكۈل تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە تەبىئەت پەلسەپىسى دائىرىسىدىن كىشىلىك جەمئىيەتى دائىرىسىگە تەتبىق قىلىپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مۇنەۋۋەر راتسىئونالىزمى ۋە گۇمانىستى سۈپىتىدە غايىۋى جەمئىيەت ۋە دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇتۇپىك قاراشلىرىنى جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى — ئادالەتلىك قانۇن، ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت، ئەقىل ۋە بىلىم، ئۆزىنى تۇتۇشنىڭ مىزانى بولغان ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەر بىلەن ساددا دىئالېكتىك ئاساستا بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت، تەبىئەت بىلەن ئادەم پائالىيىتىنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ، ئۇلارنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش لازىم. تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت تەبىئەتنىڭ ئاساسى بولغانغا ئوخشاش ئادالەتلىك قانۇن، ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت، ئەقىل، بىلىم ۋە ئۆزىنى تۇتۇشنىڭ مىزانى بولغان ئەخلاق جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بولۇشى كېرەك. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى داستاندا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

بۇ تۆت يار ماڭا تۆت تادۇ① دەك ئېرۇر،
تۈزۈلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر.

① تۆت تادۇ — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت زات ياكى ماددا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاياتلىقىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاساسى بولغان تۆت تادۇغا باغلىقلىقىنى يۇقىرىقىدەك ئېنىق بايان قىلغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىنى ئىزاھلاش ۋە ئۇلارنى بىر - بىرىگە جانلىق ئاساستا باغلاش ئارقىلىق رېئال مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قاراخانىلار دۆلىتىنى ئىسلاھ قىلىپ، ياخشىلاش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنىڭ پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پروگراممىنىڭ بېشىدىلا، پادىشاھ، خانلارنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىقىنى چەكلەپ، خالىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئادالەتلىك قانۇننى بىرلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. قانۇندا ئادالەت، خەلق پايدىسىنى كۆزلىمەك، باراۋەرلىك، ئىنسانىلىقتىن ئىبارەت تۆت پرىنسىپىنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداقلا ئۇ، ئىراننىڭ «پېشدادىيان» سۇلالىسىنىڭ زالىم شاھى زاھھاك بىلەن ئادىل شاھى پەرىدۇن، نۆشىرۋانلاردىن ئىبارەت ئۈچ تارىخىي شەخسنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىنى زاھھاكتىن ئىبرەت ئېلىپ، پەرىدۇن بىلەن نۆشىرۋانلارغا ئوخشاش تارىختا ئادالەتلىك بىلەن تونۇلۇشقا چاقىرىدۇ. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى بېيىتلاردا كونكرېت ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

241 يامان خۇيلۇق زاھھاك سۆكۈلدى نېچۈن؟
نېچۈن ماختىنىلدى قۇتلۇق پەرىدۇن؟

بىرى ياخشى تەردى، تۈزۈن ماختىدى، 242
يامان ئەردى بىرسى، ئۇنى قاغىدى.

بېيىدى ئېلى، تۈز يۈرۈتكەچ نىزام، 291
ئەجەب ياخشى ۋاقتا قويۇپ ياخشى نام.

كىشىلەر ياخشىسى مۇشۇنداق بولۇر، 543
ياخشى ئەر خەلقىنىڭ يۈكىن كۆتۈرۈر.

قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن، 809
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن،

ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا، 818
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت ئېرۇر، 819
ئادىل ئولسا بەگلەر، تىرىكلىك بولۇر.

ھۆكۈم قىلسا ئەلگە ئەدىل بىرلە بەگ، 822
تىلەك ئارزۇسىغا بولۇر يەتكىلى.

بىلىڭ ئىبىتنى: ياخشىلىق سۈپاتى شۇدۇر، 856
كى خەلققە ئۇنىڭدىن پايدىلار يېتۇر.

خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر چوپان، 1412
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.

بىرى غەپلەت ئولماق، بىرىدۇر زۇلۇم، 2024
بۇلار بىرلە ئەلنى بۇزار بەگ چوقۇم.

ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر، 3463
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر 5576
بىرىن بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر

ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت كۆزقارىشى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قۇرماقچى بولغان غايىۋى دۆلىتىنىڭ يەتمەكچى بولغان ئاساسىي نىشانىدۇر. ئۇنىڭ غايىۋى دۆلەت قۇرۇشتىكى مەقسىتى جەمئىيەتنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولغىنى ئۈچۈن، ئادالەت بىلەن قانۇن، ئەقىل بىلەن بىلىم، ئاقىۋەت بىلەن قانائەت توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنى غايىۋى دۆلەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى قىلىدۇ ۋە بۇ ئۈچ ئاساسىي ئامىلنى بەخت ـ سائادەت توغرىسىدىكى تۈپ ئىدىيىگە خىزمەت قىلدۇرغان ھالدا، ئۆزىنىڭ كىشىلىك جەمئىيەت تارىخىي قارىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. خەلق ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ تارىخىي قارىشىنىڭ ئۇلىغا ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن خەلق ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم دېگەن ئىجتىمائىي تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

لېكىن، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنى كۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتە يالغۇز ئادالەتلىك قانۇننىڭ بولۇشى كۇپايە قىلمايتتى. جەمئىيەت بىلەن دۆلەتنى بەخت - سائادەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئۇچ ئامىل ئىچىدە گەرچە ئادالەت بىلەن قانۇن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرسىمۇ، بىراق قانۇن ھۆكۈمران تەبىقىلەر تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدىغان بولغانلىقى سەۋەبلىك، ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەقىل بىلەن بې-لىمگە ئىگە قىلىش لازىم ئىدى. شۇڭا، ئاپتور ھۆكۈمران تەبىقىلەر ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، تەرەككىي قىلىشقا تايانغاندىلا، دۆلەت ھاكىمىيىتى مۇس-تەھكەملىنىپ، جەمئىيەتتە ئادالەتلىك قانۇن يۈرگۈزگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، ئادالەتلىك قانۇن بولغاندىلا، ئاندىن ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرغىلى بو-لىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ بىرلەشكەندىلا بەخت - سائادەت ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ دەپ ھېسابلاپ، ئادالەتلىك قانۇن ئىجرا قىلىش ئارقىلىق، بەخت - سائادەتكە ئىگە بولۇش ئىدىيىسىنى ئەقىل بىلەن بىلىم مەسىلىسىگە ئورگانىك ھالدا باغلايدۇ. ە ئەلىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە گەرچە ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارى بولغان ئەقىل (ئۇقۇش)نى تۇغما بولۇر دېگەن سۆز بىلەن ئىزھار قىلسىمۇ، لېكىن بىلىش بىلەن ئۇنىڭ كرىستالى بولغان بىلىم (بىلىك)دە ئېرىشىلىدىغان ئۇنۇمنى تەربىيە ۋە بىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراپ، ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارى ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئىنسان

ئۆزىنىڭ ئەقىل، بىلىمى بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىنىدىـ
غانلىقى، ئەقىل بىلەن بىلىم ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىـ
تىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇ. بىلىشنى
مەقسەت قىلىش، ھەقىقەتنى ئىگىلەش ئارقىلىق ئوتتۇرا
ئەسىردىكى «ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى تۇنجى گۇناھنى بىلـ
مەكلىك»، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشكە ئىنتـ
تىلىش «ئىلاھىي ھەقىقەتلەرگە ئىتىراز بىلدۈرگەنلىك،
ئەقىل - پاراسەتنى ئىسراپ قىلغانلىق» دېگەنگە ئوخـ
شاش دىنىي ئەقىدىلەرگە زەربە بېرىدۇ. ئاپتور ئىنسانـ
دىكى سەزگۈ، تەپەككۇر، تىل، مېڭە، تەجرىبە، ئەمەلىي
پائالىيەت، تەلىم - تەربىيە قاتارلىق كونكرېت بىلىش
ۋاستىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئىنسان تۇغۇلۇپلا بىلىمـ
لىك، دانىشمەن بولمايدىغانلىقى، بىلىملىك بولۇش بىلـ
مەسلىكتىن، بىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەش جەريانى ئارقىـ
لىق قولغا كېلىدىغانلىقى، تەلىم - تەربىيە بىلىم ئىگىـ
لەشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى ئىكەنلىكى، مائارىپسىز ئىلىمـ
پەننىڭ راۋاجلانمايدىغانلىقى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىـ
لەرنى ئىلمىي ھالدا ئىزاھلايدۇ. «بىلىم — كۈچ، بىلىمـ
بەخت قورالى، بىلىم — ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ
ئۇلى، بىلىم — ئىنسان ئۈچۈن مەھكەم بىر قورغان.
بىلىم ئارقىلىق كىشىلەر كائىناتنى بويسۇندۇرالايدۇ»
دېگەنگە ئوخشاش قىممەتلىك بىلىم سەمەرىسىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ۋە ئۆز زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇـ
شىنى ئىنكاس قىلىپ بېرىدىغان ساددا ماتېرىيالىزملىق
بىلىش نەزەرىيىسىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ چىقىدۇ.

157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۈر.

260 جاھاندا نېمە بار بىلىمدىن قىممەت،
بىلىمسىز دېسە ئەر ئۈچۈن بەگمۇ سەت.

288 ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى،
بىلىم — ئۇ يورۇقلۇق، يورۇتقاي سېنى.

297 ئەقىلدىن بۆلەككە ھۆرمەت بولمىغاي،
ئەقىلسىز ئادەم ئۇ بىر ئۈچۈملا لاي.

302 كىشى ئوغلى سۇندى قۇتۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

313 بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

314 كىشىگە ئەقىل ۋە بىلىمدۇر كىشەن،
يامانلىق قىلالماس ئەر كىشەن بىلەن.

2455 ئەقىلسىز كىشىدۇر يېمىشسىز ياغاچ،
نە قىلغاي يېمىشسىز دەرەخلەرنى ئاچ؟

6605 بىلىم بىل، ئۆزۈڭ بول تۆردە ئولتۇرا،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا.

6607 ئىچە بىلگەن ئۇلاساڭ، يەنە ھەم تىلە،
بىلىملىك يېتەر، كۆر، تىلەككە سورا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەت بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى ئورتاق بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشتا كەم بولسا بولمايدۇ دەپ ھېسابلايدىغان يەنە بىر ئامىل ئاقىۋەت بىلەن قانائەتچانلىق مەسىلىسىدۇر. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، يالغۇز سىياسىي قانۇن، ئەقىل ۋە بىلىمنى بەخت - سائادەتلىك غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي نىشان بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەقسەتكە يەتكىلى بولمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىۋەت بىلەن قانائەت مەسىلىسىنى سىياسىي قانۇن، ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇ، خان، پادىشاھ، بەگ ۋە يۇقىرىلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇش مەسىلىسىنى بەخت - سائادەتلىك غايىۋى دۆلەت قۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر ئامىل دەپ قاراپ، يۇقىرى تەبىقىلەردىن ئۆز نەپسىنى تۇتۇۋېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يۇقىرىلاردىن جەمئىيەت، دۆلەت تەربىيىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ شەرتسىز ئورۇنلاشنى تىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۈچەيتىپ، كەم تەرەپلىرىنى ئەخلاقىي مىزان بىلەن تولۇقلاپ،

ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەتلىك غايىۋى دۆلەتنى ئىشـ
قا ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەخلاق
قائىدىلىرىنى بايان قىلىشتا، مېڭزىنىڭ «ئىنساننىڭ تۇغـ
ما ئەزگۈلۈكى (ياخشىلىقى)». شۈنزىنىڭ «ئىنساننىڭ
تۇغما يامانلىقى» دەيدىغانغا ئوخشاش تۇغما پەزىلەتـ
نىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن تۈپ نۇقـ
تىئىنەزەر جەھەتتە دېئىزملىق ماتېرىيالىزم بىلەن دىـ
ئالېكتىك خاھىشلارنى ئىپادىلەيدۇ. ياخشى ـ يامان پەزىـ
لەتلەرنىڭ مۇھىت ۋە تەربىيە ئارقىلىق شەكىللىنىدىغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ ھەقتىكى
بېيىتلاردىن قارىغاندا، مۇئەللىپنىڭ ئۆزى ھەقىقىي ئىنـ
سانپەرۋەر. كىشىلىك بەخت ـ سائادىتىنى مەقسەت
قىلغان بىر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئۇ «پۈتۈن ياخـ
شىلىقنىڭ ئاچقۇچى ـ ياخشىلىق قىلىش، ياخشىغا ياخشى،
يامانغا يامان بولۇش كېرەك. كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقى ـ
كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە چىقارغان خالىس باھا ۋە
ھۆكۈملىرىدۇر. كىشى ئەبەدىي ھاياتقا ئۆزىنىڭ قالدۇرـ
غان ياخشى ئىشلىرى بىلەن ئېرىشىدۇ. بىۋاپا دۇنياغا
ئالدىنىپ بولمايدۇ. كىشىنىڭ ياخشىسى كىشىگە پايدىـ
لىق بولغىنى» دېگەنلىرىنى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئۆلـ
چەملىرى قىلىپ، شاھلارنى تىل نەيزىسى بىلەن سانجىـ
غان. پۇقرالارنى ناچار قىلىقلاردىن توسقان. ئاپتور
ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى بايان قىلىشتا ئىشنى
ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتىن باشلاپ، ھۆكۈمرانلار
بىلەن ئادىي پۇقرالارغا تۆۋەندىكىدەك ئوخشاش بولـ

مىغان ئەخلاقىي بۇرچ تەلىپىنى قويىدۇ:

226 ساڭ ئىككى دۇنيا گەر بولسا تىلەك،
ئامالى ياخشىلىن ئېرۇر ئەيلىمەك.

227 ئەگەر ياخشى بولماق تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
يۈزى، ياخشىلىق قىل، قوي ئۆزگە سۆزۈڭ.

228 كىشى مەڭگۈ بولماس، كى مەڭگۈ ئېتى،
شۇڭا مەڭگۈ قالدى بۇ ياخشى ئېتى.

925 يامانلىق بىلە كەلسە بەگلىك ماڭا،
كىرەكمەس بۇ بەگلىك، قويارمەن ساڭا.

3750 قۇل قىلسا قۇلغا قۇللۇق ياراقسىز بولۇر،
خىزمەتچىگە خىزمەت قەدىرسىز بولۇر.

5176 ئەي ئېلىگ بۇ قەسىر، بۇ ئوردا - ساراي،
ساڭا تەگكەن پەقەت بىر تۇرالغۇلۇق جاي.

5177 سېنىڭدىن بۇرۇنلار چۈشۈپ ئۆتتىلەر،
تۇرالماي مەنزىلدە كۆچۈپ كەتتىلەر.

5183 بۇنى ئېيتادۇرسەن، مېنىڭ دەپ مېنىڭ،
نېچۈن دەيسەن ئۇنداق، نېچۈك ئۇ سېنىڭ؟

5184 سېنىڭدىن كېيىنكىلەر دەر ساڭا: «چىق!».
كېرەكنى كۆتۈرۈپ دەر: «مېنىڭدۇر مېنىڭ».

6143 مەست قىلسا بۇ دۆلەت ئەگەر كىشىنى،
ئويغانماس، ئۆلۈم تۇتمىغۇنچە ئۇنى.

× × ×

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تەبىئەت پەلسەپىسى كۆزقاراشلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى — تەبىئەتنىڭ گۈلى بولغان ئادەم ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ تۇغۇلۇش، ياشاش، ئۆلۈش ھادىسىلىرىنى تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسان ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى پائالىيەتچانلىق ئورنى بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى قارىشىنى جەمئىيەت ۋە جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ مەزمۇن ئۆلچەملىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ گەۋدىسى ئادەم ۋە ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى، بەخت - سائادىتى بولۇپ، ئۇ، بۇ مەسىلىنى ھەم تەبىئەت پەلسەپىسى، ھەم گۇمانىزم ئاساسىدا مۇھىم بىر تېما قىلىپ مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئادەم تەبىئەتنىڭ گۈلى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى تەبىئەت پەلسەپىسى كۆزقارىشى نۇقتىسىدىن تەك-

شۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەم جەمئىيەت بىلەن
ئادەم، جەمئىيەتمۇ ئادەم بىلەن جەمئىيەت بولىدىغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇنى گۇمانىزىم نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەتقىق
قىلىپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇ،
قەدىمكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئادەملەرنى ھايۋان قاتارىدا
قويىدىغانلىقىغا قارشى ھالدا ئىنساننىڭ قىممىتى نەزە-
رىيەسىنى يارىتىپ، ئىنسان بىلىش ئىقتىدارى، ئەقىل-
پاراسەتكە ئىگە بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ھايۋاندىن
پەرقلىنىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىنسانغا مۇئامىلە قىلىش
جەھەتتىمۇ قەدىمكى مۇتەپەككۇرلار ئوتتۇرىغا قويغان
دەرىجە تۈزۈمىگە قارشى ھالدا تەڭلىك، باراۋەرلىك
مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت، قانۇن،
ھەقىقەت ئالدىدا باراۋەر بولۇش لازىملىقىنى تەشەببۇس
قىلىدۇ. ئادەمنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى قەدىمكى
قاراشلار — «ئادەم تۇغما مۇستەقىللىققا ئىگە»، «ئادەم
ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرمىسا، قىيامەت قايىم بولىدۇ»،
«ئىنسان تائىپىسىگە كىرگەنلىكى ئادەم ئۆز نەپسىگە چوغ
تارتماي قالمايدۇ» دېگەنلەرگە قارشى ھالدا ئادەمنىڭ
ئىجتىمائىيلىق خۇسۇسىيىتىدىن چىقىپ، ئادەملەر بىلەن
جەمئىيەتنى ئۆزئارا بىر — بىرىگە جانلىق ھالدا باغلاي-
دۇ. ئادەمنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك
بۇ بۇرچلىرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇ-
سۇپ خاس ھاجىپ قەدىمكىلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش-
نىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بۇرمىلاپ «كىشىلىك تۇرمۇش —
بىر سەھنىدۇر»، «كىشىلىك تۇرمۇش بەئەينى چۈشكە

ئوخشايدۇ» دەپ كۆرسىتىشكە قارشى ھالدا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىپ، تەركىي دۇنياچىلىق، ئۈمىدسىزلىك خاھىشلىرىغا نىسبەتەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ، پانىي ئالەمنىڭ ھەقىقەتلىرىنى باقىي ئالەم ئەپسانىلىرىدىن، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىنى تەركىي دۇنياچىلىق تالاۋەتلىرىدىن. ئىنسانغا ياخشىلىق قىلىشنى ئىلاھقا ئىستىغائەت قىلىشتىن ئەۋزەل ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇ، كىشىلىك تۇرمۇشىنى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى بىر ھايات سەپىرىگە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ زىددىيەت بىلەن تولۇپ تاشقانلىقى، ئۇنىڭدا يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەتنىڭ، ياخشىلىق، راستچىللىق، گۈزەللىك بىلەن ساختىلىق، يامانلىق، رەزىللىكنىڭ، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنىڭ، ھايات بىلەن ماماتنىڭ، بەخت بىلەن بالانىڭ، ئېرىشىش بىلەن يوقىتىشنىڭ، خۇشاللىق بىلەن قايغۇنىڭ، ئۈگۈشلۈق بىلەن ئۈگۈشسىزلىقنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزىنى بۇنداق بىر زىددىيەتلىك جەريان دەپ توغرا تونۇغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەنگە رەھىمسىز، ھەققە رەھىمدىل بولۇش، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش، يامانلىققا يامانلىق قىلىشتىن ئىبارەت ھايات پەلسەپىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدە خۇسۇسىي نام، مەنپەئەت، ھوقۇق ۋە راھەتنى كۆزلىمىگەن، ئۆزىنىڭ ياكى ئائىلىسىنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆزلەپ، جەمئىيەت

بىلەن دۆلەتنىڭ ئىستىقباللىنى ئويلىمايدىغان خاتا قاراشلارغا قارشى هالدا خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت كىشىلىك تۇرمۇش مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ كىشىلىك تۇرمۇش يولىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى يول بولىدىغانلىقىنى، ياخشىلىق يولىنىڭ توغرا يول، يامانلىق يولىنىڭ ئاچا يول ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ياخشىلىق — خۇشاللىق، يامانلىق — خاپىلىق، ئومۇمىيەتچىل — شەرەپ، شەخسىيەتچىلىك — نومۇس، جاپالىق مېهنەت — شەرەپ، بىكار يۈرۈش — نومۇس، تىرىشىپ ئۆگىنىش — شەرەپ، بىلىمسىزلىك — نومۇس، مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش — شەرەپ، مەدەنىيەتسىز، ئەدەبسىز بولۇش — نومۇس دېگەنگە ئوخشاش تەپەككۇر ئۈنچىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى قىممىتى بولغان كىشىلىك تۇرمۇش يارىتىشقا يېتەكلەيدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى بېيىتلار بىلەن كونكرېت بايان قىلىدۇ:

147 بۇ ئىنسان بايانى قىلاي ئەمدى مەن،
قەدىر تاپتى ئەقلى، بىلىم - ئاڭ بىلەن.

160 كىشىگە ئىززەت كۆپ ئەقىل پايدىسى،
بىلىم بىلە ئىنسان ئېزىز بولغۇسى.

289 ئۆسەر ئەر ئەقىلدىن، بىلىمدىن بويۇر،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر.

1843 بىلىملە پەرقلىنەر كىشى يىلقىدىن،
نېمە بار بۈيۈكرەك بۆلەك بىلىمدىن؟

1845 كىشىنى ئايرىغان بىلىم يىلقىدىن،
كىشى قولى ئۈستۈن بولۇر ئىلىمدىن.

3749 خۇدانىڭ قولى بىز ھەر ئىككىلىمىز،
بۇ قۇللۇقتا ئوخشاش مەرتىۋىدە بىز.

3930 بۇيان كەل، نەپسى بەر كىشىگە، يارا،
نەپسىز ئۆلۈك ئول تىرىكلەر ئارا.

3931 ئۆز نەپسىن دېگەنلەر ئادەم بولۇرمۇ؟
ئەل نەپسىن دېسە كىم، چىن كىشىدۇر ئۇ.

4310 سېنى سىز دېسەلەر، ئۇنى سىز دېگىل،
ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاب سۆزلىگىل.

4311 قىيا ياڭقۇسىدىن① تۆۋەن بولمىغىل،
سېنى سەن دېسەلەر، ئۇنى سەنلىگىل.

5528 كۆيۈمچاننى تۇتقىل ئۆزۈڭگە يېقىن،
ئۇياتسىزنى ئۆزگە يېقىن تۇتمىغىل.

---

① قىيا ياڭقۇسى — (قودېكى ئۈنگۈرچە) ئاۋازنىڭ تاغقا ئۇرۇلۇ-
ھىدىن چىقىدىغان ئەكس سادا

5788 كىشىلىك قىل، ئى ئەر، تولۇغ كىشى بول.
كىشىلىككە شۇنداق كىشى ئىزتەپ يول.

5789 كىشى بول، كىشىگە كىشىلىكنى قىل.
كىشى ئاتىن دۆزگە سۈپەت ئەيلەگىل.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيانىڭ ۋە ھاياتلىقنىڭ ئاساسى دەپ قارىغان تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت زات قارىشى قەدىمكى جۇڭگو، ھىندىستان، مىسىر، گرېتسىيەدە ئۆتكەن ساددا ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى داۋامى بولسىمۇ، لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆت زات كۆز قارىشىنى كىلاسسىك ھالدا ئىزاھلاش ۋە ئۇنى تەبىئەت ساھەسىدىن جەمئىيەت ساھەسىگە ئېلىپ كىرىپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى، ئىنسانلارنىڭ بىلىشى، تەپەككۇرى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تەتبىقلاپ ئىشلىتىش جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قەدىمكىلەردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، قەدىمكىلەر ئۆزىنىڭ تۆت زات كۆزقارىشىنى تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت ماددىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنىڭ ئۈستىگە قۇرالىغان ئەمەس. جۇڭگونىڭ قەدىمكى مۇتەپەككۇرلىرى «بەش ئامىل تەلىماتى»دا ئوت، تۇپراق، مەدەن، سۇ، دەرەخنى دۇنيانىڭ ئاسا-

سىي مەنبەسى دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ھەممە نەرسە ھاۋادىن ھاسىل بولغان ۋە ئاخىرىدا يەنە ھاۋاغا قايتىپ كېلىدۇ دەپ قارىغان. ھىندىلارنىڭ «چارۋاكلار ئېقىمى» ئوت، شامال، سۇ، تۇپراق ئالەمنىڭ ئاساسىي مەنبەسى دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى چاغدا ھاۋانى ئالەمنىڭ ئاساسى دەپ قاراش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. قەدىمكى مىسىر ۋە بابىللىقلار ئالەمنىڭ مەنبەسىنى سۇ بىلەن ھاۋاغا ياكى ئوتقا ئوخشاش ئايرىم زاتلارغا باغلىغان. قەدىمكى گرېكلار بولسا سۇ، ئوت، ھاۋا، تۇپا ياكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر خىلىنى دۇنيانىڭ ئاساسىي مەنبەسى دەپ قارىغان. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار دۇنيانىڭ مەنبەسىنى ئوتقا باغلاپ چۈشەندۈرگەن. ھىراكلىت: «ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن دۇنيانى ھېچقانداق خۇدامۇ، ياكى ھېچقانداق بەندىمۇ ياراتقان ئەمەس. ئۇ، ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ قانۇن بويىچە كۆيۈپ تۇرىدىغان، قانۇن بويىچە ئۆچۈپ تۇرىدىغان ئەبەدىي ئۆچمەس ئوت» دېگەن. قەدىمكى ساددا ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ كۆزقاراشلىرى ئىچىدە ھىراكلىتنىڭ كۆزقارىشىنى لېنىن بىر قەدەر ئىلمىي ھېسابلاپ: «بۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرىغا بېرىلگەن ناھايىتى ياخشى ئىزاھ» ① دېگەن ئىدى. كېيىنكى چاغدا بۇ خىل ئالىي

① ئەي سىنچى، «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم» 15 - بەت.

قاراشنىڭ ئورنىنى دېموكرىتنىڭ ئاتوم نەزەرىيىسى تەلىماتى ئىگىلىدى. ئۇ ھەممە نەرسە بۆلۈنمەس ئۇششاق ئاتوملاردىن تۈزۈلگەن، ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەر ئوخشاش بولمىغان ھالەت ۋە ئېغىرلىقتىكى ئاتوملاردىن تەركىب تاپقان دەپ ھېسابلىدى. ئەمدى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشىنى يۇقىرىقى قاراشلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، مۇنداق ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكىنى كۆرەلەيمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشى بويىچە ئالەمنىڭ ماددىي نېگىزى بولغان تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت بىر - بىرىگە ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان، ئەمما بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان پاراللېل قىممەتتىكى زاتلار بولۇپ، ئۇ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ئورتاق بولغان ئاساسلىرىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيانىڭ مەنبەسى مەسىلىسىنى ئىزاھلاشتا يالغۇز قەدىمكى شەرق بىلەن غەربنىڭ تۆت زات كۆزقارىشىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىپلا قالماي، بەلكى قەدىمكى ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تۆت تادۇ كۆزقارىشىنى ئۆزىگە بىۋاستە مەنبە قىلىپ، قەدىمكى گرېك ماتېرىيالىستلىرىنىڭ تۆت ئامىل كۆزقارىشىدىكى تۆت ئامىلنىڭ ھەرىكىتىنى ئۇلارنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى بىرلىكى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرمەستىن، بەلكى ئاشقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ تەرىپىدىن تۇرۇپ ئىزاھلىغانلىقى، تۆت خىل زاتنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە ھالەتلىرىنى تۆت زاتنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغانلىقى، شۇنداقلا تۆت زاتنى يالغۇز تەبىئەت دۇنياسىنىڭ

ئاساسىي دەپلا قاراپ، ئۇنى پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئۆزىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنساننىڭ ھاياتىغا تەتبىق قىلالمىغانلىقى، ئۆت زات ئىچىدە تۇپراقنىڭ مەركەز بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكى قاتارلىق تەرەپلەرنى تولدۇرۇپ، كەڭ مەندە ۋە ئەمەلىيەتتە يېقىنلاشتۇرۇپ ئىزاھلاپ بەردۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆت تادۇ كۆزقارىشىنى ئىزاھلاشتا، قەدىمكى ساددا ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك خاھىشقا ئىگە پەيلاسوپلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەبىئەت پەلسەپىلىرى ۋە ساددا ماتېرىيالىزملىق خاھىشقا ئىگە تەبىئىي پەن ماتېرىيالىزمچىلىرىدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ئىزاھلاشتا ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بىز ئۇنىڭ جەمئىيەت تارىخىي توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنى تەكشۈرگەندە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ، ئۆت تادۇ كۆزقارىشىنى تەبىئەت ساھەسىدىن جەمئىيەتكە ئېلىپ كىرىپ، ئادالەت بىلەن قانۇن، بەخت بىلەن سائادەت، بىلىم بىلەن ئەقىل، ئاقىۋەت بىلەن قانائەتتىن ئىبارەت جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئۆت ئامىلنى دىئالېكتىك، راتسىئونالىستىك، پانتېستىك ۋە گۇمانىستىك ئاساستا ئىزاھلاپ، بۇلارنى ئۆت تادۇغا ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ قارىغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ھېممىشنىڭ شەرقتىكى توغرا يولىنى كۆر-

سىتىپ بېرىدۇ.

ئاپتور ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلى-
دۇرۇپ، ھەممىگە بىردەك بەخت ـ سائادەت بېغىشلاي-
دىغان سەلتەنەتلىك جەمئىيەت قۇرۇش ئارزۇسىدا، گەر-
چە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنبەسى، ھەرىكەتلەن-
دۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسىنى ئىلمىي ھالدا يېشىپ بېرەل-
مەستىن، كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ۋە كىشىلەر
ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىنسانپەرۋەرلىكنى
جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى سەۋەبلىرى قىلىپ
كۆرسىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مۇناسىۋەتلىرىنى ماد-
دىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئالماشتۇرۇۋاتقان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى زامانلاردا، مەس-
لەن، جۇڭگودا ئۆتكەن لاۋزى، كۇڭزى، قەدىمكى يۇنان-
دا ئۆتكەن ئارستوتېل، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
ئۆتكەن ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىبن سىنا قاتارلىق بۈيۈك
مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشاش دۆلەت ۋە جەمئىيەت توغرى-
سىدىكى قاراشلىرىنى بىر «غايىۋى دۆلەت»نىڭ سىخې-
مىسى شەكلىدە ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت قاراخانىلار دۆ-
لىتىنى ياخشىلاپ، ئىسلاھ قىلىپ مۇستەھكەملەشتەك كون-
كرېت رېئال شەكىلدە ئىپادىلەپ، قاراخانىلار دۆلىتىنى
ئادىل قانۇن بىلەن بىلىمنىڭ ئۈستىگە قۇرۇشنىڭ پرو-
گراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى جەھەتتە كىشىلىك
ھاياتنىڭ ئاساسى بولغان ئىنسانغا ۋە ئۇنىڭ تەبىئەت،
جەمئىيەت ھاياتىدىكى ئورنىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئۇ، ئادەمگە

ئارىسىتېلغا ئوخشاش «ئادەم — قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئىككى پۇتلۇق ھايۋان» دەپ باھا بەرمەستىن، بەلكى ئادەمدىكى ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىلىم ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتنى ھايۋاندىن ئايرىلىپ تۇرۇشتىكى ماھىيەت دەپ قاراپ، ئادەمنى قۇلان تۇتالايدىغان ئارسلانغا ئوخشىتىدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى:

284 پەزىلەت كېرەك مىڭ تۇتۇشقا جاھان،
قۇلان تۇتقىلى، كۆر، كېرەك ئارسلان.

281 جاھاننى تۇتاي دەپ سۇنۇشقا ئىلىك،
كېرەك كۆپ پەزىلەت بىلەن كۆپ بىلىك.

دېگەن بېيىتلاردا ئېنىق ئىپادىلەيدۇ. ئادەمنى «ئالەمنىڭ جەۋھىرى، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ جېنى» دېگەن قاراشقا يېقىنلىشىدۇ. ئادەمگە بولغان مۇئامىلىدە پىلاتوننىڭ «تەڭ بولمىغانلارغا تەڭ مۇئامىلە قىلىش تەڭسىزلىك تۇر... ئادالەتسىزلىك قىلىش ھۇر ئادەمگە تېخىمۇ كۆپرەك يارىشىدۇ. بۇ سۈرەت بىلەن ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك خوجايىن بولالايدۇ. ئادالەتسىزلىكنى ئاخىرقى چېكىگە يەتكۈزگەندىلا جەمئىيەتنى قولغا ئالالايدىغان ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ...» دەيدىغان قارىشىغا ئارىستوتىلنىڭ «قۇللار ئەھلى ھايۋانغا ئوخشايدۇكى، ئىككىسىنىڭ جىسمانىي كۈچىدىنلا پايدىلىنىلىدۇ... قۇللار مال - مۈلۈكنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، خوجايىننىڭ مۈلكى ھېسابىغا كىرىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا تەڭسىزلىك بولۇشى

تەبئىي ئەھۋال، بەزىلەرى ھۆكۈم قىلىش، بەزىلەرى ھۆ-
كۈمگە بويسۇنۇش ئۈچۈن يارىتىلغان» دېگەن قارىشىغا
قارشى ھالدا، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن
ئىلمىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باراۋەرسىزلىكنىڭ
ۋاقىتلىق، شەرتلىك بولىدىغانلىقى، باراۋەرلىكنىڭ مۇت-
لەق، ئەبەدىي ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداقلا، يۈسۈپ
خاس ھاجىپ فارابىنىڭ بۇ مەسىلىدە پلاتون بىلەن
ئارىستوتېلنىڭ قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، «پازىل
شەھەر رەئىسى» نىڭ بىرىنچىدىن، تەبىئىتى ۋە يارىتى-
لىشى تەبئىي ھالدا رەئىسلىككە لايىق بولۇشى، ئىككىن-
چىدىن ئۆزىدە رەئىسلىك ئىرادىسى ۋە مەلىكىسى بولۇ-
شى لازىم دېگەن كۆز قارىشىغا قارشى ھالدا «قەلەم
تۇتىدىغان» ۋەزىرلەرنىڭ، «قىلىچ تۇتىدىغان» ئەسكەر
باشلىقلىرىنىڭ «خەلق ئىچىدىن چىققان، ھۆكۈمەتكە
سازاۋەر بولغانلاردىن تاللاپ ئېلىنىشى لازىم» لىقىنى
تەكىتلەپ:

2422 بەگ ئۇلسا ئەگەر ئەل سەرە - ياخشىسى،
خەلقنىڭ خىلى بولسا ئۇ ئىككىسى.

دەپ كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى يۇنانلىق پەيلاسوپ زېنيو
ياخشىلىق — ئادىللىق، باتۇرلۇق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش،
بىلىملىك دەپ تۆت تىپقا بۆلۈنىدۇ دەپ ئىزاھلىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەتلىك، رەھىمدىللىك، دوست-
لۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك، سىلىق - مۇلايىملىق، سېخىيلىق،

مەسئۇلىيەتچانلىق، راستچىللىق، سەممىيلىك قاتارلىق كەڭ
دائىرىلەر بويىچە ئىزاھلايدۇ. بۇلاردىن بىز يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش پەل-
سەپىسىنى چۈشىنىش جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدى-
لىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ كۆزقاراش-
لىرى دەۋر ۋە زامانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بار-
غانسېرى چوڭقۇرلىشىپ ۋە ئىلمىيلىشىپ بارغان.

× × ×

بىز بۇ ماقالىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ قىسمىدا يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ كۆز قارىشىنى پانتىزملىق
دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئۇلى
قىلىنغان ھالدا تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇر-
مۇشنىڭ مەسىلىسىنى ئىزاھلاپ بەرگەنلىكىنى تەكشۈرۈش
ئارقىلىق، ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ئىتىقادىنىڭ قانداق بو-
لۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئۇنىڭدا ساددا
ماتېرىيالىزم ۋە ستىخىيىلىك دىئالېكتىك قاراشلارنىڭ
بارلىقىنى كۆردۇق. ئۇ، دۇنيانىڭ مەنبەسى-
نى تۆت خىل ماددىغا يىغىنچاقلىغان. دۇنياغا تەرەققىي-
يات، ئۆزگىرىش نۇقتىسىدىن تۇرۇپ قاراپ، تۇغۇلماق —
ئۆلمەك دېمەكتۇر، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش تەبىئەتنىڭ
قانۇنىيىتى دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەيئىلەر-
نىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىشىنىڭ
ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىنى تېپىشقا ئۇرۇنغان. شۇڭا،

ئاپتورنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىلگىرى سۈرگەن سادى-دا ماتېرىيالىستىك ۋە دىئالېكتىك ئىدىيىسى ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئاساسەن توغرا دۇنيا قاراش ھېساب-لىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، دۇنيانىڭ ماددىلىقىنى، ماددىي دۇن-يانىڭ ئۆزئارا باغلانغان ھالدا راۋاجلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇ، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سادда ماتې-رىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي تەرىپى. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، مۇئەللىپنىڭ سادда ماتې-رىيالىزم ۋە دىئالېكتىك قارىشىدا ستىخىيىلىك، بىۋاسى-تە كۆزىتىش خاراكتېرى بولۇپ، ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق بولۇشىنىڭ دەلىلى كەمچىل بولۇش ئەھۋالىمۇ بار. ئۇ، دۇنيانىڭ ماددىلىقىنى ئۇنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن بىر-لەشتۈرەلمەيدۇ. سەلتەنەتلىك جەمئىيەت قۇرۇش غايىسى-نى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى يارىتىش پائالىي-يىتى بىلەن بىرلەشتۈرمەستىن، ئاساسىي ئۈمىدىنى ھۆكۈمرانلارغا باغلايدۇ. ئىنساننىڭ بىلىش ۋە تەپەك-كۇر ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات دىئالېكتىكىسى مەسىلىسىدە بىلىشنىڭ تەربىيە ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىنى ئېتى-راپ قىلىسىمۇ، بىراق نەقىلنىڭ توغما بولىدىغانلىقىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق پەلسەپىسىدە بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، خەلققە خىزمەت قىلىشنى ئەڭ چوڭ بەخت ۋە يۈكسەك گۈزەل ئەخلاق دەپ تەش-ۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى ئۇ تەرەپكە يېتەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاۋام خەلقنى «ئالدىراقسان، قوپال، شاك-

لاق، سوغۇق، قىلىقسىز، بىلىمسىز، ئەقلى يوق» دېگەن
سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەپ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى
ئورنىنى تۆۋەنلىتىپ، ھۆكۈمران تەبىقىلەرنى قائىدىلىك،
سىلىق ـ سىپايە، ئەدەبلىك، بىلىملىك، ئەخلاقلىق ۋە
ئەقىللىك دەپ سۈپەتلەپ، خەلقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ،
خەلقنى قاتتىق باشقۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئەسەردىكى
بۇ تەرەپلەرنى دەۋرنىڭ تارىخىي شارائىتىنىڭ چەكلىمى-
سى ۋە ئالىمنىڭ سىنىپىي ئورنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچ-
رىغانلىقى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئالىم پەن
تەتقىقات ئىشلىرى ئۇنىۋېرساللاشمىغان، ھەركىم ئۆز
ئالدىغا يەككە ئىشلەيدىغان، پەلسەپە «پەنلەرنىڭ پىنى»
دەپ ھېسابلانغان تارىخىي دەۋردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن،
يۇقىرىقىدەك يېتەرسىزلىكلەرگە ئورۇن بەرگەن بولسىمۇ،
لېكىن بۇلار مۇئەللىپنىڭ ساددا ماتېرىيالىزملىق ۋە
دىئالېكتىك ئىدىيىسىدىكى ئاساسلىق تەرەپلەرگە تە-
سىر يەتكۈزەلمەيدۇ. بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنى دىئالېكتىك
ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغان پەيلاسوپ
دېيەلمەسەكمۇ، لېكىن ساددا ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك
ئىدىيىگە ئىگە بولغان تەبىئىي پەن ماتېرىيالىزمچىسى،
مەرىپەت جەڭچىسى، يېڭىلىققا قاراپ ئىلگىرىلەشكە جۈر-
ئەت قىلالايدىغان ئىسلاھاتچى دەپ ئېيتالايمىز. ئۇنىڭ
قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باب ـ باراۋەر بولۇش
دېگەن شوئارى قانۇن بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى
ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرى دۆلەتنى ئادالەتلىك قانۇن
بىلەن بىلىمنىڭ ئۈستىگە قۇرۇش ئىدىيىسى كىشىلىك

تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق كۆزقارىشى نۆۋەتتە بىز ئۈچۈن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيىمىزنىڭ 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئۇلۇغ مەرپەتپەرۋەر جەڭچى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەشەببۇس قىلغان يۇقىرىقى ئىجتىمائىي قاراشلارنى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوبدان چايناپ ئىستېمال قىلىپ، ئۆزىمىزنى غايىلىك، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق قىلىپ تەربىيىلەپ، ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، پەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان يېڭى ئادەملەردىن قىلىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىگە دائىر دەسلەپكى مۇھاكىمە

شېرىپ ئىمىن

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك، مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ۋە ئاساسچىسى. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئەربابى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى قاراخانىلار دەۋرى ئەدەبىياتىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يىرىك ئەدەبىي مىراسلارنىڭ بىرى. ئەسەر شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئىدېئولوگىيە ئەھۋالىنى، غەربىي دىيار (شىنجاڭ) بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى، بولۇپمۇ كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر تەرىپىدىن ئورتاق يارىتىلغانلىقىنى. ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى چۈشىنىشتە بىزنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI ئەسىردە ياشىغان بولۇپ، ئۇ ياشىغان دەۋردە قاراخانىلار سۇلالىسى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللەنگەن ئىدى. بولۇپمۇ مەشھۇر «يىپەك يولى»نىڭ قەشقەر بىلەن بالاساغۇننى تۈگۈن قىلىپ، قاراخانىلار سۇلالىسى زېمىنىدىن ئۆتۈشى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، بەلكى مەدەنىيەت جەھەتتىن يۈكسىلىشىگىمۇ ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. شۇڭا قاراخانىلار سۇلالىسى XI ئەسىرگە كەلگەندە، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن رەۋناق تاپقان ۋە مەدەنىيەتلىك بىر سۇلالە بولۇپ قالغان. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئەنە شۇ دەۋر ئىجتىمائىي ئىدىيولوگىيىسىنىڭ مەھسۇلى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن كەڭ بىلىمگە ئىگە بىر زور ئالىم ئىدى. بىز بۇ ماقالىدە پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئىقتىسادىي ئىدىيىسىگە دائىر بىر مەسىلە ئۈستىدە، يەنى سىرت بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىدىيىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز.

## 1

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرسى — قاراخانىلار

سۇلالىسىنىڭ چەتئەللەر ۋە ئىچكى جايلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى كۈچەيتكەنلىكىدىندۇر. ھەر قانداق بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ باشقا دۆلەت ۋە مىللەت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى شۇ دۆلەت ۋە شۇ مىللەتنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى بولسا ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەرەققىي قىلغان. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ئىش تەقسىماتىنى كۆرسىتىدۇ. ياكى بولمىسا ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئىش تەقسىماتىنى كۆرسىتىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتى بىر تۈرلۈك كۆپ خىل تارماقلار سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، ھەم ماددىي ئەشيالارنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئوخشاش بولمىغان تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەقسىماتىنى، مەسىلەن، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، ترانسپورت قاتارلىق چوڭ تارماقلارنىڭ ئومۇمىي ئىش تەقسىماتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەم ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالاھىدە ئىش تەقسىماتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، سانائەت ئېغىر سانائەت ۋە يېنىك سانائەت دەپ ئايرىلىدۇ.

ئېغىر سانائەت يەنە ماشىنىسازلىق سانائىتى، مېتاللورگى-
يە سانائىتى، كۆمۈر سانائىتى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ.
ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-
نىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. خېلى
بۇرۇنلا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىش تەقسىماتى بار
ئىدى. ئۇ چاغدا، بىر تەرەپتىن ئۇرۇقداشلىق قەبىلى-
سىنىڭ ئىچكى قىسمىدا جىنسىي ۋە ياش قۇرامىدىكى
پەرقىگە ئاساسەن شەكىللەنگەن تەبىئىي ئىش تەقسىما-
تى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسى ئۇرۇقداشلىق
كوممۇنىلىرى ئوتتۇرىسىدا مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشقا
ئەگىشىپ شەكىللەنگەن جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
ئىش تەقسىماتى بار ئىدى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانىيەت تارىخى-
دا ئۈچ قېتىم چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى كېلىپ
چىقتى. بىرىنچى قېتىم چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق
ئايرىلدى. ئىككىنچى قېتىم قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن
دېھقانچىلىق ئايرىلدى. ئۈچىنچى قېتىم جەمئىيەتتە ئىش-
لەپچىقىرىشقا قاتناشماي تاۋار ئالماشتۇرۇش بىلەنلا
شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر سىنىپى كېلىپ چىقتى. ھازىر
ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ مۇرەك-
كەپلىشىپ كەتتى. ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى
ئىسپاتلىدىكى، بارلىق ئىش تەقسىماتىنىڭ ھەممىسى
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ
نەتىجىسى، بەلكى يەنە بىر تەرەپتىن، ئىش تەقسىماتى-
نىڭ تەرەققىياتىمۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-

نىڭ يۇكسىلىشىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى، مەخسۇسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭا «بىر مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى شۇ مىللەتنىڭ ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىدە ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىدۇ»①. قاراخانىلار سۇلالىسى كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، خېلى ئۇزاق ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر سۇلالە بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كەڭ زېمىندا ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى راۋاجلانغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودىگەرچىلىك ئىشلىرى بۇرۇنقى سۇلالىلەرگە قارىغاندا تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋردە راۋاجلانغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ «ئەللىك يەتتىنچى باب دېھقانلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش باياندا»، «ئەللىك سەككىزىنچى باب سودىگەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش باياندا»، «ئەللىك توققۇزىنچى باب چارۋىچىلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش باياندا»، «ئاتمىشىنچى باب قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش باياندا» مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## 2

## ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە ئۆلۈك تەرەققىي

① ماركس: «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم، بىرىنچى كىتاب، 42 - بەت.

قىلىشى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە
تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرسى.
قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىش تەقسى-
ماتى راۋاجلانغانلىقتىن تاۋار، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى
جانلانغان. بۇ دەۋردە تاۋار، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ را-
ۋاجلانغانلىقى ئالدى بىلەن شەھەر - بازارلارنىڭ
راۋاجلانغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى تار مەنىدىن
ئېيتقاندا، بازار — تاۋار ئالماشتۇرۇلىدىغان سورۇن.
بۇ دەۋردە ئەسلىدە بار بولغان شەھەر - بازارلار-
نىڭ دائىرىسى كېڭىيىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نۇر-
غۇن يېڭى شەھەر - بازارلار بارلىققا كەلگەن.
X — XII - ئەسىرلەردە ئىلى ۋادىسىنىڭ ئۆزىدى-
لا 50 دىن ئارتۇق بازار پەيدا بولغان. شەھەرلەر
سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇشتىن تاشقىرى،
ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى ئىلگىرىكىدىن زور دەرى-
جىدە ئاشقان. چۈنكى، شەھەرلەردە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇ-
چى قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سانى كۆپەيگەن، ئوتتۇرا -
كىچىك سودىگەرلەر ۋە ئېلىپ - ساتارلارنىڭ سانىمۇ كۆ-
پەيگەن. نەتىجىدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە پۇل مۇئا-
مىلىسى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان.

ھەممىگە مەلۇمكى، تاۋار — ئالماشتۇرۇش (سېتىش)
ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتى. ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچلىرى راۋاجلىنىپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆز-
نىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالاي-
دىغان بولغاندىلا، ئاندىن تاۋار ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

تاۋارلار قانچە كۆپ ئىشلەپچىقىرىلسا، بازارنى كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆز رايونى دائىرىسىدىكى ئىستېمالچىلار-نىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن تاشقىرى، باشقا رايون ۋە دۆلەتلەرگە تاۋار چىقىرىپ سېتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەرەققىي قىلدى. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى-نىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى دا-ئىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى جايلار ۋە چەتئەل-لەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى راۋاج-لاندى، يەنى ئىچكى سودا راۋاجلىنىپلا قالماستىن، تاش-قى سودىمۇ راۋاجلاندى. قاراخانىلار سودا كارۋانلىرى سۇڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە «ئۇزاق دېگەندە بىر-ئىككى يىلدا، تېز دېگەندە ھەر يىلى بېرىپ تۇرغان». ئۇلار سۇڭ سۇلالىسىغا ئاساسلىقى «ئۈنچە-مەرۋايىت، قى-زىل مارجان، زۇمرەت، پىل چىشى، مەستىكى رومى، قۇشتە، كەھرىۋا، گۈللۈك رەخت، نوشدۇر، لۆگىيەن، شىجىن تاۋار، ئىگەر-جابدۇقلۇق ئات، بىرلىئانت، سىماب، ئات. قېچىر قاتارلىق تاۋارلارنى ئېلىپ بارغان»①. بۇ تاۋارلارنىڭ بەزىلىرى قاراخانىلار سۇلالىسى دائىرىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان، بەزىلىرى بولسا، باشقا دۆ-

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. خوتەن تەزكىرىسى»

لەتلەر بىلەن سودا قىلغاندا ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسىگە ئاپىرىپ سېتىلغان. سۇڭ سۇلالىسىغا ئېلىپ بېرىلغان تاۋارلار ئىچىدە مەستىكى رومى زور مىقدارنى ئىگىلىگەن. شۇڭا بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا، «ئۇ يەردىن مەستىكى رومى چىقىدۇ. ھەر قېتىم كۆپلەپ ئېلىپ كېلىندۇ. سودىگەرلەر ئۆز ئالدىغا سېتىپ پايدا ئالىدۇ. ئۇلار ئالمىسا دۆلەتكە ئوبدان باھادا ساتىدۇ. شۇڭا تېخىمۇ كۆپ ئېلىپ كېلىدۇ» دېيىلگەن. قاراخانىلار سودىگەرلىرى ئاپارغان تاۋارلىرىنى ساتقاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى، مەسىلەن، يىپەك توقۇلما بۇيۇملار، چاي، كىيىم - كېچەك، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېلىپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. بۇنى تۆۋەندىكى بېيىتلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

4419 بۇنىڭدىن كېيىنكى تىجارەتچىدۇر،
قىلىپ ئال - سات ئۇ تىنماي پايدا تاپۇر.

4423 شەرقتىن غەربكە يۈرۈپ ئايلىنۇر،
تىلەكىڭ نە نەرسە ساڭا كەلتۈرۈر.

4425 ئەگەر كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان،
قارا قاما جۇۋا كېيەتتىڭ قاچان؟

4426 توزۇتماس بولسا چاڭ قىتان كارۋىنى،
قەيەردىن كېلەتتى تۈمەن خىل ناغى؟

4427 كېزىپ گەر سودىگەرلەر يۈرمىسىدى،
بۇ ئۈنچە تىزىقنى كىم كۆرەر ئىدى؟

4426- بېيىتتا تىلغا ئېلىنغان «قىتان كارۋىنى»—
قاراخانىلار سۇلالىسىغا قاتنايدىغان سۇڭ سۇلالىسى
كارۋانلىرى بولماستىن، بەلكى سۇڭ سۇلالىسى ۋە لياۋ
سۇلالىسىغا قاتنايدىغان قاراخانىلار سۇلالىسى كارۋانلى-
رى بولۇش مۇمكىن. بۇنىڭغا «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»،
«سۇڭ سۇلالىسى قانۇن - تۈزۈملى-
خوتەن تەزكىرىسى»،
رى، يات ئەللەر»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكى
نۇرغۇن خاتىرىلەر ئىسپات بولسا كېرەك. «سۇڭ سۇلا-
لىسى تارىخى. خوتەن تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن
1072 - يىلى قاراخانىلار سۇلالىسى سودا كارۋانلىرى-
نىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا بىر قېتىمدىلا «31 مىڭ جىڭدىن
ئارتۇقراق كېلىدىغان، 44 مىڭ تىزىقتىن ئارتۇقراق
پۇلغا يارايدىغان مەستىكى رومى ئېلىپ كەلگەنلىكى،
ئۇنى سېتىپ بولالماي 3000 تىزىق ئەرزانلىتىپ
سۇڭ سۇلالىسى خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى،
خانىنىڭ «ماقۇل كۆرگەنلىكى» دەك پاكىتمۇ بۇنىڭغا
ئىسپات بولالىشى مۇمكىن.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سۇڭ، لياۋ سۇلالىرى
بىلەن قويۇق ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتى بولۇپ-
لا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ جەنۇب ۋە غەرب تەرەپ-

تىكى ھىندىستان، ئىران، ئافغانىستان، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپالار بىلەنمۇ راۋاجلانغان سودا مۇناسىۋىتى بار ئىدى. يازما تارىخىي ماتېرىياللار، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، بولۇپمۇ پۇل ماتېرىياللىرى بۇنى كۈچلۈك تۈردە ئىسپاتلايدۇ. «پۇل – ئالماشتۇرۇش ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئالىي مەھسۇلى»①. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە پۇل مۇئامىلىسى راۋاجلانغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قەشقەر بىلەن ئاتۇش ئارىلىقىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسى پۇللىرى ساقلانغان چوڭ بىر مەنبە تېپىلدى. ئۇ يەردە 120 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى پۇل ساقلانغان. مەكىتتىمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى پۇلى ساقلانغان مەنبە تېپىلدى. چەتئەللەردە ۋە ئېلىمىزدە ئېلان قىلىنغان قاراخانىيلار سۇلالىسى پۇلىغا دائىر ئەسەرلەردىنمۇ ئۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى:

1. ماركوۋ تۈزگەن «خانلىق ئېرمىتاۋ مۇزېيى مۇسۇلمانلار پۇللىرى بۆلۈمىدە ساقلانغان پۇللار كاتالوگى» (1896 - يىل). بۇ، بۈگۈنگىچە قەدىر ئىنتايىن مۇھىم بولغان مۇسۇلمانلار قەدىمكى پۇللىرى كاتالوگى بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا زۆرۈر ماتېرىيال.

2. ئەخمەت تەۋەمد تۈزگەن «ئوسمان ئىمپېرىيە-

---

① لېنىن «كارل ماركس». «ماركس – ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (سىياسىي ئىقتىساد قىسمى) ١، ٣٦٥ - بەت.

سى مۇزېيى مۇسۇلمان پۇللىرى بۆلۈمىدە ساقلانغان پۇللارنىڭ كاتالوگى» (1903 - يىل).

3. ۋ. ئا. داۋىدوۋىچنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسى قەدىمكى پۇلشۇناسلىقىغا دائىر بىر قاتار ئەسەرلىرى. بۇ ئەسەرلەردە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تېپىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى پۇللىرىنى ئېلان قىلغان.

4. خۇاڭ ۋېنجۇنىڭ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر ئەسەرلىرى. بۇ ئەسەرلەردە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان بەزى پۇللىرى ئېلان قىلىنغان. بۇلاردىن تاشقىرى، ئافغانىستان، پاكىستان، ئىران، ھىندىستاندىكى بەزى ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بەزى پۇللىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بۇ دەۋردە پۇل ئوبوروتىدىكى بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئىلگىرىكىگە نىسبەتەن ئالتۇن - تىللا ئىشلىتىشنىڭ كۆپەيگەنلىكى. نۇرغۇن شەھەرلەردە ئالتۇن دەرھەملەر سوقۇلغان، قويۇلغان ھەم پايال تۈردە ئوبوروتقا كىرگەن. مەسىلەن، سۇلايمان بۇغرا قاراخان دەۋرىدىكى ئالتۇن دەرھەم (مىلادى 1032 - يىلى)، مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ بۇغراخان دەۋرىدە چىقىرىلغان ئالتۇن دىرھەملەر، سۇلايمان قادىر تامغاچ قاراخان دەۋرىدىكى ئالتۇن دەرھەملەر. تىللانىڭ ئوبوروتقا كىرگۈزۈلۈشى زور مىقداردىكى تاۋارلار ئىنمىنىي ئېخىمۇ كۆپ بولغان پۇلنىڭ سېتىۋېلىش ۋاستىسىنى قىلىنىشىنى-

تەلەپ قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارا سودىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈردۇ. قاراخانىلار سۇلالىسى سودا كارۋانلىرىنىڭ شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە توختىماي مال يۆتكەپ، سودا ـ سېتىق قىلغانلىقىدەك ئىقتىسادىي پائالىيىتى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ:

4423 شەرقتىن غەربكە يۈرۈپ ئېلىنۇر،
تىلەكىڭ نە ئەرسە ساڭا كەلتۈرۈر.

4425 ئەگەر كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان،
قارا قاما جۇۋا كىيەتتىڭ قاچان؟

4427 كېزىپ گەر سودىگەرلەر يۈرمىسىدى،
بۇ ئۈنچە تىزىقنى كىم كۆرەر ئىدى؟

دېگەن بېيىتلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادە قىلىنغان. دېمەك قەدىمكى «يىپەك يولى» جۇڭگونىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان. بۇ ئەمەلىيەتتىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ھەرقانداق بىر دۆلەت، رايون ۋە مىللەت ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئويلايدىكەن، سىرت بىلەن بولغان ئىقتىساد سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك.

«قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش

لازىم». يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تاشقى ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى تەتقىق قىلىش رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيەمىز 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بۇ فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىساد-سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇردى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد تەرەققىياتىدا مۇھىم روللارنى ئوينىماقتا. قەشقەر — قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنى باي قىلىشتا يېڭى «يىپەك يولى»نى كەڭ ئېچىپ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەشقەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشكە قوشىدىغان تۆھپىسىنى چوڭايتىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش

### يۈسۈپجان ئېلى

ئېلىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ قانۇنشۇناسلىق تارىخى مەيدانىدىن مۇھىم ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ بولغان مەشھۇر ئەسەر — «قۇتادغۇ بىلىك» ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدا X – XI ئەسىرلەردە تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۈچ سۇلالە ئىچىدىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تىپىك ئىدىيولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شۇ دەۋردىكى قانۇنشۇناسلىقىغا كۈچلۈك ئاساس سالغان قانۇن - مىزانلىرىنىڭ توپلىمىدۇر. ئۇنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ — ئوتتۇرا ئەسىردە ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋرنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغ قانۇنشۇناستۇر. ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇنشۇناسلىق كۆزقاراشلىرى ئېلىمىز

ئۇيغۇر قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارلاق نامايەندىسى، شۇنداقلا ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇڭگو قانۇنشۇناسلىقى ۋە دۇنيا قانۇنشۇناسلىقىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ بىرى. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەينى زاماندىلا دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقى ۋە XIX ئەسىرنىڭ 1- چارىكىدىن باشلاپ تەتقىق قىلىنىشقا كىرىشكەن دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن يۈكسەك دەرىجىدە باھا بېرىلگەنلىكى، بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھەر مىللەت ئالىملىرى تەرىپىدىنمۇ تەتقىق قىلىنىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنىڭ ئېتىراپ قىلىنغانلىقىدۇر. ئۇنىڭ جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنىڭ ئېتىراپ قىلىنغانلىقى — ئۇيغۇر مىللىتى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غايەت زور شان - شەرىپى ۋە پەخرى.

«قۇتادغۇ بىلىك» — پارتىيىمىزنىڭ 3-. ئومۇمىي يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى ۋە سوتسىيالىزم دەۋرىدە ھەر مىللەت مەدەنىيىتىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پېشقەدەم ئالىم، مۇتەخەسسىس، ئەدىب ۋە تىل تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەجىر سىڭدۈرۈشلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى نەشىردىن چىقتى. يەنە ئۇنىڭ نەسرىي يەشمىسى نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ خۇددى تەپرىقچىلىق تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن

قاچ ـ قاچتا بىر ـ بىرىنى يوقىتىپ قويۇشقان ئانا بىلەن بالىنىڭ جاھان تىنچىپ، ئەل ـ جامائەت بېسىققاندا قايتا تېپىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ كۆرۈشكىنىدەك ۋەقە. ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زور ئىش. شۇنداقلا قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدە، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە زور خوشاللىق ئىش.

ئىشىنىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنشۇناسلىقىمىز ئۆزىگە ماركسىزم ـ لېنىنزىمنىڭ قانۇنشۇناسلىق تەلىماتىنى يېتەكچى قىلىپ ئىلگىرىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قانۇنشۇناس ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ۋە «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ئۇلۇغ ئىدىيىسىگە ئىجادىي ھالدا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭ جەۋھەرىدىن تېخىمۇ ئوبدان بەھىر ئېلىپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا يېڭىچە قەدەم تاشلاپ ئىلگىرىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۈيۈك ئەسىرىدە ئەكس ئېتىلگەن قانۇنشۇناسلىققا دائىر شانلىق ئىدىيەلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ، ئۇنى ئىلمىي ئاساستا تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانۇنچىلىق جەھەتتىكى پايدىلىق نەتىجىلىرىنى ھازىرقى قانۇنچىلىقىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەن بۇ ئاددىي ماقالەمدە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى رېئال ھاياتتا ئوينىغان رولى ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. يولداشلارنىڭ ۋە پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى ئۇنىڭ گۇمانىزم (ئىنسانپەرۋەرلىك) نۇقتىئىنەزىرى ئاساسىدا تىكلىنىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، شۇ دەۋر ۋە شۇ جايدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تاقالغان. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى — ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ جېنى — «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن جاراڭلىق خىتاپتۇر. ئالىم داستاندا «قانۇن» دېگەن ئاتالغۇ (ئەسلى تېكىستكە بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىدە «تۆرۈ») نى ئىپتىخارلىق بىلەن 101 جايدا تىلغا ئالغان. «قانۇن» غا مۇناسۋەتلىك بولغان مەزمۇن، ئاتالغۇلار بولسا داستاننىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ ۋە بىزگە ئۇنى بىر «قانۇن

دەستۇرى» دەپ ئېتىبار قىلىشىمىزغا تولۇق ئىمكانىيەت
بېرىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «قانۇن» دېگەن بۇ ئاتالغۇ
قانۇننىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ۋە كونكرېت قانۇن
بەلگىلىمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كەڭ ۋە تار ئىككى
مەنىسى بار. ئۇنىڭ كەڭ مەنىسى قانۇننىڭ بىر پۈتۈن-
لۈكىنى، يەنى دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئېتىب-
راپ قىلىنغان ھەمدە دۆلەت زورلۇق كۈچىنىڭ كاپالى-
تى بىلەن يولغا قويۇلىدىغان ھەرىكەت قائىدىلى-
رىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ تار
مەنىسى مەخسۇس قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە دۆ-
لەت ئورگىنىنىڭ قانۇن تۈزۈش تەرتىپى بويىچە تۈزۈپ
ئېلان قىلغان قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججىتىنى، يەنى
ماددىلىق يازما قانۇننى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھا-
جىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان بىر
قاتار قانۇن مەسىلىلىرى ئەنە شۇ «قانۇن» ئاتالغۇسى-
نىڭ كەڭ مەنىسىدىن ئىبارەت. يەنى ئۇ، قاراخانىلار
خاندانلىقىنىڭ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش
توغرىسىدا يول كۆرسەتكەن، ئومۇمىي پروگرامما خاراك-
تېرىدىكى ھۆججەت بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ «شەرئىي مەھ-
كىمە» (قازىخانا) دە تۈزۈلگەن پەتىۋا ئەمەس. شۇڭ-
لاشقا، ئۇ بىزگە[*] جىنايەتنىڭ تۈرلىرى ۋە جىنايەتكە
قوللىنىلىدىغان جازانىڭ خىللىرى، شۇنىڭدەك سوت
قىلىش تەرتىپى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەر ھەققىدە
ئېنىقراق كۆرسەتمە قالدۇرۇپ كېتەلمىگەن. بۇنىڭ بۇن-

داق بولۇشىدا يەنە مۇنداق ئىككى سەۋەبمۇ بار: بى-
رىنچىدىن، قەدىمدە ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە ئەخلاق مىزا-
نى بىلەن قانۇن ۋە دىن مىزانلىرىنى بىر - بىرىدىن
ئاجرىتىپ چىقىش ناھايىتى تەس ئىدى. شۇڭا «قۇتادغ-
غۇ بىلىك» تە قانۇن كۆز قارىشى ئەخلاق ۋە دىن
كۆز قاراشلىرى بىلەن، قانۇن - مىزانلار ئەخلاق ۋە
دىنىي مىزانلار بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەت-
كەن. ئىككىنچىدىن، جىنايى ئىشلار قانۇنى — ئىسلام
قانۇنىنىڭ ئەڭ ئارقىدا قالغان بىر تارماق بولۇپ،
ئۇنىڭدا «جىنايەت» دېگەن ئۇقۇم ئېنىق شەكىللەنمىگەن.
«قۇرئان»دا جىنايەت جازاسى ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئان-
دا - ساندا تىلغا ئېلىنغان. ئاساسلىقى «دوزاختىكى ئازاب»
بىلەن «جەننەتتىكى راھەت» كۆپرەك تەكىتلەنگەن.
ئۇنىڭدىن سىرت، ئىسلام قانۇنىدا باشقا قانۇن سىستېمى-
لىرىگە ئوخشاش، سوت قىلىشنىڭ شەكلى ۋە تەرتىپى
مۇرەككەپ ۋە قاتتىق بولۇش تەلەپ قىلىنمىغان، يازما
ئاساسلارنىمۇ كۆپ تەكىتلەپ كەتمىگەن. شۇڭلاشقا، ھا-
زىرغا قەدەر ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە ياشاپ كېلىۋات-
قان ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ قانۇنشۇناسلىق تارىخىدا،
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قانۇن دەستۇرى» بولۇشقا مۇناسىپ
ئۆلمەس داستانى — «قۇتادغۇ بىلىك»تىن باشقا، قانۇن
مەسىلىلىرىنى شەرھىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان قانۇن
كىتابى ياكى يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىقى ھازىرغىچە بىزگە
تېخى مەلۇم ئەمەس. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قانۇنشۇناس-
لىق ئەھۋالىدىن ئالىتىم «قۇتادغۇبىلىك» نى پۈتۈپ

قويمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا مىڭ يىل بۇرۇنقى
ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئەھۋالىدىن بىزگە
كىمگە مەلۇمات بەرگەن بولاتتى؟ ئەگەر بۇ داستان
يېزىلىپ كىشىلىك دۇنياسىدا قالدۇرۇلمىغان بولسا، بۇ-
گۈنكى كۈندە بىراۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ: بۇنىڭدىن مىڭ
يىل بۇرۇن قەشقەرلىق يۈسۈپ ئاتلىق بىر ئۇيغۇر ئا-
لىم. جاھانغا «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر»
دەپ جاكالىغان، دېيەلەرمىدى؟ ناۋادا، دېگەندىمۇ،
كىشىلەر: قېنى ئۇ ئۇلۇغ ھېكمەتنىڭ شۇنداق
دەپ يازغان بىرەر پارچە ھۆججىتىنى كۆرەيلىچۇ!؟ دې-
گەن سوراقنى قويماي تۇرۇپلا. ھەئە شۇنداق، دەپ
ئىشىنەرمىدى؟ ۋەھالەنكى، قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس
ھاجىپ بۇ ئۇلۇغ ئەسىرىنى، يېزىش ئۇسلۇبى ئاسان
بولغان ماددىلىق قانۇن تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى ئى-
پادىلەش ئۇسۇلى قىيىن، مەتەن قىلىش كۈچى كۈچ-
لۈك بولغان شېئىرىيەت ئۇسلۇبىدا يازغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇنى جەھەتتىن (مەزمۇنى-
نىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن گەپ ئاچمىدۇق) ئېلىمىزنىڭ
قەدىمكى قانۇنشۇناسلىقىغا ئاساس سالغان «جۇ ئەدەب-
يوسۇنلىرى»، لى كۇينىڭ «ئالتە پارچە قانۇن دەستۇ-
رى»، خەن سۇلالىسىنىڭ چېن شىخۇاڭنىڭ قانۇنى ئاسا-
سىدا تۈزۈپ چىققان «توققۇز بابلىق قانۇن» ۋە قو-
شۇمچە قانۇنى، 60 بۆلۈم 359 بابلىق ئوردا قانۇنى،
ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىن تارتىپ سۈي سۇلالىسى
دەۋرىگىچە بولغان سۇلالىلەرنىڭ قانۇنلىرى، ئاتاقلىق

«يېڭخوي قانۇنى» ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن شەرھلىرى، ئۇندىن كېيىنكى سۇڭ، لياۋ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنلىرىغا ئوخشاش ماددىلىق يازما قانۇن بولماستىن، بەلكى گۇەنجوڭنىڭ ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى تولۇق شەرھلەنگەن، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى تەكىتلەنگەن «گۇەنزى» دېگەن كىتابى، خەن فېينىڭ بۇرۇن ئۆتكەن قانۇنشۇناسلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى يەكۈنلەپ، شېڭ داۋىنىڭ «ۋەزىيەت»، شېڭ بۇخەينىڭ «سەنئەت»، لى كۇي ۋە شياڭ ياڭنىڭ قانۇن ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن ۋە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان قانۇنشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن «خەن فېيزى» دېگەن كىتابى. ئارىستوتېلنىڭ دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ سىياسىي پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان، سىياسىي پەن بىلەن قانۇنشۇناسلىق بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن «سىياسىي پەن» دېگەن كىتابى. شۇنداقلا سىياسىيشۇناسلىق ۋە قانۇنشۇناسلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان لوكنىڭ «ھۆكۈمەت ھەققىدە»، مونتېسكيۇنىڭ «قانۇنلار روھى ھەققىدە» ۋە رۇسسونىڭ «ئىجتىمائىي پۈتۈم ھەققىدە» دېگەن كىتابلىرىغا ئوخشاش قانۇن، ھوقۇق، دۆلەت پەلسەپىسىنى شەرھلىگەن ئالەمشۇمۇل ئېنسىكلوپېدىيىلىك قامۇستۇر. ئەگەر ئۇ ئۇنداق بولمىسا، شۇ چاغدىكى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت سارىيىدا شەيخۇل ئىسلام، مۇپتى (تەتقىق قى-

لىپ پەتىۋا چىقارغۇچى) ۋە قازى (سوتچى) لار تەرى-
پىدىن تۈزۈلۈپ ئەلگە جاكالانغان ئەمىر - پەرمان،
بەلگىلىمە ۋە قانۇن - ياساقلارنىڭ پۈتۈكچىلەر تەرى-
پىدىن پۈتۈلگەن يازما پۈتۈكلىرى بولۇپ، خۇددى مى-
لادىدىن 501 يىل بۇرۇنقى دىڭ شىنىڭ «بامبۇكقا
يازغان جازا ماددىسى» ۋە مىلادىدىن 513 يىل بۇرۇن-
قى جىن بەگلىكىدىكى جاۋياڭ قاتارلىقلارنىڭ قۇيدۇرغان
«جازا داڭقىنى» نىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمىگىنىگە
ئوخشاش. زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولسا ئىدى،
ئۇ ھالدا بۇنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق كۆز
قاراشلىرىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىپ تەتقىق قىلى-
شىمىزغا ناھايىتى زور ياردىمى بولغان بولاتتى. ئەپ-
سۇسكى، بىز نۆۋەتتە بۇنداق پۈتۈكنامىلەردىن پۈتۈن-
لەي مەھرۇممىز. شۇڭلاشقا، بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي تەت-
قىقاتىمىزنى ھازىرغىچە قويالمايمىز.

قانۇنشۇناس ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ
قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان
«ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» نى داستان-
نىڭ ئۇلى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزى نۇرغۇن
قېتىم تىلغا ئالغان «قانۇن» نىڭ دەۋر خاراكتېرلىك
مەزمۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ تەتبىق قىلىنىدىغان ئوبيېكتلى-
رىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداقلا بۇ مەزمۇن ۋە ئو-
بيېكتلار ئۈستىدە بىر - بىرلەپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ،
ھەر بىر مەزمۇن ۋە ئوبيېكتلارغا قارىتا يەنە قا-
نۇن ئۆلچىمىنى ئىنچىكە ۋە ئادىل تەتبىق قىلغان. بىز

ئۇنىڭ بۇ تەتبىقلىرىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يار-
لىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن قاراخانىلار سۇلالىسى
دەۋرىدىن سەل - پەل بۇرۇنراق ئۆتكەن فېئودالىق
سۇلالە - تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە كې-
يىنكى سۇلالىلەرنىڭ قانۇن شەرھلىرىدىن تۈپتىن
پەرقلىق بولغان بىر ئىدىيىنى كۆرىمىز. تاڭ سۇلالىسى
قانۇنىدا، دۆلەت پادىشاھلىرىنىڭ تۇغقانلىرى، ئاقسۆ-
ڭەكلەر، ئەمەلدار - تۆرىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا
«ئون جىنايەت» نىڭ دائىرىسىگە كىرمىسىلا ئۇلارغا ۋە-
زىيىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى-
تۆۋەنلىكى بويىچە «ئېتىبار بېرىش»، «مۇراجىئەت قى-
لىش»، «كېمەيتىش»، «ساقىت قىلىش» ئۇسۇلى ئارقى-
لىق كەڭچىلىك ئىمتىياتىغا ئېرىشىدىغانلىقى بەلگىلەن-
گەن. ئادەتتىكى ئەمەلدارلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا،
«ئەمەلگە سۇندۇرۇش»، «پۇل تۆلەپ ساقىت قىلىش»
نى جازانىڭ ئورنىغا قويغان. ئۇ قانۇن ئېگىز - پەس،
خوجايىن - قۇل، ئەزىز - خار، ئەر - ئايال دېيى-
غان دەرىجە مۇناسىۋەتلىرىنى ئاشكارا قوغدىغان.
قەدىمكى ئىسرائىلىيىدىمۇ ئېسىلزادىلەر قانۇنغا خىلاپلىق
قىلسا ئۇنىڭغا يول قويۇلغان، «مەرتىۋىسىز» ئادەم
ئوغرىلىق قىلسا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھەد (ئاللا بەلگىلى-
گەن جازا) ئىجرا قىلىنغان. ئەمما، بىز «قۇتادغۇ بىلىك»
تە بۇنىڭغا ئوخشىغان تەڭسىزلىكلەرنى ئۇچراتمايمىز. ئەك-
سىچە، دەرىجىچىلىككە ۋە تۆرىچىلىككە قارشى قويۇلغان.
ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشى لازىم-

لىقى توغرىسىدىكى شانلىق نۇر چاقناپ تۇرغان ئىلغار ئىدىيىسىنى كۆرىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشاھلارنى، بەگلەرنى، ئۆلىمالارنى، «ئېرىق» لارنى، «ئېرىقسىز» لارنى، ئوغلىنى، يېقىن تۇغقىنى ياكى يات كىشىنى، يولۇچىنى، ئۆتكۈنچى مۇساپىرنى ھەتتا پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى (سەئىد) نىمۇ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان «ئادىل قانۇن» دا تاغافىنىڭ چىشىدەك باراۋەر كۆرىدۇ، ئېگىز - پەس، چوڭ - كىچىك، ئەزىز - خار دەپ ئايرىمايدۇ، ھۆكۈم چىقارغاندا ھېچبىرىگە يۈز - خاتىر قىلمايدۇ. ئۇ، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تەكشىسىزلىكى تۈپەيلىدىنمۇ جىنايى قىلمىشنىڭ سادىر بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، يالغۇز ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچىلا يەتكىلى بولىدىغان تەڭلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىگە قاراپ تۇرماي، ئەمەلىي تەدبىر ئارقىلىق ھەقىقىي ئىجتىمائىي تەڭلىكنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى دانالىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ:

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

817 كېرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

دېگەنلىرىدىن، شۇنداقلا يوقسۇللارنىڭ تۇرمۇش سەۋى-
يىسىنى ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، ئوتتۇرا
ھاللارنى سەل بايلاشتۇرۇش، بايلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئوت-
تۇرا ھال سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت ھەممە
تەبىقىلەرنىڭ نىسپىي تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئەلنى
بېيىتىش ئىسلاھات لايىھىسىدىنمۇ كۆرىمىز (مىساللار
قىسقارتىلدى).

ئىسلام قانۇنىدا باشقا فېئودال دۆلەتلەرنىڭ قانۇن-
لىرىدىكىگە ئوخشاش تەبىقە تۈزۈملىرى ئېغىزغا ئېلىن-
مىغان، شۇنىڭدەك فېئوداللار بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتى-
يازلارمۇ بەلگىلەنمىگەن، پەقەت «سەئىد»لەر ئادەتتىكى
مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن پەرقلىق بولۇپ، «قۇرئان»نىڭ
قەسەس سۈرىسىدىكى «زېمىندا بوزەك قىلىنغانلارغا
مەرھەمەت قىلماقچىمىز، ئۇلارنى يېتەكچىلەر ۋە ۋارىس-
لار قىلماقچىمىز» دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، مەلۇم ئىم-
تىيازلارغا ئىگە بولغان. لېكىن، بۇنداق مەلۇم دائىرىدە
پەرقلىق بولىدىغان ئىمتىياز كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەن-
دە ئايرىم خەلقلەر ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىكلىشى-
شىگە ئەگىشىپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا قانداشلىق
جەھەتتە يېقىن كەلمەيدىغان، مىللىتى ئەرەب ھېسابلى-
نىدىغان ياكى ھېسابلانمايدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھ-
كام ۋە ئەركانلىرىدىن خەۋىرى بار ياكى يوق، ئاللاغا
ئىبادەتنى راست ئىخلاس بىلەن قىلىدىغان ياكى رىياكار-
لىق بىلەن قىلىدىغان روھانىلار ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ
ئۆزىنى ئىقابلاش قورالىغا ئايلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا

ئېزىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى ياقلايدىغان يۇقىرى تەبىقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار «سەنەد» دېگەن بۇ شان - شەرەپتىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە بايلىق توپلاشقا، مال - دۇنيا يىغىشقا كىرىشىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ خىل ئىمتىياز تەدرىجىي كۈچىيىپ، بەزى جايلاردا پەيغەمبەرلىك، «سەنەد» لىك دەۋاسى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھەتتا «سەنەد» لەرگە قىلىنىش خاتا تۇرۇقلىرىغا ھېچكىم تىل تەگكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان. بۇ ھال مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي كۈرەشنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، ياخشىلار يوقالغان، رەزىللەر كۆپەيگەن، ئادالەت ئەلدىن كۆتۈرۈلگەن، پادىشاھلاردا ئىنساپ - تەۋپىق قالمىغان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالنى دەۋرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كۆزەتۋاتقان قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنى «زۇلۇم جاھاننى خانىۋەيران قىلىدۇ، خەلق زۇلۇمنى كۆتۈرمەيدۇ، زالىم ھاكىمىيەت تەختىدە ئۇزاق سەلتەنەت سۈرەلمەيدۇ، ئادىل قانۇن بىلەن جاھان ئوڭشىلىدۇ» دېگەن ئۇلۇغ سىياسىي قانۇن كۆز قارىشىنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەب بولغان (2032-، 2030-، 2031-، 2034 - بېيىتلەرگە قارالسۇن).

بۇ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئېچىپ بەرگەن. ئۇ، ئادەملەرگە قارىتا كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ياخشىنىڭ يامانغا ئايلىنىدىغانلىقى ۋە يامانىنىڭ ياخشىغا

ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى
دىئالېكتىك ئۇسۇل بىلەن بايان قىلغان ۋە بەگ ياخشى
كىشىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا، يامانلار ئىشنى ياخشى قى-
لىدىغان بولىدۇ؛ بەگ يامان كىشىنى ئۆزىگە يېقىن
تۇتسا، يامانلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئەلگە جاھالەت ياغى-
دۇ؛ بەگ يامان بولسا يامانلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ،
ياخشىلارغا ئۇۋال بولىدۇ؛ بەگ ياخشى بولسا ياخشىلار-
نىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، يامانلارغا بازار قالمايدۇ، دېگەن
پەلسەپىۋى كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ (870 —
895 - بېيىتلارغىچە) ۋە توغرىدىن توغرا قاراخانىلار
خانلىقىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان نەسەب سۆيۈرغاللىق تۈزۈ-
مىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش مە-
سىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان ياخشى - يامانىنى سۈرۈشتۈرمەي،
خان جەمەتىدىنلا بولسا ۋەزىپىگە قويۇشتىن ئىبارەت
جان تومۇر مەسىلىگە تېگىش قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق
فارابىنىڭ «ئىنساندا تۇغما ئەخلاق بولمايدۇ، ئۇ، تەر-
بىيە، ئەقىل - پاراسەت ۋە شەخسنىڭ تاللىۋېلىش
ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ، ئەخلاق — تاشقى مۇھىت
بىلەن شەخسنىڭ ئىرادىسى ئارقىلىق ئۆزگىرىش ياسايدۇ،
ئەقىل — ئەقلىي بىلىش ۋە سەۋىيە، ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ
قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن پەلسەپىۋى ئەخ-
لاق كۆزقارىشىغا يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۇنى تەستىقلايدۇ
(1678-، 1680-، 1681-، 1682-، 1683 - بېيىتلار-
غا قارالسۇن) ھەمدە «سەئىد» لەرنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ
دېگۈدەك ئەخلاقلىق، ياخشى بولۇشىنىڭ ناتايىنلىقىنى

جەزملەشتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلار-نىڭ ئېھتىياجلىرىنى ناچارلىرىنى سورۇشتە قىلىش لازىملىقى (4340 - بېيىت)نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «سەئىد»لەر تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ غادىيىپ يۈرىدىغان تاماخور، ئاچكۆزلەرنىڭ ئىسلام قانۇنىدا يول قويۇلغان ئىمتىيازدىن خالىغانچە بەھرىمەن بولۇشىنى قاتتىق سۆكىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كۆز قا-راشلىرى «خوتۇن ئېلىشتا ئايال كىشىنىڭ پۇل - مېلى، شان - شەرىپى، ھۆسن جامالى ۋە دىيانىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىيانەتلىك خوتۇننى ئالغىن. ئاللا سېنى ئۆز پەزلىتىدىن باي قىلىدۇ»① دېگەن ھەدىسنىڭ روھى شەرھلەنگەن «ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى باپا-ىندا» دىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ، ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشىنىڭ باي خوتۇن، چىرايلىق خوتۇن، ئېسىل نەسەبلىك خوتۇن ۋە تەقۋادار خوتۇن قاتارلىق تۆت خىل خوتۇنغا ئۆيلىنىش ئارزۇسىنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، ئېسىل نەسەبلىك خوتۇنغا ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشىنىڭ نەسەبى ئېسىل خوتۇنغا ئۆيلىنىشتىن مەقسىتى ئۇلۇغلۇق ئىستىغا قوۋۋانىپ (كىبىر-لىنىپ) يۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكى (4488 - بېيىت). بۇنداق مەقسەت بىلەن بۇيۈكلۈككە ئىنتىلىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ بۇنىڭلىق بىلەن ئۆمرىنى خار قىلى-ماسلىق كېرەكلىكى (4495 - بېيىت)، ئۇرۇق نەسلى بۈيۈك

① مۇستەفا مۇھەممەد ئەمىن: «مەھمۇزلۇغاتى جەۋھەرلىرى ۋە قە-نەلانى شەرھى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981- يىل 10- ئاي 1-نەشرى، 247 - بەت.

سانىلىدىغانلارنىڭ سۆزى چوڭ، تىلى ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنداق خوتۇنلارغا ئۆيلەنگۈچىلەرنىڭ ھەرگىز خوتۇنلىرىنىڭ قولى بولۇپ قالماسلىقى (4495-بېيت) نى ئېيتىدۇ. بۇ، بىر تەرەپتىن بىزگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىسلام قانۇنىنىڭ نىكاھقا ئائىت مەسىلىلىرىنى يورۇتۇپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام قانۇنىدا يول قويۇلغان «سەئىد» لەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئۆزلىرىنى ئېسىل نەسەبتىن دەپ ماختىنىپ يۈرىدىغان ئاياللار ۋە شۇنداق ئاياللارغا ئۆيلىنىش ئارقىلىق خوتۇنلىرىنىڭ سايىسىدا ئۆزلىرىنى ئىمتىيازغا ئىگە قىلماقچى بولغان ئەرلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ.

ئۇ يەنە، تائەت ـ ئىبادەتنى بىلىپ تۇرۇپ قىلسا ئۇنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ؛ بىلمىسىز تۇرۇپ قىلغان ئىبادەتتىن ئۇخلاۋاتقان بىلىملىكنىڭ ساۋابى ئۈستۈن بولىدۇ؛ تائەت ـ ئىبادەتلىك كىشىمەن دەپ تولا ماختىنىپ يۈرمەسلىك كېرەك، ئەڭ ياخشىسى ھەققە تائەت قىلىش كېرەك (3223-، 3224-، 3225-، 3255- بېيىتلار) دەيدۇ ۋە دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىدىغان، رىياكار، ھەسەتخور، نەپسانىيەتچى، ئاچكۆز، تاماخور روھانىلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. بۇ كۆزقاراش ئەينى زاماندا پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپقىلا خاس بولۇپ، بۇ، قانۇنشۇناس ئالىمنىڭ ئىسلام قانۇنى — «شەرىئەت» نى يېگىلاشتىكى بىر

خىل ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىشى ئىدى.

ئۇ، پادىشاھلارغا زاھاكتەك خەلقنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىماي، پەرىدۇندەك خەلقنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش (241-، 242-، 243-، 244- بېيىتلار)، ئالىپ ئەرتوڭا (ئاپراسىياپ) دەك قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش (286- بېيىت)، نۇشىرۋان ئادىلدەك ئادىل ئائىدە - نىزاملارنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ ۋە بىر ئالىمنىڭ: نۇشىرۋان گەرچە مۇسۇلمان بولمىغىنى ئۈچۈن دوزاخقا تاشلىنىشقا تېگىشلىك بولىسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ھەقىقەت يولىدا كۆرسەتكەن ئادالىتى ئۈچۈنلا دوزاخنىڭ ئازابىغا قالمايدۇ، دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، «ئادالەت» ئۇقۇمىنى مۇسۇلمان رادىكاللىرىنىڭ «گۇناھ»، «ساۋاب» قارىشى دائىرىسىدىن ھالقىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرىدۇ. مۇسۇلمان بولمىغان بىر شاھ شۇنداق قىلالىغان يەردە، ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان، ھەققە بويسۇنغان مۇسۇلمان بەگلىرىنىڭ تېخىمۇ شۇنداق قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە شاھلاردىن، بەگلەردىن ئادىل بولۇشنى، زۇلۇمخورلار بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇ، كۈن ئۆزىنىڭ يورۇقلۇقىنى ئېرىغ ياكى ئېرىغسىز دەپ ئايرىماي جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە تەڭ چاچقاندەك، پادىشاھ بولغان كىشىمۇ ئۆزىنىڭ شاپائىتىنى ئاھالىلىرىنى ئېرىغ ۋە ئېرىغسىز دەپ ئايرىماي بارلىق كىشىلەرگە تەڭ كۆرسىتىشى كېرەك، دەيدۇ

(830-، 831-، 832- بېيىت). ناھايىتى روشەنكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئېرىغ» ۋە «ئېرىغسىز» دېگەنلەر «تازا»، «پاكىز» ۋە «پاك بولمىغان»، «مەينەت»① دېگەنلەرگە ئوخشاش مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ، زامان نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، «ئېرىغ» لار مۇسۇلمان بولغانلارنى، «ئېرىغسىز» لار مۇسۇلمان بولمىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە فارابىغا ئوخشاش ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ گارمونىك ھەمجەھەتلىكىنى ياقلاپ، پادىشاھلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئەل ۋە خەلقىمۇ مۇسۇلمان بولغان ئەل ۋە خەلققە مۇئامىلە قىلغىنىغا ئوخشاش باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى، قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش دېگەننى شۇ چاغدىلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ئىسلام قانۇنىدىكى مۇسۇلمانلارغا كەڭرەك، غەيرىي مۇسۇلمانلارغا قاتتىقراق تەتبىق قىلىنغان بىر تەرەپلىمە بەلگىلىمىلەرنى، مەسىلەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى رەت قىلغان يەھۇدى، خرىستىيان دىنىدىكىلەر ھەمدە كېيىنكى مەزگىللەردە قاراخانىلار تەۋەلىكىدىكى بۇددا، شامان ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنىي ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ئەركىن خەلقلەردىن ئېلىنىدىغان نوپۇس بېجى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان بەزى چەكلىمىلىرى، مۇسۇلمان بولمىغان قۇللارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى قۇللۇق ئورنى، ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى قاتارلىق جەھەت-

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم 15-، 85-بەتلەر.

لەردە، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن
كېلىپ چىققان باراۋەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۇلارغا
باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۇ يەنە داستاندا، نۇرغۇن ئەللەرنى ئۇرۇش
ئارقىلىق ئىستېلا قىلغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنە قانائەت
تاپماي، زېمىن كېڭەيمىچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ،
باشقىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىشنىلا كۆزلەيدىغان، مال-
دۇنيا تالىشىپ ئۇرۇشۇپ تۇرمىسا كۆڭلى تىنمايدىغان
ئۇرۇشخومارلارنى قاتتىق ساتىرا قىلىدۇ (5434 –
بېيتتىن 6445 – بېيتكىچە) ھەمدە ھوقۇق تالىشىش،
باسمىچىلىق، قىرغىنچىلىقلارنى قانۇننى بىلمىگەنلىكتىن
كېلىپ چىققان جىنايى قىلمىش، دەپ تەرىپلەيدۇ
(1737 –، 1738 –، 1739 – بېيتلارغا قارالسۇن).

ئۇ، ئادىل قانۇننى ئاسماننىڭ تۈۋرۈكىگە ئوخشى-
تىپ، تۈۋرۈك ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئاسمان يىقىلىپ چۈ-
شىدۇ، دەيدۇ؛ زۇلۇمنى ئوتقا، قانۇننى سۇغا ئوخشىتىپ،
قانۇن بىلەن جاھان تۈزۈلىدۇ، زۇلۇم بىلەن جاھان
بۇزۇلىدۇ، سۇ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ، يەنى ئادىل قانۇن
زۇلۇمنى يوقىتىدۇ دەيدۇ. مەسىلەن:

3463 ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئىرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464 يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

2032 زۇلۇم — ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۈرەر،
قانۇن — سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۈنەر.

2034 ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزۈلۈر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىيىپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.

ئۇ، خانلارنىڭ قانۇن كۆز قارىشى ھەققىدە توختىلىپ، خانلارنىڭ قانۇن كۆز قارىشى كۈچلۈك بولسا خەلقىنىڭمۇ كۈچلۈك بولىدىغانلىقى، خانلارنىڭ ئاجىز بولسا خەلقىنىڭمۇ ئاجىز بولىدىغانلىقىنى، ئالدى بىلەن خان قانۇنغا ئۆزى رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ:

2111 ئىنچۈك تۇتسا ئادەت ۋە قانۇننى خان،
بولۇر خەلقمۇ شۇنداق، شۇ ئادەتسىمان.

5201 دېمەك بۇلغىنىشلارنى بولسۇن سۈزۈك،
سۈزۈل سەن، كېيىن خەلقمۇ بولغاي تۈزۈك.

5203 بۇزۇلسا خەلق، ئۇنى بۇ بەگلەر تۈزەر،
ئۇنى كىم تۈزەر بەگ بۇزۇلسا ئەگەر؟

5282 يامان بولسا ئېلىگ جاھاننى بۇزار،
توسۇقچى بولمىسا يولىدىن ئازار.

4016 قانۇن بىرلە تەرتىپنى بىز تۈزىمىز،
ياراشقايمۇ بۇزساق ئۇنى ئۆزىمىز؟

ئۇلۇغ قانۇنشۇناسىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ 1000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۇلۇغ ھۆكۈمى ئەينى زامان فېئوداللىق تۈزۈمى شارائىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزدىمۇ نەقەدەر قىممەتكە ئىگە - ھە! ئۇنىڭ قىممەتلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ، قانۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان. ئۇنىڭ سۈرەتلىگەن قانۇنى شۇنداق ھەيۋەتلىك ئىكەنكى، ئۇ — ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى، تۈۋرۈك يىقىلىپ چۈشسىلا ئاسمان يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇ نەقەدەر قورقۇنچلۇق - ھە! ئۇنىڭ سۈرەتلىگەن قانۇنى شۇنداق ھەيۋەتلىك ئىكەنكى، ئۇ — ھەدەپ ئۇلغىيىپ كۆيىۋاتقان ئوتقا چېچىلىغان سۇ، ئوتقا چېچىلسىلا ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. بۇنىڭ رولى نېمىدېگەن چوڭ - ھە! بۇ ئۇلۇغ قانۇنشۇناسىمىز قانۇننى ھۆكۈمران سىنىپلاردىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويغان، ئۇنىڭ قانۇنى — جاھاننى بۇزۇۋاتقان ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى توسىدىغان توسۇقچى بولغان. شۇڭلاشقا، ئەينى زاماندىكى قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمران قاتلىمى بۇ قانۇننىڭ قۇدرىتىدىن تەپ تارتىپ، سىياسىي جەھەتتە باشقا خاندانلىقلارغا ئوخشاش بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشكە پېتىنالمىغان.

ئالىمنىڭ يۇقىرىقى ئىلغار قانۇن كۆز قاراشلىرى — پۇلى ۋە «يۈزى» بارلار دەۋاسىنى ئاقتۇرىدىغان، پۇلى ۋە «يۈزى» يوقلار قىلغان ئەرزى يوللۇق تۇرۇقلۇق دەۋاسىنى ئاقتۇرالماي خورلۇق تارتىدىغان ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتنىڭ يامان ئىللەتلىرىگە ئورۇنلۇق

زەردىلىك قامچا بولۇپلا قالماي، بەلكى بۈگۈنكى سوت-
سىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز ئىز-
چىل تۈردە تەربىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بەرسىمۇ تۈ-
زەلمەي كېلىۋاتقان بەزى ناچار ئىللەتلەر، مەسىلەن،
قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تار-
تىدىغان، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدىغان، نەپ-
سانىيەتچىلىك تۈپەيلىدىن ھەقنى ناھەق قىلىۋېتىدىغان،
دۆلەتنىڭ قانۇنىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، باشلىق-
نىڭ سۆزىنى قانۇن ئورنىغا قويىدىغان، باشلىقنىڭ دېگىنى
قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، قا-
نۇن ماددىلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى لازىم تاپىدىغان
ناچار قىلمىشلارغىمۇ تىلىنغان قاتتىق تەنقىد. بىز قال-
غان تەنقىدلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، مۇشۇ تەنقىدنى قو-
بۇل قىلالىساقلا ناھايىتى چوڭ ئىش قىلغان بولىمىز.

ئالىم، پادىشاھلارنى دۇرۇس ۋە راستچىل بولۇشقا
چاقىرىدۇ. ئۇ، تىلى بىلەن دىلى، ئىچى بىلەن تېشى
بىردەك بولغان كىشىنى ھەقىقىي چىن كىشى دەپ ئې-
تىراپ قىلىپ، ئەل ئىچىدە ئۇيالماي يۈرىكىنى ئالقىنىغا
ئېلىپ جامائەتكە كۆرسىتىپ يۈرەلىگەن كىشى دۇرۇس
ئىش قىلىدۇ، دەيدۇ (862-، 863-، 864-، 865-
بېيىتلار). دېمەك، ئۇلۇغ قانۇنشۇناس ئالىم يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ھەقىقەتەن «يۈرىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ،
ئۇيالماي خەلققە كۆرسىتەلەيدىغان»، «تىلى بىلەن دى-
لى، تېشى بىلەن ئىچى بىردەك بولغان»، «چىن ۋە
دۇرۇس» ھەقىقەت ئىگىسىدۇر. شۇڭا ئۇ، جاھالەتلىك

ئوتتۇرا ئەسىردە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قاراڭغۇلۇق تەرەپلىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن سېزىۋېلىپ، ئەجەللىك مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆتكۈر ۋە ئىنچىكە تەپەككۇر يۈرگۈزگەن ۋە تىل تەگكۈزەلىگەن. شۇڭلاشقا ئۇ، ئەينى زاماندىكى خانلىق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ «خاس ھاجىپ» لىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ۋە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بەزى ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىلار خانلىقىدا نۆشىرۋاندەك تۈزگەن ئادىل قانۇن - مىزانلىرى ئۇنىڭدىن ئالاھىزەل يەتتە ئەسىر كېيىن ياشىغان ژان. ژاك. رۇسسو (1712 — 1778) نىڭ رادىكال دېموكراتىك قانۇن كۆز قاراشلىرى ۋە بەش ئەسىر كېيىن ياشىغان توماس مور (1478 — 1535) نىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمىغا ئوخشاش قۇرۇق خام خىيال بولماستىن، بەلكى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناپ، بىر مەزگىل چولپان بولۇپ يورۇغان.

2

تارىخ ئاشنالىرىغا مەلۇمكى، تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق پەيلاسوپلاردىن ئارستوتېل بىلەن فارابىلار دۆلەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئۆزى ياشاۋاتقان مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرەلىگەن. شۇڭا ئۇلار ئارزۇ قىلىشقان «غايىۋى

دۆلەت» توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، بىر «غايىۋى جەمئىيەت» نىڭ ساماۋىي ئوبرازىنى سىخېمىلاشتۇرۇپ چىققان. XVIII ئەسىر ئويغىنىش دەۋرىدىكى فرانسىيىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ۋە بۇرژۇئا دېموكراتچىسى رۇسسو «ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى ھەققىدە» (1755 - يىل)، «ئىجتىمائىي پۈتۈم ھەققىدە» (1762 - يىل) قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرىدە كۆپ قېتىم قانۇننى شەرھلەپ، ئىنسانلار جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنى تۈگىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە خېلى ئىزدەنگەن. ھوقۇق بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى چوقۇم توغرا بىر ياقلىق قىلىش لازىملىقىنى، خەلق چوقۇم قانۇننىڭ ئىجادچىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر بولۇشى لازىملىقىنى، قانۇن ئىمتىيازنىڭ مەلۇم شەخسكە باقىۋەندە بولۇپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىنى، قانۇننى بۇيرۇقۋازلىق بىلەن شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، خەلقنىڭ قانۇننى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى جاكالىغان. ئەمما، ئاخىرىدا قانۇن تۈزگۈچى كىشى چوقۇم باشقا دۆلەتتىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىنگەن «دانىشمەن كىشى» بولۇشى كېرەك، دېگەننى تەرغىپ قىلغان. دۇنيادا تۇنجى بولۇپ خىيالىي سوتسىيالىزمغا ئاساس سالغان ئەنگلىيىلىك خىيالىي سوتسىيالىزمچى توماس مور ئۆزىنىڭ 1516 - يىلى يازغان «ئۇتوپىيە» دېگەن كىتابىدا، ئۇتوپىيە ئارىلىدا ھەممە ئاھالىسى باراۋەر بول-

غان، ئەمەلدارلىرى سايلام بىلەن بارلىققا كەلگەن، جەمئىي-
يەت تىنچ، تەرتىپى ياخشى بولغان، ئۇرۇش، زوراۋان-
لىق تۈگىگەن، ئوغرى - قاراقچىلار يوقالغان، پۇقرالى-
رى كېچىسى ئىشىك تاقىماي ئۇخلايدىغان، ئىستېمال
بۇيۇملىرىنى ھەركىم ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىدى-
غان بىر كەلگۈسى غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئوبرازىنى
سىزىپ چىققان، ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ بۇ كۆز قاراش
ۋە غايىلىرى ئىشقا ئاشمىغان. ئەمما، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ
ئۇلۇغ قانۇنشۇناسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا، بىرىن-
چىدىن، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئارىستوتىل، فارابىلار-
دەك ئارزۇ قىلغان «غايىۋى دۆلەت» ھەققىدە چۈش
كۆرمىگەن؛ ئىككىنچىدىن، رۇسسو ۋە توماس مورلاردەك،
باشقا ئەلدىن «دانىشمەن كىشى» تەكلىپ قىلىپ كېلىپ
ئادىل قانۇن تۈزۈپ چىقىشنى، شۇنداقلا ئىشقا ئاشماي-
دىغان «ئۇتوپىيە» لىك خام خىيال دۆلىتىنى بارلىققا
كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلمىغان، ئەكسىچە، قاراخانى-
لار خانلىقىنىڭ نۇشىرۋان ئادىلى بولۇپ، ئۆزى ئىجتىما-
ئىي ئەمەلىيەتكە بىۋاستە قاتنىشىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان
دۆلەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان
قانۇنشۇناسلىققا خام ماتېرىيال قىلغان، بۇزۇلۇشقا باش-
لاۋاتقان مەۋجۇت دۆلەت تۈزۈمىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك
مىسال ئېلىپ ۋە ئۇنىڭ مەنبەلىرىنى ئىزدەپ، تېپىپ،
ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ۋە باشقۇرۇشنىڭ قانۇن پروگراممى-
سىنى تۈزۈپ چىققان، شۇنداقلا بۇ يولدا بەزى ئىسلا-
ھاتلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ ـــ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن

ئېتىقاندا، دۇنياۋى خاراكتېرلىك ناھايىتى زور ئىلغار-لىق. ئالىمنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۇنيا قانۇنشۇناسلىق ئىلمىغا قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ بىرى دېگىنىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

فېئودالىزم شارائىتىدا گەرچە تەڭلىك، باراۋەر-لىك دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدىغان ۋە ئىشقا ئاشمايدىغان بىر غايىۋى چۈشەنچە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ قانۇنشۇناس ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئادىل قانۇن بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىش»، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ئىدىيىسى ئەينى زاماننىڭ رې-ئال ھاياتىدا ئىنتايىن زور رول ئوينىغان. ئېلىمىز ئۇي-غۇرلىرى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بول-غان فېئودال خانلىق — قاراخانىلار خانلىقى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىختا گۈللەپ راۋاجلانغانلىقىنى ئالىمنىڭ «دۆلەتنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، جەمئىيەتنى شۇ قانۇن - مىزانلار بى-لەن باشقۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بىز قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئالىم ياشىغان دەۋرى ۋە پۈتكۈل تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قانداق-تۇ «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ۋۇئۇس-كىسى ئېسىلغان، ئەمما «قانۇن» نىڭ شۇلىسىنىمۇ كۆر-گىلى بولمايدىغان «ئۇتوپىيە» لىك جەمئىيەتنىڭ بىر سىماۋى ئوبرازىنى ئەمەس، بەلكى دۆلەت تەرىپىدىن

تۈزۈلۈپ ئېتىراپ قىلىنغان ئادىل قانۇنىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېڭىچە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنىتىلىپ، ئەل ئاسايىشلىق تاپقان بىر غايىۋى مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ جۇلالىق ئوبرازىنى كۆرىمىز. بۇ ئوبراز «قۇتادغۇ بىلىك» تە. كۆزىمىزگە بىر تەكشىلىك ئۈستىدە ئەبەدىي ئەمەس، بەلكى ئېگىز - پەسلىك ئۈستىدە ۋاقىتلىق چېلىقىدۇ. ئۇ گاھ پەيدا بولىدۇ، گاھ غايىب بولىدۇ. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى — «ئادىل قانۇن» نامايان بولۇپ، ئادىل ئىجرا قىلىنىغانلىقىدىن جەمئىيەت ۋەزىيىتىدە بولغان ئۆزگىرىش؛ غايىب بولۇشى — «ئادىل قانۇن» بۇرۇختۇم تۇمانلار ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، ئادىل ئىجرا قىلىنالمىغانلىقتىن جەمئىيەت ۋەزىيىتىدە بولغان بۇزۇلۇش. ئۇنداق بولسا، شۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرگەن ۋە بۇزۇلغان چاغلىرىغا قاراپ باقايلى.

## زامانىنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

ئايتولدى (ۋەزىر) نىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگ (پادىشاھ) ھۇزۇرىغا خىزمەتكە كەلگەن ۋاقتى. بۇ ۋاقىتتا، قانۇن تۈزۈلۈپ، دۆلەت كۈچىيىپ، كۈندىن كۈنگە راۋاجلىنىپ، بىر مەزگىل باياشاتلىشىدۇ، خەلق جاپادىن قۇتۇلىدۇ، «قوزا بىلەن بۆرە بىر يەردە بولالايدىغان» ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ؛ دۆلەتنىڭ مالىيە بايلىقى (ئالتۇن - كۈمۈش) ئېشىپ، شەھەر - كەنت بىنا قىلىش ئىشلىرى چىڭ تۇتۇلىدۇ، خەلق پادىشاھقا دۇئا

قىلىندۇ، پادىشاھنىڭ كۆڭلى سۆيۈنىدۇ، پادىشاھنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ داڭقى تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىدۇ (1038-، 1039-، 1040-، 1041-، 1042-، 1043-، 1044 - بېيىتلەرگە قارالسۇن).

## زامانىنىڭ ئىككىنچى قىسىم ئۆزگىرىشى

ئايتولدىنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى. ئايتولدىنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىشى بىلەنلا، جاھاندا بۇزۇقچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئارقىدىنلا ئايتولدى ۋاپات بولىدۇ. كۈنتۇغدى ئېلىگ بۇ مالىمانچىلىقنى ئوڭشاپ، قانۇننى قايتىدىن نامايان قىلىپ، دۆلەتنى تۈزەپ خەلقنى بېيىتىدۇ، ئەمما مەسلىھەتچىسىز (ۋەزىرسىز) قالغاچقا، بەگلىكنىڭ ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي، يەنە قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىدۇ (1051 — 1547 - بېيىتلارغىچە قارالسۇن).

## زامانىنىڭ ئۈچىنچى قىسىم ئۆزگىرىشى

كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ۋەزىرلىككە ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى ئالدۇرۇپ كەلگەن ۋاقتى. ئۆگدۈلمىش ۋەزىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى، قانۇننى ۋە ئادەتلىرىنى تۈزىتىدۇ ۋە يېڭىباشتىن يېڭى قانۇن يولغا قويۇلىدۇ. خان ئوردىسىدىكى ئىشىكلەر تاقىلىپ قېلىپ ئىش توختاپ كېتىشتەك ئەھۋاللار تۈزى-

تىلىپ، ئىشخانىدىكى كۆندىلىك ئىشلار راۋانلىشىدۇ. دۆۋاغا كەلگەنلەرنىڭ ئىشلىرىنى ساقلاتمايلا پىچاقتەك كېسىپ ھەل قىلىپ بېرىلىدۇ. خان ئۆگدۇلمىشكە ئالىي ھوقۇق (تامغا)، مەرتىۋە (ئۇنۋان)، ھەربىي قىسىم (قوشۇن)، قاتناش قورالى (ئات)، جەڭ قورالى (ئوقيا، نەيزە)، ئابروي (تون) قاتارلىقلارنى بېرىدۇ. ئۆگدۇلمىش يۇقىرىلارنى ھۆرمەتلەپ زۇلۇمنى تۈگىتىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆزىدىكى يارامسىز قىلىقلارنى تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئاپپاراتىدا قانۇننى ئۆزى تۇتۇپ ئۆزى بۇزىدىغان ئەھۋال تۈگەپ، قانۇنىنىڭ كۈچى رەسمىي نامايان بولىدۇ. «يامانلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ياخشىلارغا ئۇۋال بولىدۇ» غان ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلىپ، «ياخشىلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، يامانلارغا بازار قالمايدۇ» غان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى پىغىپەرەسلەر تۇرالماي ۋەتىنىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ (بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ۋەتىنىنى تاشلاپ قاچقانلارنىڭ كىملىكىنى بېكىتىش بۇ ماقالىمىزدە تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلە بولمىغاچقا، ئۇ قاراخانىلار تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىزدىنىشىگە قالدۇرۇلدى). دۆلەت يەنە بىر مەركىزلىك ئاۋاتلىشىدۇ. خەلق خۇشاللىققا چۆمىدۇ. باشقا دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئەلچىلەر ئەۋەتىپ خانىنى مۇبارەكلىشىدۇ ۋە شۇ ئارزۇلىرى بىلەن ئۆزلىرىمۇ ياخشى قانۇن تۈزۈشنى ئىلان قىلىشىدۇ (1641-، 1642-، 1643-، 1644-، 1652-، 1653-، 1654-، 1770-

1771-، 1772-، 1773-، 1774-، 1886-، 1887-،
1888- بېيتلارغا قارالسۇن). بۇ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تەرىپىنى تۆۋەندىكىلەرگە نەزەر سېلىش ئارقىلىقمۇ ئۇچۇق كۆرەلەيمىز:

خان ئۆز دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ۋەزىيەتنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ۋەزىرى ئۆگدۈلمىشتىن: كۈنىمىز قانداقراق؟ يۇرتىمىزدا كەمبەغەللەر كۆپمۇ، بايلارمۇ؟ ئەل ئىچىدە قانداق يارامسىق ۋە يارامسىز ئىشلار بار؟ خەلقنىڭ ھال - كۈنى قانداقراق؟ خەلق ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى سۆكۈۋاتامدۇ ياكى ماختاۋاتامدۇ؟ قوسۇرىمىز كۆپمۇ، پەزلىمىزمۇ؟ دەپ سورايدۇ (3097-، 3098-، 3099-، 3100- بېيتلارغا قارالسۇن). ئۆگدۈلمىش خانغا خەلقنىڭ رازىلىق ئاۋازىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن: قانۇندىن ئىبارەت بۇ سۆزۈك سۇنى ئوتتىن ئىبارەت زۇلۇمنىڭ ئۈستىگە ئېقىتقانلىقىمىز ئۈچۈن، زۇلۇمدىن ئىبارەت بۇ ئوت ئۆچۈرۈلدى. ئادىل قانۇننى يولغا قويۇشىمىز بىلەنلا جاھان تۈزىلىپ كەتتى، ئەمدى دۆلىتىمىزدە ھېچكىممۇ زۇلۇمغا ئۇچرىمايدىغان بولدى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ (3102-، 3103-، 3104-، 3105-، 3106-، 3107-، 3108- بېيتلارغا قارالسۇن). يەنە: بەگ غاپىل بولسا ئاپەت ياغاتتى، بەگ يۇمشاق قوللۇق قىلسا زوراۋانلارنىڭ نوخۇلىسى ئۆرلەپ ئەلگە تېگىش قىلاتتى، بەگ ئاچكۆز بولسا خەلقنىڭ باغرىنى تىلىپ، قېنىنى شورايتتى، بۇ ئۈچ نەرسە زۇلۇمنى پەيدا قىلاتتى. بىزنىڭ بەگلىك-

ـمزده بۇ ئەھۋاللارنىڭ بىرسىمۇ يوق. شۇڭا خەلـقىمىز
رازى، كىيىم ـ كېچەكى پۈتۈن، قورسىقى توق، دەيـدۇ
(3109ـ، 3110ـ، 3111ـ، 3112، 3113ـ بېيىتلارغا
قارالسۇن).

## زامانىنىڭ تۆتىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

كۆنتۆغدى ئېلىكنىڭ خانلىقنى ياخشى داۋام قىلـدۇرۇش ئۈچۈن ۋەزىرى ئۆگدۈلمىشنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ بىرىش نىيىتىدە ئۆگدۈلـمىشنىڭ پانىي دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تاغدا يالغۇز ئىبادەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمان قېـرىندىشى ئودغۇرمىشنى ئوردا خىزمىتىگە ئۈچ قېتىم ھەكـتۆپ يوللاش بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈرگەن ۋاقـتى. بۇ ۋاقىتتا يېڭىباشتىن يەنە بىر كۆڭۈلسىز دەۋرى بارلىققا كېلىپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ئۆگىشىلىدۇ (5624ـ، 5625ـ، 5626ـ، 5627ـ، 5628 ـ بېيىتـلارغا قارالسۇن). بۇ دەۋردىمۇ خەلق بېيىدۇ، زۇلۇم (تاگۈق) كەلـمەسكە كېتىپ، ئىسيان ۋە توپىلاڭلار (بولـغانۇق) توگەيدۇ (5950ـ، 5951ـ، 5952ـ بېيىتلارغا قارالسۇن).

## زامانىنىڭ بەشىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

ئودغۇرمىشنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى. بىر داستانـ

نى زوق بىلەن ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭدىن
كېيىنكى دەۋردە ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى-
نىڭ ئىزناسىنىمۇ كۆرەلمەيمىز. ئەكسىچە، ھەسرەت ئى-
چىدە قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، زا-
مانىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئالىم يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ بۇنىڭغا ئېچىنىپ، زامانىنىڭ بۇزۇقچىلى-
قىدىن ئاجايىپ شىكايەت قىلغانلىقىنى كۆرىمىز (6489-،
6492-، 6588-، 6593-، 6594-، 6595- بېيىتلارغا
قارالسۇن).

خوش، ئۇنداق بولسا، يۇقىرىدا بىز بىر قانچە
قېتىملىق ئويغىنىش ۋە بۇزۇلۇش ۋەزىيىتىنى كۆردۇق.
ئەگەر بىز مۇشۇ «ئويغىنىش» ۋە «بۇزۇلۇش» ۋەزىيىتى
«يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ داستانىدا تەسۋىرلىگەن
غايىۋى جەمئىيەتنى بىر مەۋھۇم غايىۋى دۆلەت ئوب-
رازى بىلەن سىزىپ چىققان» دېگەن چۈشەنچە بىلەن
چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇ ھالدا بىز مۇنداق «ئويغىنىش»
بىلەن «بۇزۇلۇش»نى مەۋھۇم جەمئىيەتنىڭ ئويغىنىشى
ۋە بۇزۇلۇشى دەپ قاراپ، ئالىم يىراقنى كۆرگەن، تە-
رەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكىنى چۈشەنگەن ۋە بۇ قانۇنى-
يەتنىڭ ئالىي نىرۋا سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىشى
بىلەن بىر مەۋھۇم جەمئىيەتنىڭ «ئويغىنىش» ۋە «بۇ-
زۇلۇش» دەۋرىنى خىيالىي سۈرەتلەپ چىققان، دېگەن
خۇلاسىگە كېلىمىز. ئەگەر يۇقىرىقى چۈشەنچىنىڭ تە-
تۈرىسىچە چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇ ھالدا بۇنداق «ئويغىنى-
لىش»نى شەك - شۈبھىسىزكى، رېئال جەمئىيەتتىكى

مەۋجۇت ئۆگشىلىش دەپ، بۇنداق «بۇزۇلۇش» نى مەۋجۇت جەمئىيەتتىكى رېئال بۇزۇلۇش دەپ قاراپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ گۈللىنىش ۋە زەئىپلىشىش دەۋرىنىڭ ئالىم قەلىمى ئاستىدىكى ھەقىقىي چىن خاتىرىسى، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

مېنىڭچە، تارىختا 370 نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇنداق مەشھۇر بىر خاندانلىقنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بۇنداق بىر قانچە قېتىملىق تەكرارلىنىشلارنى باشتىن كەچۈرۈشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش بولۇپ، خۇددى ئالىمنىڭ:

1049 ئۆرلىگەن چۈشەر ھەم چۈشكەنلەر چىقار،
يورۇغان ئۆچەر ھەم يۈرگەنلەر تىنار.

1050 لە ئىشكىم قىلىنسا تولۇقلۇق كۆتەر،
تولۇقلۇققا يەتسە چۈشۈشكە يانار.

دېگەن دانا ھۆكۈمىگە ئۇيغۇن. ئايتولدىنىڭ تولۇن ئايدەك تولۇپ، ھەممە نەرسىسى تولۇق يېتىلگەندە ئالەمدىن يانغانلىق ئەھۋالىغىمۇ، شەرىئەتنىڭ دەسلەپتە ئادىل بولۇپ كېيىن بۇلغانغانلىق ئەھۋالىغىمۇ، قاراخانىلارنىڭ دەسلەپتە گۈللىنىپ، ئاخىرىدا تەدرىجىي زەئىپلىشىپ مۇنقەرز بولغان تارىخىغىمۇ ئۇيغۇن.

ئۇلۇغ ئالىمنىڭ «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى بىلەنلا بۇرۇختۇم تۇمانلار ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئاز كەم 300

يىل كېيىن يەكەننى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان سەئى-
دىيە خانلىقى دەۋرىدە يەنە بىر تېتىم نامايان بولۇپ، دۆلەت ئاسمىنىدا چولپان بولۇپ يورىدى. گەرچە بۇنى ئىسپاتلايدىغان تارىخىي ئىسپاتلىق ھۆججەت قولىمىزدا بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىزچىللىقنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە بىر ماتېرىيال قولىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئۇ بولسىمۇ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى سۇلتان ئابدۇرېشىت خاننىڭ ئۇلۇغ قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىغا ئوقۇمۇشلۇق، جانلىق تىل شەكلى ۋە گۈزەل تەسۋىرىي ۋاستىلەر بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقى (بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنى ئاتۇشلۇق رىشات خان دېگەن كىشى 1936 - يىلىغىچە ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ يىلى قەشقەردە بولغان ئىسياندا ماخۇسە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلانغان) ۋە ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مازىرىنى قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدىن ھازىرقى ئورۇنغا يۆتكەپ قايتىدىن ياساتقانلىقىدۇر①. بۇنىڭدىن تاشقىرى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان «ئەنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» تەدبىرلىرى ۋە شۇ تەدبىرلەرنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەتمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىدىن مەلۇمكى، سۇلتان سەئىدخان ۋە ئابدۇرېشىتخانلار گەرچە فېئودال

① ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ئىككىنچى كىتاب ١- قىسىم، ١٥٥- بەتكە قاراڭ.

پادىشاھلار بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى ئاددىي پۇقرا ئورنىدا
قويۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەڭلىك ـ باراۋەرلىكنى
تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەنلا
ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ئىشى قىلىپ زالىملارنى يوقىتىپ،
خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرغان. مەركەزدىن تارتىپ
يەرلىككە قەدەر ھەممىلا جايدا شەرئىي مەھكىمە، قازى-
خانا، سوراقخانىلارنى تەسىس قىلىپ، قانۇن ئورگانلىرى-
غا قويۇلىدىغان شەيخۇلئىسلام، قازى قۇززات، قازى
مۇپتى، قازى رەئىس، قازى كالانلارنى «قۇتادغۇ بىلىك»
تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر بويىچە تەيىنلەپ،
قانۇننىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان،
خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشتە يالغۇز دوكلاتقا ئىشىنىپ-
لا قالماي، ئۆزلىرى بىۋاسىتە پۇقراچە ياسىنىپ كۆزەت-
كەن، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش
ئەھۋالىنى ۋە ئىنتىزامىنى تەكشۈرگەن. مۇستەھكەم
تەرتىپ ئورنىتىپ، ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك ئەمەل-
دارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كىچىككىنە ئىمتىيازىدىن
خالىغانچە بەھرىمەنلىنىشىگە چەك قويغان، پۇقرالارنىڭ
مەنپەئىتىگە چېقىلىشقا ۋە ئۇنى دەپسەندە قىلىشقا يول
قويمىغان. «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بو-
لۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىگە كىمىكى
زىيان سالسا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يۈز ـ خاتىر قىلماي
سۈرۈشتە قىلغان ۋە دەرھال بىر تەرەپ قىلغان. قىس-
قىسى، بۇ دەۋردە ئادالەت، ھەققانىيەت پۈتۈن جەمئى-
يەتنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كىرگەن.

سۇلتان ئابدۇرىشىتخان تەرجىمە قىلدۇرغان «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ چاغاتاي تىلىدىكى نۇسخىسى بىزگە تارىخىي "قىسمەتلەر تۈپەيلىدىن يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇلۇغ قانۇنشۇناس ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش»، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇش ئىدىيىسىنى ئۆز دەۋرىگە تەتبىق قىلىپ، تارىختا فېئودال پادىشاھلار ئىچىدىكى ئەبەدىلئەبەد نامى ئۆچمەيدىغان، كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدىغان بىر ئادىل سۇلتان بولۇپ قالغانلىقى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ، مېنىڭچە بولغاندا، ئىلىمىز ئۇيغۇر قانۇنشۇناسلىقىدىكى تارىخ بېتىگە يېزىلىشقا تېگىشلىك بولغان تارىخىي تۆھپە ۋە ئىزچىللىقتۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەزمىي يەشمىسى بويىچە نەشىردىن چىقىشى ۋە بۇ ھەقتە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىلمىي مۇھاكىمىلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئەنە شۇ تارىخىي ئىزچىللىقنىڭ داۋامىدۇر.

## «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى «بەخت - سائادەت» غايىسىنىڭ ئۈچ ئاساسىي تۈۋرۈكى

### ئابلىمەت روزى

قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە مەملىكىتىمىز جۇڭگو، قەدىمكى يۇنان، ھىندىستان ۋە ئەرەب - پارس ئەللىرىنىڭ كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلىرى ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان مەۋجۇت جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆز ئەللىرىنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە كەڭ مەنىدە ئىنسانىيەت ئۈچۈن قانداقتۇر ئىنتايىن گۈزەل بىر غايىۋى جەمئىيەت يارىتىش يولىدا چوڭقۇر ئىزدەنگەن ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ رامكىسىدىن ھالقىغان قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى... تاكى XVII ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن «ئۇتوپىك سوتسىيالىزم» (خىيالىي سوتسىيالىزم) چۈشەنچىسىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلمىي سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى مەيدانغا كەلگۈچە، تارىختىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ قاراشلىرى ئاساسەن ئۈمىد - ئارزۇ، غايىدىنلا ئىبارەت بولۇپ كەلدى. جۈملىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان سامانىلار دۆلىتىنىڭ مۇتەپەك-

كۆرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 — 1020) يازغان
«شاھنامە»، ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇتەپەككۇر ئەبۇ نەسىر
فارابى (960— ؟) نىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ
كۆزقاراشلىرى» ناملىق كىتابى، ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت - سائادەتكە
ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) قاتارلىق كىتابلىرى مەۋجۇت فېئودال
جەمئىيەتنى ئەخلاقىي مەنىۋى جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىش
ۋە غايىۋى بەخت - سائادەتلىك جەمئىيەت يارىتىش
ھەققىدە ئۆمۈر بويى ئىزدەنگەن، فېئودال - قۇلدارلىق
دەۋرىنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن قىممەت-
لىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى 120 مىڭ مىسرالىق، ئەدە-
بىياتنىڭ شېئىرىي تىلى بىلەن يېزىلغان داستانىدا «سەل-
تەنەتلىك» ئىران شاھلىرىنىڭ 2000 يىللىق تا-
رىخىنى ئەدەبىيات ۋاستىسى بىلەن كۆرسىتىش ئارقىلىق
زاۋاللىققا يۈز تۇتقان سامانىلار دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىش
ياكى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولسا،
ئەبۇ نەسىر فارابى ئىلمىي تەسەۋۋۇر، مەنتىقىي چۈشەن-
چىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئۈچۈن ئورتاق
بولغان، كەڭرەك مەنىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى كۆزدە تۇت-
قان ئادىل، پاراۋان، گۈزەل غايىۋى جەمئىيەت تەسەۋ-
ۋۇر لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ
كۆزقاراشلىرى تارىخ - ئەدەبىيات، مەنتىقىي تەسەۋ-
ۋۇرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كونكرېت ھادىسە، ئەمە-
لىيەت، رېئاللىقتىن خېلى يىراقتا ئىدى. ئەمما، يۈسۈپ

خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابى XI ئەسىر ئىسلام شارائىتىدە فېئودال قاراخانىلار جەمئىيىتى ۋەقەلىكىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي ھادىسىلىرىنى ئۇقۇملار گۇرۇپپىسى، يەنى كاتېگورىيىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن ئىنتايىن قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەر، شۇنىڭدەك رېئالىزم بىلەن رومانتىزم گىرەلەشتۈرۈلگەن بەدىئىي ئەسەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

شۇڭا ئۇ، يۇقىرىدىكى ئىككى مۇتەپەككۇرنىڭ مېتودى، ئىلمىي چۈشەنچىلىرىدىن كونكرېت، تېرەن ۋە قىسمەن جەھەتلەردە كۆزقاراشلىرىنىڭ زامان ئۇچۇن دائىملىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئەبۇنەسىر فارابى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئارىلىقىدا 70 يىل ئۆتكەن، ئەسەرلىرى ئىككى خىل تىلدا يېزىلغان بولسىمۇ، بىر مۇھىت، بىر ۋەتەندە ياشىغانلىقى ئۈچۈن كۆز قاراشلىرى بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلىدىغان خاس ھاجىپ ئىككىنچى ئۇستاز ئاتالغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر فارابىنى ياخشى بىلەتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھاملانغان دېيىش خاتا بولمىسا كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى قىسقىغىنە ۋەقەلىك سىزىقى (سيۇژېت لىنىيىسى) بويىچە 6640 بېيىت (13280 مىسرا)لىق شېئىرىي تىلدىكى بايانلىرىدىن ئۇ، زامانىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئالىمى، دۆلەت ئەربابى، تەقۋادار مۇسۇلمان، پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى، ئەسەر قاتناشقۇچىلىرىغا بىرىلگەن تەۋسىپ، مەدھىيە ۋە بەزى ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى كۆز

قاراشلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ زامان-
داشلىرىدىن بولغان 972 - يىلى تۇغۇلۇپ 1048 - يى-
لى ۋاپات بولغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇتەپەككۇر ئەبۇ
رەيھان ئەل بىرۇنى، 980 - يىل تۇغۇلۇپ 1037 -
يىل ۋاپات بولغان ئىبىن سىنا، 1040 - يىللىرى تۇ-
غۇلۇپ، 1123 - يىللىرى ۋاپات بولغان ئۆمەر ھەييام،
934 - يىلى تۇغۇلۇپ 1020 - يىلى ۋاپات بولغان
ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلاردىن
خېلى ئەتراپلىق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلاردىن
مەلۇم دەرىجىدە پايدىلانغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىس-
لام دىنى ئومۇملىشىشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى
ۋە پەلسەپىسىنىڭ تارىخىي ئاساسلىرىدىن ناھايىتى كەڭ
ۋە چوڭقۇر خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. پۈتۈن «قۇ-
تادغۇ بىلىك» كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۆت كۆ-
رۈپيا ئوقۇملار سىستېمىسى (كاتېگورىيىلەر)دىكى ھەر
بىر كۆزقاراش، ئىدىيىلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سىللو-
گىزملىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ 423 ئورۇندا نەقىل
كەلتۈرگەن ھېكمەتلىك سۆز، ماقال - تەمسىل، رىۋايەت،
ۋەز - نەسىھەت، ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەم-
بەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ
مەسىلە - مەسائىل ۋە ئەخلاقىي ۋەز - نەسىھەتلىرىدىن
ئېلىنغان بولماي، دەل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى
ئېغىز ئەدەبىياتى، تارىخىي قەھرىمانلار، پەيلاسوپلار،
قوماندانلار، بىلىملىك خان، بەگ، ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ

سۆزلىرىدىن ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ غايەت كۆپچىلىكى مۇ-
سۇلمان بولمىغان دەۋرلەردىن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن،
ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت بەزى سۈپەت-
لىرىلا كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، 1758 - بېيىتتىكى «ياغ-
ما بېگى»، 1594 - بېيىتتىكى «ئۈچ ئوردۇ بېگى»،
2966-، 3815- بېيىتلاردىكى «ئۈچ ئوردۇ خانى»، 1962-
2682 - بېيىتلاردىكى «ئۆتۈكەن بېگى»، 2941- بېيىت-
تىكى «ئۆتۈكە بۇيرۇقى»، 841-، 1629-، 2319 - بېيىتلار-
دىكى «ئىلى ئاتلىقى»، 5354 - بېيىتتىكى «ئۇلۇغ كەنت
بېگى»، 4752- بېيىتتىكى «ئىلى ئەركىنى»، 5043-، 5523-
بېيىتلاردىكى «بۇكە يابغۇسى»، 216-، 3460- بېيىتلاردىكى
«ئەل - كەنت بېگى» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ نەقىللەردىن
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردە ياكى ئۇنىڭدىن
بۇرۇن ئۇلارنىڭ يازما ئەسەرلىرى بارلىقىنى قىياس قىلىش
مىز. ئەپسۇسكى، ئۇلار بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت
يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن (بۇ نە-
قىللەرنى تۇرالەرگە ئايرىپ كارتىغا كۆچۈرگىنىمدە 423
لەر چامىسىدا بولۇپ، تىزىملىكى قولۇمدا ساقلانماقتا).

بۇ يەردە شۇنى قوشۇمچە قىلىمىزكى، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ ئىككى ئورۇندا (3265 - بېيىت) تاجىك ئالىمى
دېگەن بولسىمۇ ئىسمىنى ئېيتمايدۇ. پۈتۈن نەقىللەرنىڭ
يۈرۈشى ئۇيغۇر روھىيىتىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈشە-
نىشىمىزچە،[1] تارىختا ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسى
شۇنداق ئىزچىللىققا ئىگە بولغانكى، فارابى غايىۋى جەم-
ئىيەت ھەققىدە ئەسەر يازغان بولسا، ئۇنىڭدىن 70-

80 يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەن خاس ھاجىپ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدىن 300 يىل كېيىن ئەلىشىر ناۋايى غايىۋى جەمئىيەت ئەخلاقىنى كۆيلىدى. كېيىنرەك ئابدۇرەشىت خان، مىرزا ھەيدەرلەرمۇ ئۆز تارىخى ۋە ئەسەرلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ تولاراقى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان كىشىلەر ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا بابۇر، ئۇلۇغبەك قاتارلىق ئالىملارمۇ شۇنداق. كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار:

365 تەڭكۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك يېشىم،
قوغۇ قىلدى قۇزغۇن تۇسىدەك بېشىم.

366 مېنى قىچقىرىپ، ئاتمىش، دەيدۇ ئۇ كەل!
بارارمەن ئەگەرچە يەتمىسە ئەجەل.

دېگەن سۆزلەرگە قاراپ خاس ھاجىپ 1020 - يىللىرى تۇغۇلغان بولسا كېرەك ، دېيىشمەكتە. شۇنداق بولغاندا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ۋاپات بولغان يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغان، (ماڭا تەڭكۈزۈپ قولىنى ئەللىك يېشىم) دېگەن ۋاقتى 1069 — 1070 - يىللار بولغان بولسا، ئەل بىرۇنى ۋاپات بولغاندا 28 ياش، ئىبىن سىنا ۋاپات بولغاندا 17 ياش، ئۆمەر ھەييام تۇغۇلغان يىلى 20 ياش ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئېيتىشتىكى مەقسىتىمىز، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى

ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق مۆلچەرلەشتۈر.

× × ×

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ چوڭقۇر ئىزدىنىش، يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن زېھنىنى كىتابىنىڭ نامىغا ۋە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان كۆز قاراشلارنىڭ يىغىندىسى بولغان ئۇقۇملار گۇرۇپپىسى (كاتېگورىيىلەر)غا، ئۇبدان ئەستە قالارلىق مەنتىق دائىرىسىگە كىرىدىغان شېئىرىي تىل ئەقىل-ئىدراكتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھېسسىيات (لىرىكا)قا، مۇنازىرىلەرنىڭ راۋان، ئىلمىي، دىئالېكتىكىلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئەدەبىياتنىڭ دراماتىك دىئالوگلار ئۇسلۇبىغا قويغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئىدىيەۋى كۆز قاراشلارنى تۆت چوڭ قىسىمغا، يەنى تۆت ئۇلۇغ ۋە مۇھىم ئۇل ئۈستىگە ئورناتتىم دەيدۇ:

65 بىرى، توغرىلىق ئۈزرە ئادالەت ئىرۇر،
ئىككىنچىسى، دەۋلەت ۋە ئىقبال تۇرۇر.

66 ئۈچىنچى، ئەقىلدۇر ئۇلۇغلۇق بىلە،
تۆتىنچى، قانائەت، ئاپىيەت ئىلە.

67 بۇنىڭ ھەر بىرىگە بېرىپ باشقا نام،
ئاتاپ باشقا ئات بىرلە قىلمىش تامام.

دەيدۇ. يەنى «ئادالەت» ھەققىدىكى پىكىر سىستېمىسىغا
«كۈنتۇغدى ئېلىك» دېگەن نام بېرىپ پادىشاھ ئورنىغا
قويا. «بەخت - سائادەت» ھەققىدىكى پىكىر سىستېمى-
سىغا «ئايتولدى» دېگەن نامنى بېرىپ ۋەزىر ئورنىغا
قويىدۇ. «ئەقىل - پاراسەت، ئىلىم» ھەققىدىكى پىكىرلەر
سىستېمىسىغا «ئۆگدۈلمىش» دېگەن نامنى بېرىپ ئۇنى
ۋەزىرنىڭ ئوغلى دەپ كۆرسەتسە، «ئاقىۋەت - قانائەت»
ھەققىدىكى پىكىرلەر سىستېمىسىغا «ئودغۇرمىش» دېگەن
نامنى بېرىپ ۋەزىرلەر ئائىلىسىنىڭ تۇغقىنى، دەپ
كۆرسىتىدۇ ۋە:

72 بۇنىڭ ھېممەتىن كۆر، مۇشۇ تۆت ئۇزە،
كىتابنى تۈگەتكەن بۇلارنى تۈزە.

دەپ ئىزاھلايدۇ.

بۇ يەردە كىشىنى ئىنتايىن چوڭقۇر خىيالغا سالى-
دىغان بىر مەسىلە كىتابنىڭ نامى ۋە كىتابتا بايان قى-
لىنىدىغان تۆت گۇرۇپپا ئىدىيىۋى كۆزقاراشلارنىڭ ھەر
بىرىگە سىمۋول قىلىپ ئېلىنغان مەنىۋى شەخسلەرنىڭ
پەلسەپىۋى مەزمۇنىغا ئىگە ناملىرىدىن ئىبارەت. «بەخت-
سائادەت» (ئايتولدى)نىڭ ئوغلى ئەقىل- پاراسەت (ئۆگ-
دۈلمىش)، بۇ ئىككىسىنىڭ تۇغقىنى «ئاقىۋەت ۋە قانائەت»
(ئودغۇرمىش) دەپ ئېلىنغان. «كۈنتۇغدى ئېلىك»نىڭ
ئۇلار بىلەن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى يوق، بولۇپمۇ ئەقىل-
پاراسەت (ئۆگدۈلمىش)نى ھەممىدىن ياش، ھەممىدىن پا-
ئالىيەتچان، ھەممىدىن ئۆتكۈر، ئەخلاق- پەزىلەت، بىلىم،
تەجرىبىدە ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويغانلىقىدا.

(بۇ ئىسىملارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى ۋە ئېتىمولوگى-
يىسى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلىرىمىز بولسىمۇ، بۇ يەر-
دە توختالمايمىز.)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت نەپەر سىمۋول
شەخس نامى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان تۆت گورۇپپا
ئىدىيىۋى كۆزقاراشلىرى ئۇنىڭ تەبىرىچە بىر - بىرىگە
چەمبەرچاس باغلانغان، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان،
بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر - بىرىنى تەقەز-
زا قىلىدىغان ئامىللار ھېسابلانغان. گەرچە يۈسۈپ خاس
ھاجىپ ئەدەبىيات ۋەقەلىكىنىڭ تۈزۈلۈش نۇقتىسىدىن
سۆزنى قانۇن - ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولغان پادىشاھ
«كۈنتۇغدى ئىلىگ»تىن باشلىغان بولسىمۇ، مەسىلىنىڭ
تۈگۈنى «بەخت - سائادەت»نىڭ سىمۋولى بولغان ئاي-
تولدى ئۈستىدە. بۇ، تۆت شەخس، تۆت گورۇپپا ئىدىيە-
ۋى كۆزقاراشلار ئىچىدە «بەخت - سائادەتنىڭ سىم-
ۋولى بولغان ئايتولدى، پۈتۈن كىتابىتىكى ئاساسىي غايە
ۋە مەقسەت»، «كۈنتۇغدى ئىلىگ» (قانۇن - ئادالەت)،
ئۆگدۈلمىش (ئەقىل - پاراسەت)، ئودغۇرمىش (ئاقىۋەت
ۋە قانائەت)لار بولسا، سەۋەب - نەتىجە، بەخت - سائا-
دەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ياكى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبا-
رەت بىر ئۇلۇغۋار مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولى-
دىكى كەم بولسا بولمايدىغان، كۆپ قىرلىق، ئاساسىي
مەھكەم، مەزمۇنى باي بولغان پۇختا تۈۋرۈك ھېسابلان-
غان. بۇ سۆزىمىزنى ئاددىيغىنە بىر مىسال بىلەن ئىپا-
دىلىسەك، «بەخت - سائادەت» ئۇقۇمى يۈسۈپ خاس

ھاجىپ تۇرماقچى بولغان غايىۋى ئىمارەتنىڭ تورۇسى ياكى قۇببىسى. «قانۇن - ئادالەت» (كۈنتۇغدى ئېلىگ) بۇ ئىمارەتنىڭ بىرىنچى تېمى، ئەقىل - پاراسەت (ئۆگدۈلمىش) بولسا، بۇ ئىمارەتنىڭ ئىككىنچى تېمى. «ئاقىۋەت - قانائەت» بولسا، بۇ ئىمارەتنىڭ ئۈچىنچى تېمى ياكى تۈۋرۈكى. دېمەك، ئۈچ تام، ئۈچ بۇلۇڭلۇق بىر ئۆيگە «بەخت - سائادەت»تىن ئىبارەت تورۇس يېپىلغان. گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ خىل ئۈچ بۇرجەك ئىمارەتنىڭ ئۈستىدىكى قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلغاندىلا جەمئىيەت راۋاجلىنىپ بەخت - سائادەتلىك بىر جەمئىيەت مەيدانغا كېلىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بولسىمۇ، دۇنيانى يارىتىش، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدا ھەل قىلغۇچ ئامىللىقى ئىسپاتلانغان ماددىي ئاساسقا تايىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمايدۇ. لېكىن، ماددىي بايلىق يارىتىش، شەخس بىلەن جەمئىيەت ۋە دۆلەتنى بېيىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھەرگىزمۇ چەتتە قالدۇرمايدۇ. بۇ ھەقتە سۆزلەنگەن بىرقانچە يۈز مىسرا بار. بۇ، ئوتتۇرا ئەسىر روھانىي چۈشەنچىلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، تارىخنىڭ ئاڭ - سەزىم چەكلىمىسىدىكى جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ خۇسۇسىيىتى بولسا كېرەك.

× × ×

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى توپ غايە — بەخت - سائادەت ياكى بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش. شۇڭا، بۇ

كىتابقا «بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم» دەپ نام بېرىلگەن. شۇنداق ئىكەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بەخت ـ سائادەت»نى قولغا كەلتۈرۈش ياكى مۇقىملاشتۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى قانداق ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەلىللەيدۇ؟

پرولېتارىياتنىڭ داھىيسى ف. ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئەڭ دەسلەپكى يۇنان پەيلاسوپلىرى ئەينى ۋاقىتتا تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئىدى»① دەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي كۆزقاراشلىرىدا يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنە تەبىئەت دۇنياسى، تەبىئەت دىئالېكتىكىسى، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك ۋە باشقا ساھەلەردە چوڭقۇر ئىزدەنگەن. نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى پىششىق بىلىدىغان تەبىئىي پەن ئالىمى ئىدى دېيىشكە بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «تۆت زات» كۆزقارىشى، ئون ئىككى بۇرج، تۆت پەسىل، يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنىڭ دەۋر قىلىش قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى:

142 ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى، ئۈچى كۈزگىدۇر.

143 ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق بولاردىن دۇنيا ۋۇجۇد.

دېگەن قاراشلىرى ئوتتۇرا ئەسىر ئۈچۈن ئېيتقاندا،

① «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» 319 - بەت.

خىلى ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ماتېماتىكىدا «ئۈچ نۇقتا بىر ۋە بىرلا تەكشىلىكتە ياتىدۇ» دېگەن مۇنازىرە تەلەپ قىلىنمايدىغان ھەقىقەت — ئاكسىئوما بار. ماتېماتىكىدىكى ئۈچ نۇقتىنىڭ بىر مۇقىملىقىنى ساقلىيالايدىغانلىقىدىكى قانۇنىيەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىغا، يەنى «قۇتادغۇبىلىك» كىتابىغا ئاساس بولغان. پۈتكۈل «قۇتادغۇبىلىك» ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى مانا شۇ تەبىئىي پەن — ماتېماتىكىدىكى ئۈچ نۇقتا بىر تەكشىلىكنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىيالايدىغانلىق قانۇنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي پەندىكى مۇھىم بىر تېما «بەخت - سائادەت»نى مۇقىملاشتۇرۇش چۈشەنچىسىگە تەتبىق قىلىنىشىدۇر. شۇنداقلا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا مۇقىملىقىنىڭ قانۇنىيىتىنى تونۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىشتىن ئىبارەت تەبىئەت چۈشەنچىسىنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشتىكى ئالامەتلىرىدىن گەۋدىلىك پايدىلانغانلىقىدۇر. ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە قەدىمكى كۆچمەنچىلىك دەۋرىدىن قالغان بىر خىل ئۈچ پۇتلۇق قازان بار. ئۇنى «داڭقان» دەپ ئاتايدۇ. قازاق خەلقى بولسا «ئوچاق» دەيدۇ. مۇنداق قازاننى مەيلى دالا، مەيلى بورانلىق قىيالاردا بولسۇن ئىشلەتكەندە ئاغدۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ دالىدا ئاش پىشۇرۇشقا ئىنتايىن ئەپلىك ۋە ئىشەنچلىك.

بۇنىڭدىن باشقا كەلكۈن سۇلارنى توسۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان «بۇقا»، يەككە ئەمگەكتە ئىشلىتىلىدىغان «يالغۇز ئۇغۇل» ناملىق ئۈچ پۈتلۈك سايمانلارمۇ بار. بولۇپمۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى جۇ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ يادىكارلىقلىرىدىمۇ «دىڭ» قازان ھەققىدە تەرىپلەر بار. 1984 - يىلى كۆنەس ناھىيىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەردىمۇ بىر باتۇرنىڭ مىس ھەيكىلى ۋە قەدىمكى «دىڭ» قازان تېپىلغان. مانا بۇلار يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساس بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بەخت - سائادەت» ئۇقۇمىنى شەرھلىگەندە، 240 مىسرا بېيىت بىلەن ئۇنىڭ تۇراقسىزلىقى، نەدە تۇرۇپ، نەدە تۇرمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايغا، يۇملاق توپقا ئوخشىتىپ سۈرەتلەيدۇ. مەسىلەن:

731 ئاي ئاۋۋال تولامۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.

732 تولۇن بولسا تولۇپ، جاھان يورۇتار،
جاھان خەلقى ئۇندىن يورۇقلۇق ئالار.

733 تولۇپ ئاي ئېگىزگە ئۆرلىگەچ، كېيىن-
كېمىپ ئاستا، كۆركى كېتەر يۈزىدىن.

734 يورۇقى ئاز - ئازدىن يەنە يوقىلۇر،
تۈگۈلۈپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر.

735 مېنىڭ بۇ ئۆزۈمنۇ شۇنداق ئېرۇرمەن،
بەزى بار، بەزىدە يوقاپ كېتەرمەن.

يۈسۈپ خاس هاجىپ «بەخت ـ سائادەت»نىڭ تۇراقسىزلىقىنى سۆزلىگەندە مۇنداق دەيدۇ:

686 تۇراقسىز بولۇشۇم ماڭا ئەيىب ئەمەس،
تاللايمەن ئۆزۈمگە يېڭى نەرسە، بەس.

687 پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى، كور، كۆڭۈلسىز كېلۇر.

بىرىنچىسى، ئادالەتلىك قانۇن بولۇش، پادىشاھ قۇياشقا ئوخشاش ھەممىگە تەڭ نۇر چاچىدىغان، ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇققا ئوخشاش رۇس، قىيشايمايدىغان، بىر قولىدا شېكەر، بىر قولىدا زەھەر، پەزىلەتلىك بولۇش، قوماندان ـ ئەسكەرلىرى خىل، ئەمەلدار ـ ۋەزىر، كاتىپ، خەزىنىچى، خىزمەتچىلىرى سادىق، توغرا، ساپ، ئاچ كۆز-پەسكەشلىكتىن خالىي، ھەربىي ئىشلارنى مۇكەممەل قىلىشنى كۆچەيتىش... قاتارلىقلار، ھەربىي ھەمۇرنىي ئەمەلدار، خىزمەتچىلەرنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى تەخمىنەن 1700 بېيىت (3400 مىسرا) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

865 بەختلىك ياشاشقا دۇرۇسلۇق كېرەك،
كىشىلىك ئىبتىدۇر دۇرۇسلۇق دېمەك.

895 ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر، ئەگەر،
بېيىپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزەلەر.

بۇ يەردىكى «بەگلەر» سۆزىدە پۈتۈن ھاكىمىيەت تۇتقۇچى ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن، ھاكىمىيەت ياخشى بولسا، خەلق بېيىپ جەمئىيەت تۈزىلىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئاڭلايمىز. خۇسۇسەن پادىشاھدىن ئەڭ تۆۋەن ئوردا خادىمىغىچە ئادىل، توغرا بولۇشىنى تەكىتلەپ:

804 پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق توغرا، تۈز تىزرۇر،
ئەگەر بولسا تۆت، كۆر، بىر ئەگرى بولۇر.

805 نىمىكى تۈز ئۇلسا، پۈتۈن ئۆز بولۇر،
نىمىكى ئۆز ئۇلسا، دىمەك تۈز بولۇر.

دەپ ئىنتايىن قىممەتلىك پەلسەپىۋى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، «بەخت ـ سائادەت»نىڭ يېڭىلىق تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بەخت ـ سائادەت» ئۇقۇمىنى شەخسنىڭ بەخت ـ سائادىتى بىلەن ئومۇمىي خەلق، جەمئىيەت، دۆلەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىدىن ئىبارەت ئىككى مەنىدە ئىشلىتىدۇ ۋە ئۆزئارا بىرلەشتۈرىدۇ. شەخسنىڭ بەخت ـ سائادىتى ھەققىدە «ئەدەبلىك، كەمتەر، ئىقتىسادچىل، خوش پېئىل» قاتارلىق سەككىز ئەخلاق ئۆلچىمىنى 703 — 710 ـ غىچە بېيىتلەر مەزمۇنىدا مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

710 تۇراقسىز بەختكە شۇلاردۇر كىشەن،
مۇشۇ خىلدا باغلانسا، قاچماس، چۈشەن.

بۇنىڭدىن باشقا، كىتابنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە «ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئەمەلدە ئىشلىتىش» — بەخت-سائادەتنى تۇراقلاشتۇرۇشنىڭ شەرتى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما جەمئىيەت، ئومۇمىي خەلق، دۆلەتنىڭ بەخت-سائادىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياكى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە توختالغاندا، بۇ مەسىلىنى غايەت زور پەلسەپىۋى تەپەككۇر، تارىخىي ساۋاق، تەبىئەت دۇنيالىقىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ھەل قىلماقچى بولىدۇ.

پۈتكۈل «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ھەرقايسى تەپەككۇر كاتېگورىيىلىرىگە مەنسۇپ بولغان پىكىرلەر سىستېمىسىنى قاتارغا تىزىپ تەھلىل قىلغاندا ئۇنىڭ قارىشىچە جەمئىيەت بەخت-سائادىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياكى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ شەرتى ئۈچ نۇقتىدۇر.

ئىككىنچىسى، ئەقىل-بىلىم — بۇنىڭ سىمۋولى ئۆگدۈلمىش بولۇپ، مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. پۈتۈن كىتابتىكى ئۆگدۈلمىش ئاغزىدىن بېرىلگەن ياكى ئىلىم-بىلىمگە مۇناسىۋەتلىك مىسرالارنى بىر يەرگە جەم قىلساق 2100دىن ئارتۇق بېيىت بولۇپ، پۈتۈن كىتابنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسى بىلىم ئېلىش، پادىشاھتىن ئاددىي ئەمەلدارغىچە ھەممىسى ئىلىم بىلەن باشقۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

224 جاھان تۇتماق ئۈچۈن ئەرگە ئاڭ كېرەك،
ئەل-يۇرتنى سوراشقا بىلىم ئەڭ كېرەك.

208 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

يۇقىرىدىكى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەرت بىر ـ بىرىگە مۇۋازىنەت بولۇپ، بىرى «ئەلەم»، يەنە بىرى «قەلەم»دۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇ ئىككى شەرتنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

265 ئىككى خىل ئېرۇر، كۆر، بۇ ئېسىل كىشى،
بىرى بەگ، بىرى ئالىم ـ ئىنسان بېشى.

268 ئېلىپ قولغا قىلىچ، بىرى ئەل تۈزەر،
قەلەم بىرلە بىرسى، ھەق يول كۆرسىتەر.

271 قىلىچ ـ مەملىكەتنى ئېلىپ ئەل تۇتار،
قەلەم ـ مەملىكەتنى تۈزەپ، مال يىغار.

2716 جاھان تۈۋرۈكىدۇر مۇشۇ ئىككىسى،
كى مەيلى ئۆتمۈشتە، مەيلى كەلگۈسى.

ئۈچىنچىسى، «ئاقىۋەت ۋە قانائەت»تىن ئىبارەت ئەخلاق ئۆلچىمى. بۇ مەنە دائىرىسىدە مەۋجۇت قاراخانىلار جەمئىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن ئىسلام پىكىر ئېقىملىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان ياخشى ـ يامان تەسىرى، ھەتتا پاسسىپ ئامىللىرى سۈرەتلىنىپ نۇرغۇن مەسىلىلەر بايان قىلىنغان بولسىمۇ، راتسىئونال مېغىزى يەنىلا «ئەخلاق»، يەنى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى بىلىش، شەخسىي مەنپە ـ

ئەنكە بىرلىمەسلىك. دىن بىلەن ھاكىمىيەت، ئۇ دۇن-
يا بىلەن بۇ دۇنيا ئىشلىرىنى بىرلىكتە ئېلىپ بارغاندىلا،
ئاندىن بەخت - سائادەت ياراتقىلى بولىدۇ، دەپ قاراي-
دۇ. ئۇنىڭ «ئاقىۋەت» دېگىنى ئۇ دۇنيانى كۆرسەتسە،
«قانائەت» دېگىنى بۇ دۇنياغا قارىتىلغان دەپ قارايمەن.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇ ئۈچ شەرت تولۇقلىنىپ
كامالەتكە يەتكۈزۈلسە، مەۋجۇت بەخت - سائادەتنى مۇ-
قىملاشتۇرۇش ياكى غايىۋى بەخت - سائادەتنى قولغا
كەلتۈرۈش مۇمكىن دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئى-
شەنچ بىلەن ئالغا سۈرگىنى ئۈچ بۇرجەكلىك مۇقىملىق
ئاكسىئومىسى بولۇپ، ئۇنى پادىشاھنىڭ مەڭگۈ ھۆكۈم-
رانلىقى ئۈچۈنمۇ، جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق ھۆكۈم-
ران تەبىقىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر دەپ قارايدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ھېس قىلىمىزكى، يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان بەخت - سائادەتنى
مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى تۈۋرۈكى ھېسابلانغان ئود-
غۇرمىش ئىنتايىن مۇرەككەپ ماۋزۇ، XI ئەسىر قاراخا-
نىلار جەمئىيىتىدە «ئاقىۋەت بىلەن قانائەت» ئىنتايىن
زور تەسىر كۆرسەتكەن پىكىر ئېقىمى ئىدى. شۇڭا، يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ كۆزدە تۇتقىنى «ئاقىۋەت» تونىغا ئورۇ-
نىۋالغان ئودغۇرمىشنىڭ تەركىي دۇنيالىق قىلىشى، جەمئى-
يەتتىن يۈز ئۆرۈپ تەنھا ئىستىقامەت يولىغا مېڭىشتەك
پاسسىپ خۇسۇسىيەتلىرى ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرى
ئىچىدىن قىسمەن ئىجابىيلىق خاراكتېرىنى ئالغان «قانائەت»
تىن ئىبارەت ئەخلاق ئۆلچىمى ئىدى. ئېھتىمال ئۇنىڭ

ئاقىۋەت دېگىنى ئۇ دۇنيانى كۆرسەتسە، «قانائەت» دېگىنى بۇ دۇنيانى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام پىكىر ئېقىملىرىنىڭ (تەرىقەت، شەرىئەت، ئەھلىھال، ئەھلىقال...) جەددىي زىددىيەت ئىختىلابلىرىدىن ئۆزگىچە بولغان مۇنداق بىر كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ئىنسان دۇنياغا ئىككى قول، ئىككى پۇت، ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق، ئىككى بۇرۇن تۆشۈكى بىلەن يارالغاندۇر. شۇڭا ئۇنىڭ بىرى ئۇ دۇنيا، بىرى بۇ دۇنيا ئۈچۈندۇر؛ بىر كۆزدە ئۇ دۇنيانى، بىر كۆزدە بۇ دۇنيانى كۆرۈش؛ بىر قولدا ئۇ دۇنيانى، بىر قولدا بۇ دۇنيانى تۇتۇش؛ بىر پۇت بىلەن ئۇ دۇنياغا، بىر پۇت بىلەن بۇ دۇنياغا دەسسەش كېرەك؛ «بۇ دۇنيانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاخىرەتنى تېپىش» دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق دۇئالىزملىق كۆزقارىشىنىڭ چوڭقۇر مەنىسى بۇ دۇنيادىكى رېئال بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ شەرتلىرىنى تولۇقلاپ، ئۇ دۇنيادىكى خىيالىي بەخت ـ سائادەتنى تېپىش دېگەندىن ئىبارەت.

3652 جاھان خەلقى بارچە شەھەر ـ كەنت قويۇپ،
چىقىپ ئالسا تاغقا بۆيۈك يۈك يۈدۈپ.

3653 بۇزۇلغاي جاھان، بارچە قالغاي قۇرۇپ،
ئادەم باللىرىدا كېسىلگەي ئۇرۇق.

3654 ئىككى ئۆي ياراتتى بۇ خەلققە پۈتۈن،
بېھىش ھەمدە دوزاخ بۇ ئىككى ئورۇن.

3655 يەنە ھەممە ئادەم بۇ دۇنيانى دەپ،
ئۇلاپ كۈننى تۈنگە، يۈگۈرسە ھەدەپ.

3656 قويۇپ تائەت، دېسە مال، بولۇپ دوزىخى،
يەنە بوش قالماس ئۇ تەگرى ئۇجمىقى.

3657 خۇدا بەردى قولغا ئىككى كۆز، قولاق،
بىرىن دۇنياغا، بىرىن ئاخىرەتكە باق.

3658 ئىككى قول بېرىلدى سۇنۇپ تۇتقىلى،
بىرى دۇنياغا، ئاخىرەتكە بىرى.

3659 ئاياغ بەردى ئىككى، يۈرۈگلار دېبان،
بىرىن قوي مۇندا، بىرىن كۆچەپ ئۇ تاماز

دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى: «ھەممە ئادەم كېچە - كۈندۈز تائەت - ئىبادەتنى تاشلاپ، مال - دۇنيا يىغىش، باي بولۇش كويىدا يۈرسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ كېتىپ، جەننەت قۇرۇپ قالىدىغان ئىش يوق» دېگەن يۇقىرىدىكى 3655 -، 3656 - بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرا ئەسىر ئۈچۈن ئېيتىلغان ئەڭ ئىلغار، ئىجابىي پىكىردۇر، بۈگۈن ئۈچۈن مۇ ئەھمىيەتلىك.

يىغىپ ئېيتقاندا، بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى مۇقىملاشتۇرۇش «قۇتادغۇبىلىك» كىتابى-

نىڭ ئاساسىي غايىسى، ئۇنىڭدا قويۇلغان ئاساسىي شەرت ئۈچ ئاساسىي تەپەككۇر سىستېمىسى بولسىمۇ، يەنە «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىدا پەلسەپە، ئەخلاق، لوگىكا، دىن، مۇلاھىزىلىرىگە ئائىت تەخمىنەن 275 تىن ئارتۇق تارماق، تېماتىكىلار بار. ھەر بىرىنى شەرھلەش، تەتقىق قىلىش ئالدىمىزدىكى ۋەزىپە. سەۋىيەم چەكلىك بولۇشىغا قارىماي، يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىمنى قويۇپ ئۆتتۈم، يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تۈزىتىپ كېتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بىلىم كۆزقارىشى توغرىسىدا

## لىن شىڭ

### 1

«قۇتادغۇ بىلىك» — ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا نامايەندىلىك ئورۇنغا ئىگە دۇنياغا مەشھۇر ئەسەر، شۇنداقلا ئۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى گۆھەرلەرنىڭ بىرى. XI ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن بۇ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەر ئۇزۇن يىللار جەريانىدا نەچچە قېتىم كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا نامى جاھانغا تارقىلىپ، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە يۈكسەك شان-شەرەپكە ئېرىشتى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ئۇنىڭ تۈرلۈك پەنلەرگە چېتىلىغان مەڭگۈ ئۆچمەس قىممىتىنى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىق قىلماقتا. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان بىلىم توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە بايانلىرىدا «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىلغار ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى كۆز قاماشتۇرىدىغان سۆز دۇردا-

نىلىرى ئارقىلىق يۇرۇتقان. مانا بۇلار بۇ ئەسەرنى
مەڭگۈ ئۆچمەس قىممەتكە ئىگە قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ غا-
يىلىك، ئارزۇ - ئىستەككە ئىگە شائىرى، مۇتەپەككۇرى
ۋە سىياسىئونى بولۇپ، ئۇ ئادالەت، ھەققانىيەت ئۇ-
چۇن، پەزىلەتلىك، مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئىز-
دەنگەن ؛ تىنچ - ئىناق بولۇش، خەلقنى بېيىتىپ،
دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش غايىسى بىلەن دۆلەت ۋە
جەمئىيەتكە نەزەر سالغان. «قۇتادغۇ بىلىك» — 13 مىڭ
290 مىسرا شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 85 بابلىق غا-
يەت زور ھەجىملىك داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور-
نىڭ بۇ خىل غايە ۋە ئارزۇ - ئىستىكى مەركەزلىك
ئىپادىلەنگەن. قانداق قىلغاندا غايىنى ئەمەلىيەتكە
ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە، شائىر ئۇنى
بىلىم بىلەن چەمبەرچاس باغلىغان، يەنى بىلىم ئارقى-
لىق غايىنى ئىشقا ئاشۇرغان. پۈتۈن كىتابتىكى
85 باب بۇ مەسىلىدىن قىلچە مۇستەسنا ئەمەس. مەيلى
مەخسۇس باب ياكى تارقاق ھالدا؛ مەيلى كۆپ يا
ئاز، ياكى تەپسىلىي يا قىسقا بولسۇن؛ مەيلى بىۋاستە
ياكى ۋاستىلىك بولسۇن، ئومۇمەن بىلىم توغرىسىدىكى
تەسۋىر ۋە بايانلارنى تولۇق ۋە تەپسىلىي بولۇش دە-
رىجىسىگە يەتكۈزگەن. روشەنكى، ئاپتور بىلىمنى غايە-
ۋى دۆلەت ۋە جەمئىيەت يارىتىشتىكى «ئەنگۈشتەر»
دەپ قارىغان. مانا بۇ — «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى-
دىكى يادرولۇق ئىدىيىنىڭ بىرى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىلىمنى تەسۋىرلىگەن ۋە بايان قىلغاندا، بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، بىلىمنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى، بىلىمنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كىشىلەر بىلىمنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقى، بىلىمنىڭ مەنبەسى قاتارلىق قەدىمدىن ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەل پەلسەپە ساھەسىدىكىلەر ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان، شۇنىڭدەك ئۈزۈلمەي تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان مانا شۇنداق بىر قاتار مۇھىم ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، بۇلار كىشىنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بىلىم توغرىسىدىكى بىر قاتار نۇقتىئىنەزەرلەرنى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى قىلىپ، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارىتا شاكىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭغا قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.

2

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەم شائىر، ھەم مۇتەپەككۇر. شۇڭا ئۇ، بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندا، توختاشمىغان ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ بىلىمگە بولغان قارىشىنى ئىپادىلىگەن: بىـ

رىنچى خىل ئۇسۇلدا، ئۇ شائىرلىق سۆيىتى بىلەن ئە-
دەبىياتتىكى، بولۇپمۇ شېئىرىيەتتىكى ئالاھىدە ئوبرازلىق
سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، مىسال كەلتۈرۈپ سېلىشتۇرۇش،
ئوخشىتىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق بىلىمنى تەسۋىرلىگەن.
مەسىلەن:

211 كىشى كۆڭلى تۇپىسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۇۋىدە ياتۇر.

288 ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى،
بىلىم — ئۇ يورۇقلۇق، يورۇتقاي سېنى.

311 ئىپار بىرلە بىلىم كىبتەر ئوخشىشىپ،
تۇتۇپ بولماس ئۇنى ئۆزدە يوشۇرۇپ.

312 ئىپارنى يوشۇرساڭ، بۇيى بىلدۈرەر،
بىلىمنى يوشۇرساڭ، تىلىڭ كۆرستەر.

313 بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

مۇنداق تەسۋىرىي ئوخشىتىشلار «قۇتادغۇ بىلىك»
نىڭ بارلىق سەھىپىلىرىدە دېگۈدەك كۆزگە چېلىقىدۇ.
شائىر مۇنداق بىۋاستە تەسۋىرلىرىدە كىشىلەر ئەڭ
ياخشى كۆرىدىغان، ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇم ياكى سۆز-

ئىبارىلەرنى ۋە كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدا، چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان نەرسىلەرنى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق، بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. بۇ خىل جاۋابلار گەرچە بىلىمنىڭ ماھىيىتىنى بىۋاستە ۋە ئاشكارا ئېيتىپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەزىرىدە بىلىمنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. ئۇ مۇشۇنداق ئېسىل سۆز دۇردانىلىرى ئارقىلىق «دۇنيادا بىلىمدىنمۇ قىممەتلىك ھېچنېمە يوق» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يەنە بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى شۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى مۇتەپەككۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاددىي سۆز بىلەن مەزمۇنلۇق جاۋاب بەرگەن. بۇ خىل يىغىنچاقلاپ بايان قىلىش ئۇسۇلى ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرۇپ بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، بىلىمنىڭ ماھىيىتىگە بېرىپ تاقالغان. بۇنىڭدا، بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى جاۋابلار جانلىق چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەتتە كىشىلەرنىڭ بىلىمنى «قابىلىيەت»، «ئىقتىدار» دەپ قارايدىغان كاتېگورىيىدىنمۇ ھالقىپ، بىلىم «ئىقتىدار»لا ئەمەس، بەلكى «كۈچ - قۇدرەت» دەپ مۇقىملاشتۇرغان... مانا بۇ شۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇكى،

يىراقنى كۆرەر بىلىملىك پېشۋايىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇندىن 900 يىلچە ئىلگىرىلا بىلىمنىڭ كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ ياشىغان دەۋرگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خۇدا ھەممىنى ياراتقان دېگەندىن ئىبارەت ئىسلام دىنى ئەقىدىسىگە قەتئىي ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ خىل كۆز قاراشىنى ئوتتۇرىغا قويالىشى ھەقىقەتەن قالتىس ئىش بولۇپ، كىشىنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە قايىل قىلىدۇ. «بىلىم — كۈچ» تىن ئىبارەت بىلىمنىڭ ماھىيىتىدە ھەممە كىشىنى قايىل قىلىدىغان يەكۈن غەرب دۇنياسىدا ئەڭ بالدۇر ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ فرېنسىس بېكون (1561 — 1626) نىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى «يېڭى قورال»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭلاشقا، XVII ئەسىردىن ھازىرغىچە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بېكوننى «بىلىم — كۈچ» دېگەن تەلىماتنىڭ ئىجادچىسى دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىپ كەلمەكتە. ئەپسۇسكى، شەرقتە، ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بېكوندىن 500 نەچچە يىل ئىلگىرى «قۇتادغۇ بىلىك»تە «بىلىم — كىشىنىڭ ئىقتىدارى»، يەنى قابىلىيەت ۋە كۈچ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، تارىخنىڭ چاڭ - توزانلىرى ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلار تۈپەيلى كۆمۈۋېتىلگەن. لېكىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىمنىڭ ماھىيىتىدىن ئىبارەت مەسىلىنى تونۇشتىكى ھەقىقىي بىلىم كۆزقارىشىنىڭ ئۆزىگە خاس بو-

لۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇ مەسىلىدىكى تارىخىي ئورنى، تارى-
خىي تۆھپىسىگە باھا بېرىشىمىزگە ئۇلار ئىلچىمۇ تە-
سىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

3

بىلىم — كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى
بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتە-
لەيدۇ. بۇ، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بىلىم كۆزقارىشىدا
ئىنتايىن گەۋدىلەنگەن بىر نۇقتىئىنەزەر. لېكىن، يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەسىلىدە ئىككى مەنىۋىچىلىك
قاراشتا بولغان. ئۇ، بارلىق ئىلاھكۈيلۈق تەرەپدارلىرى-
غا ئوخشاش، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تە-
رەققىياتى جەريانىدىكى «ئىلاھ»نىڭ «ئىرادىسى» ۋە
«كۈچى»نى ئېتىراپ قىلغان. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ باشقى-
لارغا ئوخشاشمايدىغان قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ،
كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشى ۋە ئۆزگەرتى-
شى جەريانىدا بىلىمنىڭ غايەت زور كۈچ ئىكەنلىكىنىمۇ
ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇنى تولىمۇ تەكىتلىگەن. ساختى-
سىنى چىقىرىۋېتىپ، راستىنى ساقلاپ قالغاندا. ھۆرمەت-
كە سازاۋەر شائىرىمىزنىڭ كېيىنكى كۆزقارىشىنى يۈك-
سەك دەرىجىدىكى پاساھەتلىك قاراش، ماتېرىيالىزملىق
ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، نۇرغۇنلىغان ئىلاھكۈي-
لۈق تەرەپدارلىرىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئۆزگىچىلىككە
ئىگە قاراش دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئىخلاسمەن ئېتىقادچىسى بولۇپ، «خۇدا»نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە مۇتلەق ئىشەنسىمۇ، لېكىن بۇ مەشھۇر مۇتەپەككۇر بارلىق شەيئىلەرنى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى تامامەن «خۇدا»نىڭ ئىلكىدە دەپ قارىمايدۇ. شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى، گۈللىنىشى ياكى يوقىلىشىنىمۇ پۈتۈنلەي «خۇدا بەلگىلەيدۇ» دەپ قارىمايدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار بىلىمگە تايىنىپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى تامامەن ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ: ئوبيېكتىپ دۇنيانى قانچە گۈزەل، باي ۋە رەڭدار قىلىپ ئۆزگەرتسە، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى شۇنچە تولۇقلىنىپ، بەختكە ۋە باياشاتلىققا ئېرىشىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇنداق ئىلغار بىلىم كۆزقارىشىغا ئىگە بولغاچقا، ئۇ كىشىلەر ئۆز بىلىمىنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە تەتبىقلىغاندا، قىلغان ئىشى تەبىئىي ھالدا نەتىجىلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

147 بۇ ئىنسان بايانىن قىلاي ئەمدى مەن،
قەدىر تاپتى ئەقلى، بىلىم - ئاڭ بىلەن.

152 بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇق،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلىنىمۇ تولۇق.

155 ئەقىللىك ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىك تىلەككە يېتۇر.

302 كىشى ئوغلى سۇندى قوڭۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

بۇ بايانلاردىن ۋە داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايانلاردىن شۇنداق بىر مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشىمىزكى، ئۇ بولسىمۇ بىلىمنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى غايەت زور رولىغا شائىر قەتئىي ئىشىنىپلا قالماستىن، بەلكى بىلىم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دېگەن قاراشقىمۇ ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغانلىقىغا، بىلىمنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتە كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن؛ شۇنداقلا ئۇ، بىلىمنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى كۈچ-قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىگە ۋە كىشىلەر تەسەۋۋۇرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن. مەسىلەن،

208 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم ئەپچى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

211 كىشى كۆڭلى تۈپسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۈۋىدە ياتۇر.

212 دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۈنچە ساي تېشى.

«كۆككە چىقىش»، «دېڭىزغا چۆشۈش» توغرىسىدىكى ئوي - خىياللارنى بىز ئەپسانە ياكى چۆچەكلەردە كۆپ ئاڭلىغان. لېكىن، ئۇلاردا قانداقتۇر «خۇدا»، «ئەۋلىيا»لارغا ياكى قانداقتۇر ئىلاھىي كۈچ - قۇدرەتكە تايانغان، ياكى بولمىسا «ئۇچار گىلەم»، «دۇلدۇل»لارنىڭ كارامىتىگە تايانغان. ۋەھالەنكى، بۇ نەرسىلەر دۇنيادا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېيتىۋاتقىنى «خۇدا»، «ئەۋلىيا»، «ئۇچار گىلەم»، «دۇلدۇل» بولماستىن، بەلكى بىلىم بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ بىلىم مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى، بىلىم جۇغلانغانسېرى بېيىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. بۈگۈنكى كۈندە، خۇددى شائىر ئېيتقاندەك، كىشىلەر بىلىمگە تايىنىپ ئالەم بوشلۇقىنى سەيلە قىلىپ، سەييارىلارنى ئايلىنىپ، دەريا - دېڭىزلارنىڭ ئاستىغا چۆشۈپ، گۆھەر ئىزدىمەكتە. سۇ ئاستى قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇندىن 900 نەچچە يىل ئىلگىرى، ھازىرقى ئالەم قاتنىشى، سۇ ئاستى پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالدىن كۆرەلىگەن دەپ ئېنىق ئېيتالمىساقمۇ، لېكىن شۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى، بۇ يىراقنى كۆرەر مۇتەپەككۇرنىڭ بىلىم ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە دېگەن تونۇشى ئۇ ياشىغان ئاشۇ دەۋردە ناھايىتى يۇقىرى ۋە مىسلىسىز بولغان. ئۇ، بىلىمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ زورلۇقىغا نىسبەتەن

ھەتتا فانتازىيىلىك ئويى - پىكىردىمۇ بولغان.

شائىرنىڭ بىلىم ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ دېگەن كۆزقارىشىدا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە ئەستايىدىل ئىزدىنىشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتىنەزەر بار. مەسىلەن:

ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر، 154
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

جىمىكى ئىشىڭنى ئەقىل بىرلە قىل، 161
بىلىم بىرلە ۋاقتىڭنى ساقلاشنى بىل.

جاھان تۇتماق ئىچۈن ئەرگە ئاڭ كېرەك، 224
ئەل - يۇرتنى سوراشقا بىلىم ئەڭ كېرەك.

پەزىلەت كېرەك مىڭ تۇتۇشقا جاھان، 284
قولان تۇتقىلى، كۆر، كېرەك ئارسلان.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بىلىمنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، كىشىلەر بىلىمگە تايىنىپ جاھاننى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىنى تىزگىنلەپ يېڭى دۇنيا، يېڭى دەۋران يارىتالايدىغانلىقىنى، ۋاقىتنى ئىگىلىگەندە ۋاقىتنىڭ قىممىتى ئاشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بىزنىڭ كە-

چۈرمىشلىرىمىز — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ كۆز قارىشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قالتىس قاراش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ماركس ۋە ئېنگېلس كاپىتالىستىك سانائەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى 80 نەچچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىگە باھا بەرگەندە: «بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇنىڭ 100 يىلغا يەتمىگەن سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا يارىتىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بۇرۇنقى بارلىق دەۋرلەردە يارىتىلغان پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىنمۇ كۆپ ۋە زور بولدى ... بۇرۇنقى قايسى بىر ئەسىردە بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگەك ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا يەتكەن»① دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ھانا شۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە ئاجايىپ تېز ۋە تەسەۋۋۇر قىلالىغۇسىز ھالدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلىشىدىكى تۈپكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئىنسانلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئەمەلىيەت جەريانىدا يەكۈنلىگەن ۋە توپلىغان بىلىملىرى بارغانسىرى كۆپەيدى، ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان بىلىش ئىقتىدارى مىسلىسىز ئۆستى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۆز-

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم 256-بەت.

گەرتىش قابىلىيىتىمۇ بارغانسېرى زورايدى. بۇرژۇئازىيە
دەل ئىنسانلار ئۇزاق مۇددەت توپلىغان بىلىملەردىن
تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرنى ياراتتى.
ئۇنداق قىلمىغاندا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاشۇنداق زور ئىش-
لارنى قىلالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئازاد-
لىقتىن بۇيان بىز خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە بىلىمگە
سەل قارىدۇق، بولۇپمۇ ئۇن يىللىق قالايمىقانچىلىق
مەزگىلىدە، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار نادانلىق
ئىدىيىسىنى غالجىرلىق بىلەن تەرغىب قىلىپ، ئىنكار-
چىلىق بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىپ، زىيالىيلارغا زى-
يانكەشلىك قىلىپ، بىزنى نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقىتتىن
مەھرۇم قىلىپ، دۇنيانىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان
دەۋرىدىن ناھايىتى ئارقىدا قالدۇردى. پارتىيە 11-
نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى سەككىز يىلغا
يەتمىگەن ۋاقىت جەريانىدا، پارتىيە مەركىزىي كومى-
تېتى بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە
ھۆرمەت قىلىش، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش
كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇشنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى ۋە
نۇرغۇن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئېلىمىزنىڭ
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يېڭىباشتىن ساغ-
لام راۋاجلىنىش يولىغا سېلىپ، تەسەۋۋۇردىن ئېشىپ
چۈشكۈدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ. دەۋرگە يې-
تىشىۋېلىش قەدىمىنى تېزلەتتى. قەدىمدىن ھازىرغىچە
ۋە جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە بولغان بۇنداق تولۇق
پاكىتلار — ھۆرمەتكە سازاۋەر پېشۋايىمىز يۈسۈپ خاس

ھاجىپنىڭ بىلىم ئىگىلىگەندە، جاھاننى، دەۋرنى، ۋاقىتنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ، دېگەن قارىشىنىڭ ناھايىتى قەدىر - قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى مۇنازىرىسىز ھالدا ئىسپاتلىماقتا.

### 4

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان بىلىش جەھەتتىكى كۆز قارىشىدا ئوخشاشلا بىر مۇنچە قەدىرلەشكە تېگىشلىك تەرەپلەر بار. ئۇنىڭ قارىشىچە:

201 كىشىدىن كىشىنىڭ تولا پەرقى بار،
بىلىمدۇر بۇ پەرق، سۆز شۇ ئۆزرە بارار.

1680 بىلىمسىز تۇغۇلۇر، يۈرۈپ ئۆگىنۇر،
بىلىم بىلسە ئىشلار ئۇتۇقلۇق بولۇر.

1681 ئانادىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار،
بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇ تۆرگە چىقار.

1958 ئادەم باللىرى ھەممە ئەسلى بۈيۈك،
بىلىملە خىللىنىپ بولۇر كۆپ تۈزۈك.

لېكىن، شائىر قەدىمدىن ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگىچە نەزەر سېلىش ئارقىلىق، بۇندىن ئىلگىرى-كى ھەر قانداق دەۋردە، كىشىلەرنىڭ «ئالىيجاناب ۋە چاكىنا، دانىشمەن ۋە ئەخمەق»، «بەزىلىرى ئەقىللىق، بەزىلىرى نادان؛ بەزىلىرى باي، بەزىلىرى گاداي» بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھالدا تونۇپ يەتكەن. ئۇن-داقتا، نېمە ئۈچۈن ئەسلىدە «ھەممىسى ئوخشاش» بول-غان كىشىلەر، كېيىنچە «ئوخشاشمايدىغان» بولۇپ، شۇن-چە كۆپ، شۇنچە زور، شۇنچە روشەن ھالدا پەرقلىنىپ كەتتى؟ يەنە ساھەسى ئەزەلدىن باشقىچە قاراشتا بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ مەسىلىگە قارىتا شائىر:

كىشىدىن كىشىنىڭ تولا پەرقى بار،
بىلىمدۇر بۇ پەرق، سۆز شۇ ئۆزرە بارار،

دەپ جاۋاب بەرگەن. ناھايىتى ئېنىقكى، «قۇتادغۇ بى-لىك» ئاپتورىنىڭ قارىشىچە، بىلىم — كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ھالىتىنى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆزگەرتىپلا قالماس-تىن، بەلكى بۇ جەرياندا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىنىڭ ھەم ئاكتىپ، ھەم پاسسىپ تەرەپلىرى بار، ئۇنى تەتقىق قىلىش ۋە تاللاپ چى-قىشقا تېگىشلىك، ئەلۋەتتە.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بىلىم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناس-ۋىتى توغرىسىدىكى باياپلارغا نەزەر سالغاندا، بىلىم كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنىدا ئۆزگىرىش

پەيدا قىلىدىغانلىقىغا دائىر قاراشلارنى ئاساسي جە-
ھەتتىن مۇنداق بىرنەچچە تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، بىلىم كىشىلەرنى ئەقىللىك، قابىلىيەت-
لىك قىلىدۇ.

289 ئۇسەر ئەر ئەقىلدىن، بىلىمدىن بويۇر،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر.

398 ئەقىل ئەرز ئىتەر، كۆر، بىلىك بىلدۇرۇر،
قارارسىز جاھاننى ساڭا ئۇقتۇرۇر.

301 ئەقىل كىمدە بولسا، بولۇر ئۇ ئىسىل،
بىلىم كىمدە بولسا، بولۇر خان ئۇ، بىل.

ئىككىنچى، بىلىم كىشىنى ئالىيجاناب ئەدىپكە،
توغرا پەزىلەتكە ئىگە قىلىدۇ.

321 بىلىملىككە ئىلمى تولۇق تون ۋە ئاش،
بىلىمسىزگە قىلىقى يامان بىر ئاداش.

334 قىزىققان بولسا ئىنسان بىلىمسىز بولۇر،
غەپلەتتە ئادەم ئەقىلدىن قالۇر.

341 ئىرىنچسىز قىلىقىنىڭ بىرى قوپاللىق،
قىلۇر ئۇ كىشىلەر ئۆيىن توزانلىق.

ئەقىلدىن كېلۈر، كۆر، پۈتۈن ئەزگۈلۈك، 1841
بىلىمدىن چوڭلار ئەر، بولۇر بەلگۈلۈك.

كىشىلەر بۇ ئىككى بىلەن زور بولۇر، 1842
بۇ ئىككى بىلەن تۈز ـ توغرا يول تونۇر.

ئۈچىنچى، بىلىملىك كىشى قابىلىيەتلىكلەرنى بايقىيالايدۇ، ئاسرايدۇ، ئۇلارنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولىدۇ. ئاپتور مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

بىلىملە پەرقلىنەر كىشى يىلقىدىن، 1843
نېمە بار بۈيۈكرەك بۆلەك بىلىمدىن؟

ئەقىل قەدرىنى ھەم ئەقىللىك بىلۈر، 470
بىلىم ساتسا ئالىم، بىلىملىك ئالۇر.

بىلىم قىممىتىنى بىلىملىك بىلۈر، 472
ئەقىلنى قەدرىلەش بىلىمدىن كېلۈر.

نىچۈك تەلۋە بىلگەي بىلىم قەدرىنى؟ 473
بىلىم نەدە بولسا، بىلىملىك ئالۇر.

تۆتىنچى، بىلىم كىشىلەرنى پەزىلەتلىك، ئەزىز قىلىدۇ. شائىر مۇنداق يازىدۇ:

262 بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا، كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگاھ، پەگاھ بولدى تۆر.

263 بولۇپ قالسا پەگاھ ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگاھ بولۇر تۆر تېخى ئەڭ بۇرۇن.

567 پەزىللىك كىشىدىن ئۇمۇم نەپ ئالۇر،
بۇ پەزلى بىلەن ئەر تىلەككە يېتۈر.

ئۇنىڭدىن باشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم ئەزىمەتلەرنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈپ، شان - شۆھرەت ۋە دۇنيا - دەۋلەتتىن بەھرىمەن قىلىدۇ، بىلىمسىز ئادەم ئەسكىلىك قىلىدۇ، ئوغرىلىق قىلىدۇ، مال - مۈلۈكنى كۆزلەپ باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ دەپ كۆرسەتكەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئاپتورىنىڭ بىلىم بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلىرىنىڭ بەزىلىرى قىممىتىنى يوقاتقان بولۇپ، تولىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن. لېكىن، شائىرىمىز ئۆز ئەسىرىدە كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك بىلىملەرنى ئىگىلىشى لازىملىقىنى، بىلىم ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. خۇسۇسەن، بىلىم كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى — «تۇغۇلغاندا ھېچقانداق بىلىمى يوق» كىشىنى «مول بىلىمگە ئىگە»، «ئىلىمدار»، «ئىقتىدارلىق»، «زېرەك»، «پەملىك»،

«ئاق كۆڭۈل»، «قائىدە - يوسۇنلۇق»، «ئىشنىڭ يولىنى
بىلىدىغان»، «ئوچۇق - يورۇق»، «تۈز كۆڭۈل»، «كۆ-
زەل ئەخلاقلىق» كىشىلەردىن قىلىپ چىقىدىغانلىقىنى
ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ خىل قاراش ئىنتايىن قە-
دىرلىك. چۈنكى، ئۇلاردا كىشىنىڭ ئەقىللىك، بىلىملىك
بولۇشى، پاك ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن تەربىيىلىنى-
شى، سۇبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش
ئىقتىدارى «خۇدا» تەرىپىدىن بىۋاستە ئاتا قىلىنغان
بولماستىن، بەلكى بىلىمدىن كېلىدىغانلىقى توغرا چۈ-
شەندۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاپتور يەنە
ۋاقتىنچە بىلىمى يوقلار بىلەن ئېلىپنىڭ سۇنىقىنى بىل-
مەيدىغان ساۋاتسىزلارمۇ بىلىم ئىگىلىسە، ئەقىللىك، ئىق-
تىدارلىق، «ئېسىل خىسلەتلىك ۋە قىلىقى توغرا» كىش-
لەردىن بولالايدۇ دەپ قارىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، چوڭ-
قۇر ھەنسىلىك قىلىپ، «بىلىمسىزلەرنىڭ ئىزدىنىشىنى، سا-
ۋاتسىزلارنىڭ تېز بىلىم ئىزدىشىنى» بىشارەت قىلغان.
شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، مانا بۇلار بى-
لىم بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان مېغىزلىق بايانلار بولۇپ،
«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بىلىم كۆز قارىشىغا ۋارىسلىق قى-
لىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم تەرەپلەرنىڭ
بىرىسىدۇر... «قۇتادغۇ بىلىك» ئاپتورىنىڭ بىلىم بىلەن
كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىدا
گەرچە كەمچىلىك ۋە ئارتۇقچىلىقلار بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلارنى يەنىلا قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئارتۇقچە-

لىقلىرىنى كەمچىلىكى بىلەن قوشۇپلا تاشلىۋەتمەسلىكىمىز، بەلكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

## 5

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بىلىمنىڭ ئىجتىمائىي قىممەت كۆز قارىشى، يەنى بىلىمنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارىشى ئىنتايىن قىممەتلىك، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىشىلەر بىلىمىنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارىشى تېخىمۇ قىممەتلىك. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەشھۇر ئەسىرىدە «ئىنسان تۇغۇلۇشىدىن بىلىملىك بولمايدۇ، بىلىمنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئالىدۇ» دېگەن روشەن دىئالېكتىك ئامىلغا ئىگە چۈشەنچىنى قىلچىمۇ مۇجمەللەشتۈرمەي ۋە بىۋاستە، ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىشى لازىملىقىنى تەكىتلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز - ئۆزىنى «دانىشمەن» دېۋالغۇچىلارنىڭ قارىشىچە «خۇدا» ۋە «جەننەتكە كىرگۈچىلەر»نىڭ ۋەكىللىرى، ئەلچىسى بولغان خان، ۋەزىرلەرنىڭمۇ ئوخشاشلا بىلىم ئېلىشى لازىملىقىنى، جاھاننى ئىلكىگە ئالىدىغان پادىشاھلارنىڭ بىلىم ئېلىشى، كىمكى بىلىمگە ئىگە بولسا، شۇ جاھاننى ئۆز ئىلكىدە تۇتالايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن...

كىشىلەر بىلىمىنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقى توغـ

رىسىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە ۋە جۇڭگودىن چەتئەللەر-
گىچە بولغان پەلسەپە، ئىدىيە ساھەسىدىكى تونۇش
جەھەتتە ئىختىلاپ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ماتېرىيالى-
زمچىلارنىڭ قارىشىچە، بىلىم — ئىنسانلارنىڭ قەدىمدىن
ھازىرغىچە ھەر قايسى ساھەلەردە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈ-
زۈش، جۇغلاش ۋە يەكۈنلەشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ،
ھەر قانداق كىشى مەلۇم بىلىمنى ئىگىلىمەكچى بولىدى-
كەن، ئالدى بىلەن ئۆگىنىش، ۋارىسلىق قىلىپ قايتا
ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆز بىلىمىنى ئې-
ياتلاپ، تولۇقلاپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ۋەھالەنكى،
بارلىق ئىدىيالىزمچىلار ۋە باشقا مېتافىزىكىلار بولسا،
كىشىلەرنىڭ بىلىمى — «تۇغۇلۇشىدىنلا بولىدۇ»، «تۇغ-
ما بولىدۇ»، «بەزى كىشىلەر تۇغۇلماستىنلا بىلىملىك
بولىدۇ، يەنە بەزىلەر «ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ-
ھېچنەرسە بىلمەيدىغان بولىدۇ» دەپ ھېسابلايدۇ... لې-
كىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «كىشىلەر بىلىمسىز تۇغۇ-
لىدۇ، بىلىمنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئالىدۇ»، «ئىنسانلار
تۇغۇلغاندا ھەممىسى ئوخشاش بولىدۇ»، ئەقلىي جەھەت-
تە «بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزلىك، ئەقىللىك بىلەن نا-
دانلىق، پەزىلەتلىك بىلەن پەسكەشلىك پەرقى بولماي-
دۇ» دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنئەنىۋى
كۆزقاراشلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ بۇ
خىل كۆزقارىشى XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى بول-
غان بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.
چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ 900 نەچچە يىل ئىلگى-

رىكى «پادىشاھلار ھاكىمىيەت تۇتقان» فېئوداللىق جەمئىيەتتە... «خۇدا» ئىنسانلارغا ئىقتىدار، بىلىم، ئاڭ ۋە ئەقىل ئاتا قىلغۇچى دېگەن ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلارغا قارىتىپ، «كىشىلەر بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ، بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق كېلىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىشىنىڭ ھەقىقىي داۋلىسىنى كۆرسەتكەن... روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىلىم ئىگىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھۆرمەتكە سازاۋەر يۈرەكلىك ئالىمدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئاپتورىنىڭ «كىشىلەرنىڭ بىلىمى ئۆگىنىش ئارقىلىق كېلىدۇ»، «پادىشاھتىن تارتىپ پۇقرالارنىڭ ھەممىسى بىلىم ئېلىشى كېرەك ھەمدە بىلىم ئالالايدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزىرى ئېنىق ۋە قىممەتلىك. لېكىن، ئۇ يەنە «جاھاندا بىلىملىكلەر ئاز، بىلىمسىزلەر كۆپ بولىدۇ» دەپ ھېسابلىغان. بۇ خىل قاراش سىنىپىي جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا شۈبھىسىز توغرا. چۈنكى، ئۇ، شۇ جەمئىيەتتىكى بىلىم ئىگىلەش ئەھۋالىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇنداقتا، سىنىپىي جەمئىيەتتە نېمە ئۈچۈن بىلىملىكلەر ناھايىتى ئاز، بىلىمسىزلەر ناھايىتى كۆپ بولىدۇ؟ ئاپتور بىزگە بۇ مەسىلىنى كۆرسىتىپ بەرمىگەن. بىزنىڭ بۇنى سۈرۈشتۈرۈشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، لېكىن، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بىلىم كۆزقارىشىنى تەتقىق قىلغاندا، بىز يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ: «تارىختىن بۇيان پومېشچىكلار مەدەنىيەتلىك، دېھقانلار مەدەنىيەتسىز بو-

لۇپ كەلگەن ئىدى.» ① دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي مەنىدىن جاۋاپ ئىزدىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، سىنىپىي جەمئىيەتتە بىلىملىكلەر ئاز، بىلىمسىزلەر كۆپ بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەرگىز ئەمگەكچى خەلقنىڭ نادانلىقى ۋە بىلىم ئالالمايدىغانلىقىدىن ئەمەس. بەلكى ئۇنى ئىجتىمائىي تۈزۈم، سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئاپتور چارۋىچىلارغا ئوخشاش ئەمگەكچىلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇلارنى بىلىمسىز، جاھىل، قوپال دېگەن. ئۇلارنىڭمۇ ئوقۇمۇشلۇق بولۇشى ۋە قائىدە - قانۇنلارنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيدىغانلىقىغا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىقارىغان، روشەنكى، بۇنداق قاراش خاتا.

## 6

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىپادىلەنگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم كۆزقارىشىدىكى بەزى نۇقتىئىنەزەرلەر ئىككى مەنبەچىلىك بولسىمۇ، لېكىن بىلىمنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ئۇنىڭ تونۇشى نوقۇل بىر مەنبەچىلىك، يەنى ئىدېئالىزملىق بىر مەنبەچىلىكتىن ئىبارەت. بەزى يولداشلارنىڭ قارىشىچە، ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە «ئەقىل تۇغما بولىدۇ، بىلىم كېيىن پەيدا بولىدۇ» دېگەنلىكتىن، كېيىنكى كۆزقاراش ئاپتورنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە ئۇيغۇن

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4، فورماتلىق ئومۇمىي توپلام، خەنزۇچە نەشرى 3- بەت.

كەلمەيدۇ، چۈنكى، ئاپتور كىتابتىكى «ئايەنۈچى ۋە كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن» دېگەن 1 - بابنىڭ بېشىدا:

1 خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەلتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىزىم ①.

دېگەن بولسا، 5 - بابنىڭ بېشىدا يەنە بۇ بېيىتنى تەكرارلىغاندىن كېيىن «ياراتتى ئالەمنى ئۇ خالاپ ئۆزى» دېگەن، دېمەك، بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئالەم» مۇقەررەر ھالدا بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدىن كەلگەنلىكى باياندا» دېگەن 6 - بابنىڭ بېشىدا يەنىمۇ ئېنىق قىلىپ:

148 ياراتتى ۋە يۈكسەلتتى تاللاپ ئادەم،
بېرىپ ھوش - ئەقىل، پەزىل، ئىلىمنى ھەم.

دېگەن. مانا بۇلاردىن ناھايىتى روشەنكى، ئاپتور كىشىلەرنىڭ بىلىمى (جۈملىدىن ئاڭ، ئىقتىدار، ئەقىل - پاراسەت)نى «ئاللا» ياراتتى، ئاتا قىلدى دەيدۇ. ھالبۇكى، تۇغما بولۇش، كېيىن پەيدا بولۇش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىمنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى تونۇشى ئىدېئالىزملىق بىر مەنبەچىلىك نۇقتىئىنەزەر، يەنى بىلىمنىڭ مەنبەسى «ئاللا»، تالانت كېيىن پەيدا بولىدىغان نەرسە ئەمەس دېگەندىن ئىبارەت.

ئېنگېلس ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزمنىڭ پەرقى

① ئىزىم — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئىگەم، تەڭرىم.

ئۇستىدە توختالغاندا مۇنداق كۆرسەتكەن ئىدى: «بارلىق پەلسەپىدىكى، بولۇپمۇ يېڭىنقى زامان پەلسەپىسىدىكى مۇھىم ۋە ئاساسىي مەسىلە — تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىن ئىبارەت.». «پەيلاسوپلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق جاۋاب بېرىشىگە ئاساسەن ئىككى چوڭ لاگېرغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئومۇمەن، تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن روھنىڭ مەنبە ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنى مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق ئېتىراپ قىلغۇچىلار... ئىدېئالىزم لاگېرىنى تەشكىل قىلىشتى. ئومۇمەن تەبىئەت دۇنياسىنى مەنبە دەپ قارىغۇچىلار ماتېرىيالىزملىق ھەرخىل ئېقىملارغا مەنسۇپ»①. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئاللا» ھەممىنى ياراتقان، «دۇنيادىكى بارلىق نەرسىنىڭ ئىگىسى»، «ئىنسانلارغا بىلىم، ئىقتىدار، ئاڭ ۋە ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلىدۇ» دېگەن قاراشلىرى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇنىڭ «ئاللا ئالەمنى ياراتقان» دېگەن تەلىماتىنىڭ سادىق ئېتىقادچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ... لېكىن ئۇ، بىلىم — «ئاللا» تەرىپىدىن يارىتىلغان بارلىق ھاياتلىق، يەر، زېمىن، تاغ، ھاۋا، سۇ قاتارلىق نەرسىلەرگە ئوخشاش ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ھەر بىر كونكرېت ئادەمگە ئاتا قىلىنىدىغان نەرسە ئەمەس؛ كىشىلەر بىلىم ئېلىشتا، خۇددى سۇ، كان ئىزدىگەندەك ئىزدىنىشى لازىم.

① «ماركس — ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى 219 — 220 - بەتلەر.

دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈردى. بۇ شۇنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇكى، بىلىمنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىدە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۈبھىسىز ھالدا ئىدېئالىزملىق بىر مەنبەچىلىك تەرەپدارى. بۇ، ئۇنىڭ بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، بىلىمنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى، كىشىلەرنىڭ تۇغما بىلىمىنىڭ بولىدىغانلىقى ياكى ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىم ئالىدىغانلىقى قاتارلىق بىر مۇنچە مەسىلىدىكى قاراشلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەتراپلىق بولغان.

لېكىن، بىلىمنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىدىكى ئاپتورنىڭ كۆز قاراشلىرىغا نىسبەتەن، ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. بىزگە نىسبەتەن بۇ تامامەن چۈشىنىشلىك. چۈنكى، بۇ خىل بىلىش — ئۇ ياشىغان زامان، ئۇنىڭ سىنىپىي ئورنى ۋە دىنىي ئېتىقادىنىڭ چەكلىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش جەريانىنىڭ ئىنكاسىدۇر. بۇ خىل ئىنكاس يالغۇز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تونۇشىدا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ماركسىزملىق دۇنيا قاراش بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى قەدىمدىن ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ئۆتكەن نۇرغۇن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ تونۇشىدىمۇ ئەكس ئەتكەن ئىدى. ھەتتا ماركسىزملىق دۇنيا قاراش بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە قەدەر ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى قوبۇل قىلىپ كېتەلىگىنى يوق، ئەكسىچە ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش جەھەتتە ماتېرىيالىزمچىلار بىلەن ئىدېئالىزمچىلار ئوتتۇرىسىدا ھازىرمۇ زور ئىختىلاپلار مەۋجۇت. بۇ خىل ئىختىلاپ مۇنـ

دىن كېيىنمۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتقىچە دەرىجىسى ئۇخ-
شاش بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەتتا
كوممۇنىزم پۈتۈن دۇنيادا غەلىبە قىلغانغا قەدەر مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئالبۇكى، بۈنىدىن 900 نەچچە يىل
ئىلگىرى ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپتا بۇ خىل ئەھ-
ۋال قانداقمۇ مەۋجۇت بولمىسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ
بىلىم كۆزقارىشى ئىممەتلىك، ئىلغار، ھەتتا بەزىلىرى
ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ
ئېسىل مەدەنىي مىراسى ھېسابلىنىدۇ. بەزى كۆزقاراش-
لاردا ئەكس ئەتكەن ئىدېئالىزملىق تەركىبلەرگە، شۇنىڭ-
دەك بىلىمنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىدە گەۋدىلىك ئىپادى-
لەنگەن «ئاللاھنىڭ يارىتىلىشى» توغرىسىدىكى قاراشلار-
غا كەلسەك، ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشىمىز، ھەرگىز
بىر نۇقتىغا ئېسىلىۋېلىپ ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلماسلى-
قىمىز، مېغىز بىلەن شاكالنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز
ئىنكارچىلىق قىلماسلىقىمىز لازىم. دەرۋەقە، بىلىق كۆ-
زى بىلەن مەرۋايىتنى ئايرىلاشتۇرۇپ، يالغان ئارقىلىق
راستنى قالايمىقان قىلىشقا، تەنقىدسىز مۇئەييەنلەشتۈ-
رۈشكە ۋە ۋارىسلىق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى، مار-
كسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق
پەرقلەندۈرۈشىمىز، شاكىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، مېغىزىنى
قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك①.

① بۇ ماقالە بىر ئاز قىسقارتىلىپ نەشرگە تەييارلاندى.

## ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — بىلىم

### ئاۋۇت توختى، باۋۇدۇن توختى

1

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان، جەمئىي 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقان 85 بابلىق چوڭ ھەجىملىك داستان بولۇپ، ئۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىدا زور قىممەتكە ئىگە بىر كلاسسىك ئەسەر.

بەزى كىشىلەر «قۇتادغۇ بىلىك»نى نوقۇل ئەدەبىي ئەسەر دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە ئۇنداق كۆز قاراش توغرا ئەمەس. ئۇ «ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە، تارىخ، پەلسەپە، دۆلەتشۇناسلىق، ئىجتىمائىي تەلىم — تەربىيە، ئەخلاق، قانۇن ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ

ئۇزاق ئۆتمۈش ھاياتى بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى رېئال ھاياتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق بىر ئىلمىي ئەسەر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسى تارىخى بىلەن قەدىمكى تىل - ئەدەبىيات تارىخىنى ۋە پەلسەپە، قانۇن، ئەخلاق، مائارىپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى، شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

قاراخانىلار سۇلالىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆتمۈش تارىخىدا، مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆپ جۇغلانغان بىر دەۋر. بۇ دەۋردە قەشقەر قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن مائارىپ، ئىلىم - پەن جەھەتتە ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە قۇرۇلغان «ساچىيە» مەدرىسىگە ئوخشاش ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، «سائادەت» كۇتۇپخانىسىغا ئوخشاش ئىلىم - مەرىپەت ئورۇنلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە پەلسەپە، لوگىكا، تارىخ، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تىبابەتچىلىك ۋە تىل - ئەدەبىيات جەھەتتە ئۆز زامانىسىغا مۇناسىپ ئاجايىپ يېڭى كەشپىياتلار ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن، «ساچىيە» مەدرىسىدە مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، تارىخ، ئەدەبىيات قاتارلىق تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن دەرس ئۆتۈلگەن. بۇ مەدرىسىنى زامانىسىغا مۇناسىپ كۆپلىگەن ئەدىب - شائىرلار، بۇ دەۋردە خېلى يۈكسەك سەۋىيىگە ئىگە بول-

خان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن.

لېكىن XI ئەسىرگە يېتىپ كەلگەندە قاراخانىلار سۇلالىسى ئىچكى سىياسى جەھەتتە چۈشكۈنلىشىپ پارچىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتقان. ئۇردا ماجىرالىرى، ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش، ئۇرۇش - ماجىرالار ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان. بۇ ئەھۋاللار ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپتا ئۆز زامانىسىغا قارىتا قاتتىق نارازىلىقنى قوزغىغان. ئۇ، ئۆز نارازىلىقىنى ئوچۇق سۆز بىلەن بايان قىلىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن مۇشۇ بىر داستان شەكلى بىلەن ئۆز پىكرىنى ۋە غايىسىنى يېزىپ چىققان.

2

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئادالەت كەۋدە قىلىنغان باراۋەر، ئىناق ۋە خاتىرجەم غايىۋى جەمئىيەت سۈرەتلەنگەن. شۇنداقلا بۇ غايىۋى جەمئىيەتكە بارىدىغان يول ئۇستىدىمۇ دادىل ئىزدەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يولنى قانۇن، ئەخلاق ۋە بىلىم دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. گەرچە بۇ گەپلەر ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىر خام خىيال بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، نۇرغۇن ئىلمىي قىممەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»تە بىلىم مەسىلىسى كۆپ مۇھاكىمە قىلىنغان بىر مەسىلە. ئۇنىڭدا بىلىم — قانۇن بىلەن ئەخ-

لاقىنىڭ تېز كاپالىتى، قانۇن بىلەن ئەخلاق ھەققانىيەت ۋە ھەقىقەتنىڭ سىمۋولى قىلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ ياخشى تەبىئىتىنى ئاساس قىلغان. ئىنسانلاردىن تىلشۇناسلار، پەيلاسوپلار، تارىخشۇناسلار، يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئاتاقلىق تېۋىپلار يېتىشىپ چىققان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنىڭدەك ئەبۇ ئابباس پەرغانى، ئەبۇ نەسر فارابى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى قاتارلىق ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر شائىرلار مانا مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن. بۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى شۇ چاغدا غەرب مەدەنىيىتىدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا، قەشقەر شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. بۇ يەرگە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن نۇرغۇن ئالىملار ۋە بىلىم ئىزدىگۈچىلەر كېلىپ توپلانغان. ئەرەب، ئىرا قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ ئالىملىرى «ساجىيە» مەدرىسىگە كېلىپ «خاقانىيە تىلى»نى ئۆگىنىپ كەتكەن. شۇڭا قەشقەر شۇ دەۋردە سانى بۇخارا (ئىككىنچى بۇخارا) دەپ ئاتالغان.

بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، شۇ چاغدا قەشقەردە ئىشلەپچىقىرىش بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باغۋەنچىلىك ۋە بىناكارلىق ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. بۇ ئەھۋال سودا - سېتىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ دەۋردە قەشقەرگە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سودا كارۋان-

لىرىلا ئەمەس، بەلكى ھىندىستان، ئىران، رىم سودى-
گەرلىرىنىڭ ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرغان. قەشقەر
شۇ چاغدا مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى
خەلقئارا بازارلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئىقتىسادىي
تەرەققىياتتىكى بۇ ئەھۋاللار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرگەن. شۇڭا، كىشى تەبىئىتىنى ئۆگىنىشنىڭ
ئاچقۇچى - باپىلىق ياكى ھوقۇق ئەمەس، بەلكى
بىلىم دەپ كۆرسەتكەن. بىز «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىدى-
يىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ كۆر-
گىنىمىزدە، بىلىمنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ غولى ئىكەنلىكىنى
ئوچۇق كۆرەلەيمىز. «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن سۆزنىڭ
ئۆزىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلى بويىچە «بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى
بىلىم» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىمنىڭ «قۇتادغۇ-
بىلىك»نىڭ مەزمۇنى قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن
تۇتىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئاپتور نۇرغۇن
جايلاردا بىلىمنىڭ كىشىلىك ھاياتى بىلەن بولغان مۇ-
ناسىۋىتى، بىلىمنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى بى-
لەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە بىلىمنىڭ جەمئىيەت، دۆ-
لەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ناھايىتى تەپ-
سىلىي توختىلىدۇ. بىز بۇ ھەقتە بىر نەچچە مىسالنىلا
كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنىڭ كىشىلىك ھاياتى
بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتى، بىلىمسىزلىك، نادانلىقنىڭ

زىيىنى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

260 جاھاندا نېمە بار بىلىمدىن قىممەت،
بىلىمسىز دېسە ئەر ئۇچۇن بەكمۇ سەت.

271 بىلىمسىز ئېرۇر ئۇ قارغۇ بەلگىلىك،
ئەي كۆزسىز، بىلىمدىن سەن ئالغىن ئۈلۈگ①.

288 ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى،
بىلىم — ئۇ يورۇقلۇق، يورۇتقاي سېنى.

313 بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

975 بىلىمسىز كىشى كۆڭلى قۇمدەك ئېرۇر،
دەريا كىرسە تولماس، ئوت ئۈنمەس بولۇر.

1814 تاپور بەخت كونسايىن بىلىم بىلسە ئەر،
كىچىك بولسىمۇ، ئورنى كاتتا بولۇر.

1843 بىلىملە پەرقلىنەر كىشى يىلقىدىن،
نېمە بار بۆيۈكرەك بۆلەك بىلىمدىن؟

1845 كىشىنى ئايرىغان بىلىم يىلقىدىن،
كىشى قولى ئۈستۈن بولۇر ئىلىمدىن.

---

① ئۈلۈگ — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئۈلۈش، نەسىبە، ھەدىيە.

2447 زېرەك بولسا، مالدىن قىيناالماس بولۇر،
بىلىم بولسا، ئىشتا يېڭىلمەس بولۇر.

4388 بىلىم بىرلە ئىنسان ئىشىن باشلىسا،
تاپار مەقسىتىنى ئىنچۈك ئىشلىسە.

4389 ھەر ئىشتا پايدىلىق ئاۋۋال ئىلىم ئول،
كېيىن قالسا ئىلىم، يەتمەس ئىشقا قول.

5253 بىلىم بىرلە ئىشلە پۈتۈن تۈرلۈك ئىش،
پۈتۈنلەي ئىلىمدىن كېلۈر كۆركلۈك ئىش.

3165 بىلىملىك، ئەقىللىك كىشىدۇر كىشى،
ئۆنىڭدىن بۆلەكلەر يىلقا تەگتۈشى.

3168 بىلىملە يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ئاڭلىق ياشىغىن.

3169 بىلىم بىرلە ئىش قىل، تىلىڭ توغرا تۇت،
ئۆگەن سەن، بىكارغا ئۆتمىسۇن بۇ كۈن.

ئاپتور يۇقىرىقى بېيتلار ئارقىلىق كىشىلەر بىلىم ئىگىلىسە، مۇشكۇلنى ئاسانغا، جاپانى راھەتكە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى، بىلىم كىشىلەرنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى، بىلىمسىزلىك، نادانلىق كىشىلەر-

كە بەختسىزلىك كەلتۈرىدىغانلىقىنى، شۇڭا كىشىلەر دۇنيادا بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيا قاراش جەھەتتە گەرچە بىر خۇداگۆي ئىدېئالىست بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن چەكلىنىپ قالمىغانلىقتىن، ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، شۇ دەۋرگە مۇناسىپ كىشىلەرنىڭ بىلىشىگە زۆرۈر بولغان ھېساب، ئالگېبرا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەرنى ۋە تىل - ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۆگىنىشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:

4378 ئوقۇ ھەندىسەنى دېسەڭ بىلەيىن،
ئېچىلغاي ھېساب ئىشىكى شۇندىن كېيىن.

4379 تولۇق بىل كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە كەسىر،
كامالغا يېتىشتە ئىمتىھاندۇر بىر.

4382 تىلەسەڭ يەنە سەن ئالگېبرانى ئۇق،
يەنە ئوقلىدىسنىڭ ئىشىكىنى سوق.

2631 ئوقۇپ كۆپ كىتابلار، بىلسۇن ھەر سۆزى،
چۈشەنسۇن شېئىرنى ھەم يازسۇن ئۆزى.

2633 ئۇ بىلسۇن ھېساب ھەم گېئومېترىنى،
كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى.

پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى بىلسۈن تىلى، 2036
پۈتۈن خەتنى ئوقۇسۇن، پۈتۈسۇن قولى.

بۇ گەپلەر ھازىرقى زامان ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادەتتىكى گەپلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قاراشتۇر.

كىشىلەرنىڭ بىلىمى بىلەن ئەخلاقىي پەزىلىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىگە باغلىق، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە يۇقىرى بىلىم سەۋىيىگە ئىگە بولۇش كېرەك. بۇ توغرىدا ئاپتور مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

بۇ ئىنسان بايانى قىلاي ئەمدى مەن، 147
قەدىر تاپتى ئەقلى، بىلىم - ئاڭ بىلەن.

ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر، 154
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

بەزى كىشىلەردە مەلۇم تەجرىبە ۋە بىلىم بار دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى ناچار بولسا، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنسا، بۇ ئەخلاقسىزلىق بولۇپ ئەمەلىيەتتە بىلىمسىزلىكتۇر. بۇ توغرىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

3641 ھاۋايى ـ ھەۋەسلە قىلسا ئىشنى،
بىلىملىك دېمەس بولماس ئۇنداق كىشىنى.

3642 ئەقىللىق دېيىلمەس ئۇ نەردىن ئەخىر،
ئەي كۆڭلى تىرىك، بونسا نەپسكە ئەسىر.

3643 كىمكى بۇ نەپسكە يول قويسا ھامان،
بىلىمسىز كىشى ئۇ، بۇ روشەن ئايان.

دېمەك، بۇ ئىدىيەلەر ئۆز زامانىسى ئۈچۈن يۈكسەك ئىلغار ئىدىيە بولۇپلا قالماي، ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ زور قىممەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋر چەكلىمىسى ۋە ئىدىيالىستىك دۇنيا قاراشنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بىلىمنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى مەسىلىسىنى توغرا ئىلمىي ئاساستا يايان قىلىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەردە ئىدىيالىستىك ئەزەلىيچىلىك قاراشلارغا قارشى تۇرۇپ، ئىستىخىيىلىك سادda ماتېرىيالىستىك خاھىشقا مايىللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ توغرىدا ئاپتور مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

1678 بىلىملىك تۇغۇلۇرمۇ ئانادىن كىشى،
ۋە يا ئۆگىنەمدۇ يېتىلسە يېشى؟

4021 بىلىملىك تۇغۇلماس كىشى، ئۆگىنۇر،
تۇغۇپ سۆزلىمەس تىل، تۇرۇپ سۆز قىلۇر.

4022 كىشى ئۆگىنىش بىرلە ئالىم بولۇر،
بىلىم بىلسە بارچە ئىشلار ئوڭلىنۇر.

بىلىم بىلەن دۆلەت روناق تاپىدۇ. جەمئىيەت ئالغا باسىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا دۆلەتكە، جەمئىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش بىلىم ئاساسىغا ئورنىتىلىشى لازىم. دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان ھەر دەرىجىلىك كىشىلەر تىرىشىپ ئۆگىنىپ بىلىم ئىگىلىشى، ئۆزىنى بىلىملىك كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. ئەكسىچە بىلىمسىز، نادان كىشىلەر دۆلەت ئىشلىرىغا ۋە جەمئىيەتكە باشچىلىق قىلسا دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرى بۇزۇلىدۇ. خەلق ئاممىسى بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ. بۇ توغرىدا ئاپتور مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

224 جاھان تۇتماق ئۈچۈن ئەرگە ئاڭ كېرەك،
ئەل - يۇرتنى سوراشقا بىلىم ئەڭ كېرەك.

252 جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالىم ئىكەن،
ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزەپ ئۆرلىگەن.

254 كىم ئاقىل خان ئۇلسا، بىلىمگە يېقىن،
قىلىپتۇر بىلىملىكنى ئۆزگە يېقىن.

1780 بىلىمسىزگە كەلسە دەۋلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

1781 ئەقىللىككە تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بېرەر ئەلگە ھۇزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۈت.

بىلىم بىرلە تۈتار ئىلىمنى بېگى، 1968
بىلىم بولمىسا، ئىشقا يەتمەس ئۆكى.

گەر ئىشتا يېتىلمىسا بەگلەر، ئەي خاقان، 1969
بۇ بەگلىك كېسەلدۇر، داۋالا شۇئان.

داۋاسى بۇ دەرتنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم، 1970
داۋالا ئەقىللە، خۇلقى مۇلايىم.

ئەقىل ھەم بىلىم بەگكە بەكمۇ كېرەك، 1971
داۋالار كېسەلنى شۇلار بىرلە بەگ.

بىلىملىك ئىشلەسۇن بۇ بەگلەر ئىشى، 2449
ھېچ ئىشقا يارىماس بىلىمسىز كىشى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى ۋە دۆلەت باشقۇرۇشتىكى ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپلا قالماستىن، بەلكى بىلىم ئىگىسى بولغان زىيالىيلارنى، ئالىملارنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدىمۇ بىر قاتار ئىلمىي كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ئالىملار ئېرۇر، 4341
ئۇلار ئىلمى خەلقنىڭ يولىن يورۇتۇر.

قاتتىق سۆي ئۇلارنى، قەدىرلە سۆزىن، 4342
تولا ياكى ئازدۇر ئۆگەن بىلگىنىن.

4343 يارىملىق - يارىمسىزنى قىلىپ پەرق ئۇلار،
تۇتار پاك - پاكىزە يولنىلا شۇلار.

4344 ئۇلارنىڭ ئىلمىنى ئۆگەن، تىرىش، بىل،
قىلىپ ياخشىلىق كۈت، ئۇزاتمىغىن تىل.

4347 ئۇلار ئىلمى بولدى جاھاندا چىراغ،
يول ئازماس كېچىدە يورۇسا چىراغ.

4350 قوپال سۆزلىمە، ئاش - تۇزۇڭنى يېدۇر،
ئۇلارنى قەدىرلەپ، ئەزىزلەپ كۆتۈر.

4352 ئۇلاردىن كېرەكى ساڭا ئىلىمدۇر،
يېتەكلەپ، ساڭا ھەق يولىنى كۆرسىتۇر.

مانا بۇ كۆزقاراشلار ئىنتايىن مۇھىم كۆزقاراش. بىلىمگە، زىيالىيلارغا سەل قاراش ئىنتايىن زىيانلىق. ئۇ بىر خىل نادانلىقنىڭ ئىپادىسى. نادانلىق ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ دۈشمەن.

3

بىز يۇقىرىدا «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئىچىدىكى بىلىمگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاز - تولا ئىزدىنىپ ئۆتتۇق. بۇنىڭدىكى مەقسىتىمىز — «قۇتادغۇبىلىك»

داستاندىن ئىبارەت تارىخىي ئىلمىي مىراسىمىزنى
تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەھلىل
قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ،
مېغىزىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى قىممەتلىك ئىدىيىلەر-
نى قېزىپ چىقىرىپ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، قەدىم-
كىنى ھازىرقىغا خىزمەت قىلدۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ
ھازىرقى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى
سۈرۈشتىن ئىبارەت. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق كۆر-
سەتكەن ئىدى: «تارىخىي مىراسلىرىمىزنى ئۆگىنىپ،
ماركسىزملىق ئۇسۇل بىلەن تەنقىدىي خۇلاسە چىقى-
رىش — ئۆگىنىشىمىزنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى. بىزنىڭ
مىللىتىمىز بىرنەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە،
ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بار، ئۇلارنىڭ
نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك نەرسىلىرى بار. بۇلار توغرى-
سىدا بىز تېخى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. بۈگۈن-
كى جۇڭگو تارىختىكى جۇڭگونىڭ راۋاجى. بىز مارك-
سىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلار، بىز تارىخنى ئۈ-
زۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بىز كۇڭفۇزىدىن تارتىپ
سۇن جۇڭسەنگىچە بولغان دەۋردىكى قىممەتلىك مىراس-
لارنى خۇلاسە قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشى-
مىز لازىم. بۇ ھازىرقى ئۇلۇغ ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك
قىلىشقا مۇھىم ياردەم بېرىدۇ»①. مانا بۇ، بىزنىڭ
«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش-

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى
370 - بەت

مىزنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى.

تارىخىي ماتېرىيالىزم بىزگە شۇنداق تەلىم بېرىدۇكى، ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە مەلۇم ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. ئۇنى شۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بەلگىلەيدۇ. ئۇ، شۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت كونكرېت تارىخىيلىققا، دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىنكاسى بولغان ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەمۇ شۇنداق بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ئىدېئولوگىيەمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇ، ئەينى زامانىدىكى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلىگەن قاراخانىلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت بىر تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى. بۇ داستاننىڭ ئاپتورى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ شۇ تارىخىي دەۋردىكى بىر مەشھۇر تارىخىي شەخستىن ئىبارەت. شۇڭا، بىز «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپقا باھا بەرگىنىمىزدە، تارىخىي ماتېرىيالىزم كۆزقارىشى بويىچە، ئۇلارنى شۇ تارىخىي دەۋر ئىچىدە قويۇپ تەتقىق قىلىشىمىز ۋە باھا بېرىشىمىز لازىم. خۇددى لېنىن كۆرسەتكەندەك: «تارىختا ئۆتكەن ئەربابلارنىڭ كۆرسەتكەن تارىخىي تۆھپىلىرى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغاندا، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان تەلەپلىرىگە توغرا كېلىدىغان نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەنلىكىگە قاراپ ھۆكۈم

چەكلىنمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەرگە قارىغاندا قانداق يېڭىلىقلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.»①

تارىخىي ماتېرىيالىزم يەنە بىزگە شۇنداق تەلىم بېرىدۇكى، ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىيلىققا ۋە كونكرېت دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ۋارىسلىق خاراكتېرگىمۇ ئىگە. بۇ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقىنىڭ ئىپادىسى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە پادىشاھقا كۈنتۇغدى، ۋەزىرگە ئايتولدى، ئەقىل ۋە بىلىمگە ئۆگدۈلمىش، قانائەت (راھىبچىلىق)كە ئودغۇرمىش دەپ نام قويۇپ، بۇ ئارقىلىق كۈن بىلەن ئاي ئىنسانلار ھاياتى ئۈچۈن قانچە زۆرۈر بولسا، ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭمۇ شۇنچىلىك زۆرۈرلۈكىنى، بىلىمسىزلىك، نادانلىقنىڭ ناھايىتى چوڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، بەدئىي ئۇسۇل بىلەن ئىلمىي بايان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولغان، ئىلمىي قىممىتى بار كۆزقاراش. بىز بۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

لېنىن: «ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق بىلىملەر بىلەن ئۆز مېڭىسىنى بېيىتقاندىلا، ئاندىن كوممۇنىزمچى بولغىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى (لېنىن «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دىن). بۇ، يۈسۈپ

① «لېنىن ئەسەرلىرى» 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 150 - بەت.

خاس ھاجىپقا ئوخشاش، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئۇلۇغ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر بىزنىڭ مەملىكىتىمىز يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرماقتا. پارتىيىمىزنىڭ بۇ يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىسى — پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ، مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپە. بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاچقۇچ، بىز ئۈچۈن پەن - تېخنىكا ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا بىز ھازىر، «قۇتادغۇبىلىك»قا ئوخشاش تارىخىي مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ بىلىم توغرىسىدىكى ئۇلۇغ ئىدىيىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغىنىمىزدىلا، ئاندىن تارىخ بىزگە يۈكلىگەن تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقىمىزنى باي، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئادا قىلالايمىز.

# «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ماتېماتىكىلىق بايانلاردىن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىلىم - پەنگە نەزەر

## تۇرسۇن ئەرشىدىن

1823 - يىلى فرانسۇز شەرقشۇناسى ژائۇبېرت ئامېدى مەتبۇئاتتا تۇنجى قېتىم «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە خەۋەر ئېلان قىلغان ھەم ئۇنىڭدىن بەزى نەمۇنىلەرنى نەشر قىلدۇرغاندىن تارتىپ، دۇنيا مىقياسىدا «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىش رەسمىي باشلانغان ئىدى. شۇندىن ئېتىبارەن ۋېنگرىيە، گېرمانىيە، روسىيە، تۈركىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆپلىگەن ئالىملار «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىپ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. بولۇپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمە نۇسخىسىنىڭ نەشردىن چىقىپ، كەڭ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا يېڭى بىر دولقۇن پەيدا قىلدى. زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە

كۆپلىگەن ياخشى ماقالىلەر، يۇقىرى سۈپەتلىك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇلار «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مول مەزمۇنلارنى ئېچىپ بېرىش ۋە مىلادى IX ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيانى، يەنى «دەريالىرى ئاساسەن دېڭىزغا قۇيۇلمايدىغان كەڭ جايلار»نى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەگرى - توقاي مۇرەككەپ تارىخى ۋە ئۇنىڭ رەڭدار مەنزىرىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بەلگىلىك رول ئوينىدى.

بىراق، كۆپلىگەن چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىشتىكى مۇددىئاسىنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشى تۈپەيلىدىن، بەزىلىرى وقۇل ھالدا «ئىسلام دىداكتىكىسى»، «يەرلىك تۈرك ئەدەبىياتى گۈللىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسى»، «تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش باسقۇچىدا يېزىلغان ئەسەر» دېيىش بىلەنلا چەكلەندى. ھەتتا بەزىلىرى، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «ئومۇمىي مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىدىن ئىبارەت»، قىيىن ئىشقا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. شۇڭا، «تۈرك ئەدەبىياتىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغۇدەك تەرەققىيات قاراخانىلار دەۋرىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن 300 يىل كېيىن يۈز بەرگەن» دەپ خۇلاسە چىقاردى؛ يەنە بەزىلىرى بولسا، «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەس، باشقا مىللەتلەرنىڭ دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشتى.

يەنە بەزىلىرى قىلچە ئاساسى بولمىغان ئويدۇرمىـ
لارنىمۇ توقۇپ كۆردى.

«قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىش بىزدە ئەمـ
دىلا قولغا ئېلىنغان ئىش بولغىنى ئۈچۈنمۇ، بۇ ھەقتىـ
كى ئىلمىي مۇھاكىمىلەر ئىچىدە، تونۇشتۇرۇش خاراكـ
تېردىكى ماقالىلەر كۆپ، چوڭقۇر ئوپېراتسىيە خاراكتېرىـ
دە يېزىلغان ماقالىلەر ئاز؛ ئومۇمىي تەھلىل كۆپ،
«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە رېئال
ئەھمىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ئاز: كىتابتىكى مەزمۇنلارنى
ساناپ ئۆتۈش كۆپ، ئۇنى ئەينى زاماندىكى قاراخانىـ
لار جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
تەرەققىياتىغا باغلاپ تەھلىل قىلىش ئاز بولۇشتەك
ئەھۋاللار ساقلاندى. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەردىن كۆرە،
«قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھەرلەر
خەزىنىسىدە ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان ھەمدە ھازىرقى
زاماندىكى دۇنياۋى بىلىملەردىن بولغان ئارىفمېتىكا،
گېئومېترىيە، ئالگېبرا، ئالىي ماتېماتىكا، خىمىيە،
فىزىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، گېئولوگىيە، جۇغـ
راپىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئەينى زاماندىكى قاراخانىـ
لار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
سەۋىيىسىنى بىۋاستە ئېچىپ بېرىدىغان تەبىئىي پەن
جەۋھەرلىرى ئۈستىدە تېخى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتـ
تۇرىغا چىقمىدى.

بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى
تەبىئىي پەنگە ئائىت (ئاساسلىقى ماتېماتىكىغا ئائىت)

مەزمۇنلارنى تەتقىق قىلىمىز ۋە ئۇنىڭدىكى پولاتتەك
پاكىتلار ئارقىلىق بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ تارى-
خىي چىنلىقىغا قانچىلىك دەرىجىدە سەممىيەتسىزلىك ۋە
كاززاپلىق بىلەن كۆز يۇمغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ
ھەر خىل قاراشلىرىنىڭ قانچىلىك ئىلمىي ئاساسى
بارلىقىنى، قانچىلىك دەرىجىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدى-
غانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

ھەممىگە ئايانكى، تەبىئىي پەن ئىشلەپچىقىرىش
كۈچىدۇر. چۈنكى ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ
ئاساسىي ئامىلى بولغان ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى چۈشەن-
نىش، تەبىئەتتىن پايدىلىنىش، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش
يولىدا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدۇرغان ئەمەلىي پائالىيىتى
ۋە سان - ساناقسىز ئىلمىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى
ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشتىكى ئۆتكۈر قورالىدۇر. شۇن-
داق ئىكەن، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى چۈشىنى-
شى ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشى قانچە
چوڭقۇرلاشسا، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىش، بويسۇن-
دۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋە پايدىلىنىش ئىقتىدارى شۇنچە
يۈكسىلىدۇ ھەمدە جەمئىيەتتە ئېھتىياجلىق بولغان
ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلەرنىڭ سۈپىتى شۇنچە ئېشىپ،
جەمئىيەت ئەھلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قامدىلىش سەۋىيە-
سىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا،
مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتى-
كى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-
نىڭ ئىلغار ياكى قالاقلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ

تەرەققىياتى قايسى باسقۇچتا تۇرغانلىقىنى شۇ جەم-
ئىيەتتىكى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى
بەلگىلەيدۇ.

خوش، ئۇنداق بولسا، IX ئەسىردىن XIII
ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن
قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلىم - پەننىڭ سە-
ۋىيىسى قايسى دەرىجىدە ئىدى؟

بۇ گەرچە ناھايىتى چوڭ ۋە كەڭ دائىرىدىكى
مەسىلە بولسىمۇ، ئەمما «قۇتادغۇ بىلىك»تە بايان
قىلىنغان ماتېماتىكىغا دائىر مەزمۇنلارنى ئەستايىدىل
مۇھاكىمە قىلغاندا، ئاندىن يۇقىرىدىكى سوئالغا جاۋاب
تاپقىلى بولىدۇ.

## «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى «بىلىم» تەبىرى ۋە مۇئەللىپىنىڭ مۇددىئاسى

«قۇتادغۇ بىلىك» دۆلەت ئەربابلىرى ئۈچۈن
سىياسەت ۋە قانۇن قوللانمىسى، ئەدىبلەر ئۈچۈن بەدى-
ئىي ئەدەبىيات ۋە سەنئەت مەكتىپى بولۇپلا قالماي،
بەلكى تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئۈچۈنمۇ خىلمۇ خىل
بىلىملەر دېڭىزى بولغان ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەينى زاماندىكى ئوبيېكتىپ
رېئاللىق ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ تارىخىي سا-
ۋاقلىرى چوڭقۇر يەكۈنلەنگەن ئاساستا «ئوقۇش ۋە
بىلىم ئىگىلەش» ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش،

ئاۋامنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىدىيىسى ناھايىتى روشەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، مۇئەللىپ ئوقۇش ۋە بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئەھمىيىتى ھەمدە ئىجتىمائىي رولىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

152 بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇغ.
بۇ ئىككى يۈكسەلتۈر قۇلنىمۇ تولۇق.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «بىلىم» كەڭ مەنىدىكى بىلىم بولۇپ، ئۇ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەننىڭ ھەممە تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەنە كېلىپ ئەسەردە قايتا ـ قايتا تەكىتلەنگەن «بىلىم» ئەسەرگە دەبدەبىلىك تۈس بېرىش ياكى ۋەزخانلىق قىلىش مەقسىتىدە ئىلگىرىكى ئومۇملىشىپ بولغان تەبىرلەر تەكرارلىنىپ قويۇلغانلا ئەمەس. بەلكى ئەينى زاماندىكى تەركىي دۇنياچىلىق، خۇراپاتلىققا قاتتىق دەككە بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى ئۈزۈل - كېسىل رەت قىلىدىغان قورال سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان.

تۆۋەندە بىز ئاشۇ «بىلىم»نى تەشكىل قىلغۇچى نۇرغۇنلىغان كونكرېت پەنلەرنىڭ بىرى بولغان «ماتېماتىكا» ئىلمىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تە قايسى تەرىزدە شەرھلەنگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئارىفمېتىكىلىق بايانلار توغرىسىدا

ھەممىگە ئايانكى، ماتېماتىكىنىڭ كىرىش قىسمى

ھېساپلانغان ئارىفمېتىكا (ھېساب) تۈرلۈك ھېسابلاشلارنى بېجىرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان سانلار، سانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئارىفمېتىكىلىق ئەمەللەرنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ھازىرقى زامان مائارىپىدا، ئارىفمېتىكا ھەققىدە بىلىم-چۈشەنچە بېرىش مۇنتىزىم باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرس پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ، پۈتكۈل باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدا باشتىن ئاخىر ئەڭ مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. چۈنكى، ئارىفمېتىكا ھەل قىلىدىغان رېئال سانلىق قىممەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر دەل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن بولغان سانلىق مۇناسىۋەتلەردۇر. مانا مۇشۇ پەن «قۇتادغۇ بىلىك»تە يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان ھالدا مۇنداق تەرىپلەنگەن:

2221 ھېساب ساقلىقىدىن ئاتالدى «ساقىش»،
كۆرەرسەن، ھېساب ئۇ ئۆزى بەك ساق ئىش.

ئارىفمېتىكىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە تۇتقان ئورنى، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى رولى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۇنداق بايان قىلىنغان:

2770 ئەقىللىك كىشىلەر ئۇنۇتماس بولۇر،
ھېسابلاپ قىلۇر ئىش يېڭىلمەس بولۇر.

2220 كىشى ئىش ـ كۈشنى ھېسابلاپ قىلار،
يىل ـ ئاي، كۈن ۋاقىتنى ھېسابلاپ تايار.

2781 خىزمەتچى ھېساپتا غاپىل بولسا گەر،
ھېساب ۋاقتىدا باش ئۇرۇپ ئىڭرەر.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئاددىي خەلقنىڭ «ئىش ـ كۈشنى ھېسابلاپ قىلىدىغانلىقى»، «ئەقىللىك دەپ ئاتالغان كىشىلەر» ئەمەلىيەتتە ھېسابلاش ئىلمىگە ئۇستا ۋە ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاشقا ماھىر كىشىلەر ئىكەنلىكى، ھەتتا دۆلەت خادىملىرى بولغان «خىزمەتچىلەر ھېساباتتا غاپىللىق» قىلسا، تولىمۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتكە دۇچار بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن «ئارىفمېتىكا»نىڭ قاراخانىلار دەۋرىدە ئاددىي پۇقرالاردىن تارتىپ دۆلەت ئەمەلدارلىرىغىچە ھەممە كىشى خەۋەردار پەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ئارىفمېتىكا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش، پىرسەنت چىقىرىش، كەسىر ۋە تاناسىپ ھېسابلاش، مەسىلە يېشىش قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كۈچلۈك ئوگىنىلىققا ئىگە، قوللىنىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، سىستېمىلىق ھەم مۇرەككەپ ئىلىم بولۇپ، ئۇنىڭدا مەلۇم بولغان ئارىفمېتىكىلىق قىممەت-

لەر ۋە شەرتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئانالىز قىلىش، ئومۇم-
لاشتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش ھەم قىممەتلەر ئارىسىدى-
كى مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق سەۋەب، نەتىجىنى ئايدىڭ-
لاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئېنىق لوگىكىلىق خۇلاسە
چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئارىفمېتىكىدىن ئىبارەت
بۇ پەن بولمىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىنسانلار كۈندىلىك
تۇرمۇشتا، ئىشلەپچىقىرىشتا، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش
كۈرىشىدە ئۈزلۈكسىز دۇچ كېلىدىغان سانلىق مۇناسى-
ۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلالمىغان، ھېساب ـ كىتاب
قىلىش، ۋاقىتنى بەلگىلەش، ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكنى
ئۆلچەش، ھەجىم ۋە سىغىمىنى ھېسابلاش... قا ئوخ-
شاش سان ـ ساناقسىز ۋە خىلمۇ خىل ئەمەلىي
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالغان، قىسقىسى،
ئىنسانلار قورقۇنچلۇق ياۋايى ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇر
بولغان بولاتتى.

قاراخانىلار ئارىفمېتىكىسىنىڭ قىممەتلىك يېرى،
ئۇنىڭ «سانلار چۈشەنچىسى»، «ئون بارماق بىلەن ھې-
سابلاش»، «ئارغامچا تۈگۈپ خاتىرىلەش»، «ياغاچقا بەلگە
ئويۇپ ھېسابات قىلىش» باسقۇچىدا ئەمەس، بەلكى ئارىف-
مېتىكىنىڭ قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش،
كەسىر ھېسابلاش، پىرسەنت چىقىرىش، تاناسىپ، مەسى-
لە يېشىش قاتارلىق تارماقلىرى مۇكەممەللەشكەن، ئۇنى
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە چوڭ-
قۇر تەتبىقلاشقا ئادەتلەنگەن ۋە ئارىفمېتىكىلا مىسلىسىز
دەرىجىدە ئومۇملاشقان ـ ئومۇملاشتۇرغان، ھەتتا

ئارىنىمىتىمكىنى جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرى ئۈچۈن ئورتاق دەستۇر قىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن باسقۇچتا تۇرغانلىقىدا. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى بايانلار تولۇق ئىسپات بولالايدۇ:

2776 ھېساب ساقلىقى چىن يازۇ بىرلە ئول،
ھېسابات يېزىلسا، كەڭ ئېچىلۇر يول.

1493 ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر،
كىچىككىلىكتە بىلسە ئۇتۇقلۇق بولۇر.

1494 ئوغۇل ـ قىز ئايىماي تاياق بىرلە ئۇر،
تاياق قىز ـ ئوغۇلغا بىلىم ئۆگىتۇر.

1495 كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى،
قېرىپ ئۆلگۈنچە ئۇنۇتماس ئۇنى.

يۇقىرىدىكى بايانلاردا ئارىسىنىمىتىمكا جەمئىيەتتە «كەڭ يول» ئاچىدىغان ئىلىم ئىكەنلىكى، شۇڭا بۇ جەھەتتە تەلىم ـ تەربىيە بېرىشنى ياش ئەۋلادلاردىن باشلاپ تۇتۇش لازىملىقى، ھەتتا زۆرۈر بولغاندا «قىز ـ ئوغۇللارنى تاياق»تىن ئىبارەت قاتتىق ئىنتىزام ئىشكەنجىسىگە ئېلىش لازىملىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

«قوتادغۇ بىلىك»تە يەنە «خىزمەتچى»، «پۈتۈكچى»، «خەزىنىچى»، «ۋەزىر» قاتارلىق ئورۇندا ئەمەلدار-

لەرى ۋە دۆلەت خادىملىرىغا ئەھمىيەتلىكىدىن ئىبارەت
بۇ پەننى پۇختا ئىگىلەش زۆرۈر شەرت قىلىپ قويۇ-
لىدىغانلىقى، ئەھمىيەتلىكىنى دۆلەت خادىملىرى تولۇق بىلىشى
شەرت بولغان مۇھىم پەنلەرنىڭ بىرسى قىلىنغانلىقى
كۆرسىتىلگەن. بۇ ئەھۋال تۆۋەندىكى بايانلاردا روشەن
ئىپادىلىنىدۇ.

دۆلەت خادىملىرىغا مۇنداق تەلەپ قويۇلغان:

نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، كۆيۈمچان كىشى، 2777
ھېساب بىرلە خادىم چىڭ تۇتسۇن ئىشى.

ئۇ بولسۇن يېزىش ھەم چىزىش ماھىرى، 2773
ھېساب تۇتۇشقا بولسۇن ھۈنىرى.

دۆلەت خەزىنىچىلىرىگە مۇنداق تەلەپ قويۇلغان؛

خەزىنىچى بىلسۇن ئۇ تۈرلۈك بىتىك، 2780
ئۇنى ساقلىسۇن ھەم ئۇ قىلسۇن ئىتىك.

ئىگىلەپ تۇت ئەمەلنى چىڭ خەزىنىدار، 2782
ھىسابتا كۆڭۈلنى تۇتسۇن بەرقارار.

دۆلەت ۋەزىرلىرىگە مۇنداق تەلەپ قويۇلىدۇ:

ۋەزىر ئىشى ھەممە ھېسابلە بولۇر، 2219
ھېساب بىلمىسە ئىشچى، ئىشى قالۇر.

2218 ھېساب بىلسۇن ھەم بولسۇن ئالىم، تېتىك،
بىلىم بىرلە بولسۇن ئۇ تۈزلۈك بىتىك.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئارىفمېتىكا پېننى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بارلىق ئەھلى ئۈچۈن دەستۇر قىلىغانلىقى ھەققىدە، ئەنە شۇنداق مول بايانلار بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئارىفمېتىكا پېنىنىڭ خۇددى ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى مۇنتىزىم باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلىدىغان مۇكەممەل، سىستېمىلىق ئارىفمېتىكا پېنىگە ئوخشاش دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئارىفمېتىكىنى پۇختا بىلىش ماتېماتىكىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچلىرىنى ئىگىلەپ، كامالەتكە يېتىشتە ئىمتىھان قىلىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كۈچلۈك دەلىللەرمۇ بار.

4379 تولۇق بىل كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە كەسىر،
كامالغا يېتىشتە ئىمتىھاندۇر بىر.

4380 بۇ تەزئىق① يا تەنسىق②نى سەن ياخشى بىل،
ئەگەر بىلسەڭ ئاندىن ساناق چەزىر③ قىل.

4381 يەنە جەمئىي تەفرىق④، مىساھەت⑤كە بۇت،
يەتتە قات پەلەكنى بىر تال چۈپچە تۇت.

---

① تەزئىق — (ئەرەبچە) ئىككى قاتلاش، قاتلىما.
② تەنسىق — (ئەرەبچە) ئېلىش، كېمەيتىش.
③ چەزىرا — (ئەرەبچە) يىلتىز تېپىش.
④ جەمئىي تەفرىق — (ئەرەبچە) قوشۇش، ئايرىش.
⑤ مىساھەت — (ئەرەبچە) مەيدان ھېسابلاش.

مانا بۇلار بۇنىڭدىن 1000 يىللار ئىلگىرىكى قاراخانىلار دەۋرى ئارىفمېتىكىسى خۇددى XX ئەسىر ئارىفمېتىكىسىغا ئوخشاش، قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش، مەيدان ھېسابلاش، دەرىجىگە كۆتۈرۈش، كەسىر، نىسبەت - تاناسىپ ھېسابلاش، يىلتىز چىقىرىش، تېپىش قاتارلىق ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل ئارىفمېتىكا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلاردۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئارىفمېتىكىغا دائىر بايانلاردىن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك خۇلاسىگە كېلىمىز.

1. قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئارىفمېتىكا ئىلمىيلىكى، سىستېمىسى، مەزمۇن ۋە ماھىيەت جەھەتتىن قارىغاندىمۇ XX ئەسىردىكى دۇنياۋى ئارىفمېتىكىغا ئوخشاش ئىدى ۋە ياكى كۆپ جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى.

2. قاراخانىلار دەۋرىدە ئارىفمېتىكا بىلەن تىل ئىلمىدە ساۋات چىقىرىش (ياكى بۇ جەھەتتە مەلۇماتلىق بولۇش)نى ئاساس قىلغان ئىپتىدائىي مائارىپ، پەرزەنتلەردىن تارتىپ ئەمەلدارلارغىچە بولغان پۈتكۈل جەمئىيەت ئەھلىگە ئومۇملاشقان ياكى بۇ خىل ئىپتىدائىي مائارىپ ماھىيەت جەھەتتە مەجبۇرىي تەلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

جۇڭگونىڭ سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان تارىخچى ۋېي جى قاراخانىلار سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋردە ياشىغان «غەربىي يۇرت» خەلقلىرى ھەققىدە توختالغاندا «... ئوغۇللىرى بەش ياشتىلا ساۋاتىنى چى-

قىلىدىكەن. كىچىككىدىن تارتىپلا سودىگەرچىلىكنى ئۆگىـ
نىدىكەن، پايدا ئېلىشقا ئۇستا ئېكەن». «ئوغۇزلىرى 20
ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى چەت دۆلەتلەرگە سودا قىلىشـ
قا ئەۋەتىدىكەن، ئۇلاردىن شامىدا (ھازىرقى ئىراققا — ت)
بارغانلىرىمۇ بار ئىكەن» دەپ يازغانلىقى يۇقىرىدىـ
كى پىكرىمىزنى تولۇق دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

## «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى گېئومېترىيەلىك بايانلار توغرىسىدا

مىلادى IX ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىلار سۇلالىسى شەرقتە ھازىرقى كۇچار، غەربتە سىر ۋە ئامۇ دەريالىرى ئارىلىقىغىچە، شىمالدا ئىسسىق كۆلدىن جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان كەڭ زېمىننى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ئىدى. قاراخانىلار سۇلالىسى تىكلەنگەن بۇ زېمىن پامىر ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىپپايان جايلار، مۇنبەت تۈزلەڭلىكلەر، سان - ساناقسىز دەريا - ئېقىنلار، بوستانلىقلار بىلەن بېزەلگەن ئىدى. بۇ زېمىننىڭ مۆتىدىل ھاۋا كىلىماتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ناھايىتى باب كېلەتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن قاراخانىلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى راپونلار شەرقتە خېشي كارىدورىدىكى گەنجۇ

ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، تۇرپان ئۇيمانلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ جايلاردا تىكلەنگەن قوچو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى تەۋەلىكى ئارقىلىق جەنۇبىي جۇڭگودىكى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن، شۇنىڭدەك غەربىي شىمال ئىگىزلىكىنىڭ بىر قىسمىدىكى تاڭغۇتلار ھاكىمىيىتى تەۋەلىكى بىلەن تۇتىشاتتى. شۇڭا ياۋروپادىن شەرققە كېلىشتە ياكى ھىندىستاندىن شەرققە كېلىشتە ھامان ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، ئاندىن شەرققە بۇرۇلۇشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭغا ئوخشاشلا، شەرقتىكى ئەللەردىن غەربكە ياكى جەنۇبقا بېرىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، ئاندىن غەربتىكى ئەللەر ياكى جەنۇبتىكى ئەللەرگە يول ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئوتتۇرا ئاس- شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنى يۇرۇتۇشتا تۈگۈنلۈ رول ئوينايلا قالماستىن، بەلكى ئۆز دىيارىدا ۋۇجۇدقا چىققان مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنىمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت ئامبىرى بولغان ئىدى.

يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىكلەر، بولۇپمۇ قاراخانىلار سۇلالىسى تەمىن ئەتكەن ئۇزاق مۇددەتلىك نىسپىي تىنچ مۇھىت بۇ كەڭ تېررىتورىيىدە ئاللىقاچان مۇستەقىل تەرەققىيات يولىغا كىرگەن يېزا ئىگىلىكى، قول ھۈنەر سانائىتى، مېخانىك سانائەت، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى پاراللېل يوسۇندا تېخىمۇ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈردى. گۈللىنىۋاتقان يېزا ئىگىلىكىنىڭ

ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك سۇ ئىنشا-
ئاتلىرى لايىھىلىنىپ، قاقاسلىقلارغا سۇ چىقىرىدىغان،
دەريا سۇلىرىنى تىزگىنلەشكە باشلايدىغان چوڭ ئۆس-
تەڭلەر، ئېرىقلار چېپىلدى. دەريالار بىلەن دەريالارنى
بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان قانالار قېزىلدى. شاش
دەريالارنى تىزگىنلەش، كەلكۈن ۋە قىيانلاردىن ساقلى-
نىش ئۈچۈن دامبا، توساقلار ياسالدى. قول ھۈنەرۋەن-
چىلىكنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئۇستىخا-
نىلار، بازار - رەستىلەر بەرپا قىلىندى. دۆلەت
مۇداپىئەسى ئۈچۈن ھەيۋەتلىك سېپىل - قەلئەلەر
ياسالدى. ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئاپپاراتلىرى
ئۈچۈن ئوردا، ساراي، قەسىرلەر سېلىندى. ئاھالە را-
يونلىرى بىنا قىلىنىپ، شەھەرلەر ئاۋاتلاشتۇرۇلدى.
ھەر خىل راۋاق، مۇنار، گۈمبەزلەر ئارقىلىق شەھەر-
لەرنى، شىبھتگاھلىقلارنى، مازايى ماشايىقلارنى
بىزەش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلاندى. غەرب، شەرق ۋە
جەنۇبتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئالاقە
راۋاجلاندى، سودا روناق تاپتى ... ئەنە شۇنىڭغا
ئوخشىغان كۈرمىگلىغان ئىشلار، ناھايىتى زور قىممەتتىك
كى مىقدارلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەي،
بەلكى شەكىللەر بىلەن شەكىللەر، شەكىللەر بىلەن مىق-
دارلار مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ
ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىدى.
يەنە كېلىپ بۇ مۇناسىۋەتلەر ۋە مەسىلىلەر تېغرا،
ئېنىق ھېساباتلارنى تەلەپ قىلاتتى. قاراخانىلار دەۋرى-
دىكى ئۇنداق ئىجتىمائىي گۈللىنىش — قاراخانىلار دەۋرى
ماتېماتىكىسىنىڭ ئالدىغا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يېڭى-

يېڭى مەسىلىلەرنى قويدى. ۋەھالەنكى، يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى يالغۇز ئارىفمېتىكىغا تايىنىپلا ھەل قىلغىلى بولمايتتى. بۇ خىل ئېھتىياج ئۆز نۆۋىتىدە قاراخانىلار گېئومېترىيىسىنى خۇددى ئارىفمېتىكىغا ئوخشاشلا يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرگەن ھەم ئۇنى كەڭ ئومۇملاشتۇرغان ئىدى. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك»تە گېئومېترىيە ئۆگىنىش مۇنداق تەشەببۇس قىلىنغان:

2783 ھېسابتا تۆت ئەمەل ئۆققاچ، ئېيىن سەن،
شۇغۇللان يەنە ئۇ ھەندىسە① بىلەن.

4378 ئوقۇ ھەندىسەنى دېسەڭ بىلەيىن،
ئېچىلغاي ھېساب ئىشكى شۇندىن كېيىن.

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ھەندىسە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى زاماندا قوبۇل قىلغان ئاتالغۇغا ئايلاندۇرساق، «گېئومېترىيە» دېگەن پەننىڭ نامىنى بېرىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنغان بۇ گېئومېترىيە ئەينى زاماندا خۇددى XX ئەسىر ئارىفمېتىكىسىغا ئوخشاش مۇكەممەللەشكەن. ئارىفمېتىكا ھەل قىلالمىغان مۈشكۈل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان گېئومېترىيە بولۇپ، ئۇ سانلار بىلەن سانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىلا ئەمەس، بەلكى شەكىللەر بىلەن شەكىللەر ئوتتۇر-

① ھەندىسە — (ئەرەبچە) گېئومېترىيە.

سىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى ۋە قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆرسەتكەن گېئومېترىيە ئىدى.

قاراخانىلار گېئومېترىيىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىلمىي مەسىلىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە مۇشكۈللۈكى «قۇتادغۇ بىلىك»تە مۇنداق بايان قىلىنغان:

2784 بۇ ئىلمى ھەندىسە ئىنچىكە ئىشتۇر،
يەر - ئاسمان ھېسابى شۇ بىلەن بولۇر.

2786 بۇ ئىلمى ھەندىسە ئېرۇر بەك چۇقۇر،
ئۇنىڭدا ھېكمەلەر بېشىمۇ قايۇر.

2787 يارار ئۇ يەتتە قات كۆكنى دانىدەك،
چۇقۇر - دۆڭنى ئۇششاق قىلىپ ئاجرىتۇر.

دېمەك، بۇنىڭدىن قاراخانىلار دەۋرى گېئومېترىيىسىنىڭ «ناھايىتىمۇ ئىنچىكە ئىش ئىكەنلىكى»، «يەر- ئاسمان ھېسابىنى قىلىدىغان»، «يەتتە قات كۆكنى دانە- دانە قىلىپ پارچىلاپ»، «چوڭقۇر - دۆڭنى ئۇششاق قىلىپ ئاجرىتىدىغان» پەن بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، قاراخانىلار دەۋرى گېئومېترىيىسى شۇ دەۋر خەلقىنىڭ قولىدىكى ئۆتكۈر قورال بولۇپ،

تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە كېيىنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئالغۇدەك ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا، قاراخانىلار دەۋرىدە:

1733 بىراۋلار يۈگۈرۈپ جاھان ئايلىنۇر،
بىرى جان پىدالاپ، دېڭىزگە كىرۇر.

1735 بىراۋلار ئېشىپ تاغ، دەريالار كېچەر،
بىراۋ يەر قېزىپ، سۇ قۇدۇقتىن ئىچەر.

دېگەندەك تەبىئەتكە جەڭ ئېلان قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ئەھلى دېگۈدەك كىشىلىك ھاياتنى بەخت - سائادەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئاتلانغان گۈزەل مەنزىرە بارلىققا كەلگەن. نەتىجىدە «قۇتادغۇ بىلىك»تە قەيت قىلىنغان:

3103 ئېلىڭ سايىسىدا تۈزەلدى ئاچۇن،
غەم - ئەندىش قىسقاردى، خۇشاللىق ئۆزۈن.

3104 بېيىپ ئەل، ئاسايىش بىلە تىنچ ياتۇر،
شەھەر - كەنت بېزەندى كۆڭۈل شادلىنۇر.

3105 ھۇزۇردا ئۆتەر بۇ خەلق كۈنلىرى،
سۆيۈنچتە كېچەر، كۆر، پۈتۈن تۈنلىرى.

دېگەندەك ئەھۋال قاراخانىلارنىڭ جەمئىيەت رېئاللىقىدا راستىنلا مەيدانغا كەلگەن. چۈنكى، «سان ۋە

شەكىل ئۇقۇملىرى باشقا ھېچقانداق يەردىن ئەمەس، بەلكى رېئال دۇنيادىن ئېلىنغان.»① . رېئال دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەرەققىي قىلغان ۋە شۇ رېئال دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى قورال بولغان. دېمەك، گېئومېترىيىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى دەسلەپتىلا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا باغلىق بولغىنىدەك، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كەڭ مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇشى، چوڭقۇرلاپ بېرىشى ۋە زور مۇرەككەپ، چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يۈزلىنىشىمۇ دەل ئاشۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. شۇنداق ئىكەن، قاراخانىلار دەۋرى گېئومېترىيىسىنىڭ تەرەققىيات يولى ۋە ئۇ پەيدا قىلغان ئۆزگىرىشلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئۇنداق بولسا قاراخانىلار دەۋرىدىكى گېئومېترىيە زادى قايسى تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىدى؟ بۇ ئىنچىكە مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتە يەنە «قۇتادغۇ بىلىك»كە مۇراجىئەت قىلىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 15 ،- 17 - بابلىرىدا كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئۈچ پۇتلۇق كۇرسىدا ئولتۇرغانلىقى، كۇرسىنىڭ ئۈچ پۇتى بىر-بىرسىگە چېتىلمايدىغانلىقى ھەققىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇنداق بايانلار بار:

① ف. ئېنگېلس: «دېيۇرىڭغا قارشى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1972 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 56 - بەت.

769 بۇ ئايتـۋادى ئۆلتۈردى تىپ ـ تىنچ كېلىپ،
يۈرۈپ كۆڭلى، كۆزىنى يەرگە تىكىپ.

770 ئېلىككە يېگىرتتى يوشۇرۇنچە كۆز،
تۈرۈلگەن قاش ـ قاپاق، پۈرۈشتۈرمە يۈز.

771 كۈمۈش كۈرسى ئۈستىدە جىم ئولتۇرۇر،
بۇ كۈرسىنىڭ پۇتى ئۈچ، چېتىقسىز تۇرۇر.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان كۈرس باشقا بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىدۇ. تەسۋىرلىنىۋاتقان ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇق كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئولتۇرغان كىشى باشقا بىرسى ئەمەس، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بىرىنچى نومۇرلۇق شەخس — دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى خاقان كۈنتۇغدى.

شۇنىسى قىزىقارلىقكى، «قۇتادغۇ بىلىك»تە غايىۋى قەھرىمان قىلىپ يۈكسەك دەرىجىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان خاقان كۈنتۇغدى نېمە ئۈچۈن كۆرۈمسىز ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ؟ ئۇ زامانلاردا كۆركەم تۆت پۇتلۇق ئورۇندۇقلار يوقمىدى؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، مۇئەللىپ بۇ يەردە ناھايىتىمۇ ئىل، مۇھىم ھەم ئىسپاتسىز قوبۇل قىلىنىدىغان گېئومېترىيىلىك قانۇنىيەتنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ پۇتلۇق كۈرسىنى تاللىغان.

مۇئەللىپ ئۈچ پۇتلۇق كۈمۈش كۈرسىدا ئولتۇرغان خاقان كۈنتۇغدى ئېغىزىدىن مۇنداق جاكالايدۇ:

801 مېنىڭ مەن ئولتۇرغان بۇ كۈرسىغا باق،
ئەي كۆڭلۈم توقى، بار ئۇندا ئۈچ ئاياق.

802 پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر ئۈچ پۇتى تۈز ھەم قايماس بولۇر.

803 قىڭغايسا بىرى ئۈچ ئاياغنىڭ ئەگەر،
قايار ئىككىسى، ئولتۇرۇچى چۈشەر.

804 پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق توغرا، تۈز تۇرۇر،
ئەگەر بولسا تۆت، كۆر، بىر ئەگرى بولۇر.

دېمەك، يۇقىرىدىكى بايانلاردا «پۈتكۈل ئۈچ ئاياغلىقلار»نىڭ تۆت ئاياغلىقلار ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئاياغلىقلارغا قارىغاندا، «قىڭغايماس» بولىدىغانلىقى، «قايمايدىغانلىقى»، «تۈز تۇرىدىغانلىقى» ئېنىق ۋە ھۆكۈم تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنداق ھۆكۈم بىھۇدىلىك ئەمەسمۇ؟ ياق. ھەرگىزمۇ بىھۇدىلىك ئەمەس. چۈنكى، بۇ ھۆكۈم «بىر تۈز سىزىقتا ياتمىغان ئۈچ نۇقتا بىر ۋە پەقەت بىرلا تەكشىلىكتە ياتىدۇ» دېگەن ماتېماتىكىلىق ئاكسىئومىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى يارقىن ئىپادىسى. بۇ ئاكسىئوما گېئومېترىيىدە

ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. ئىلىم - پەن يۈكسەك دەرىجىدە راۋاج تاپقان بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ئانچە غەلىتە تۇيۇلمايدىغان فوتو ئاپپاراتلارنىڭ ئۈچ پۇتلۇق تىرەكلىرى، گېئولوگىيىلىك قىدىرىش ۋە ئارختېكتورلۇقنىڭ كۆزى بولغان دۇربۇنلارنىڭ ئۈچ پۇتلۇق قونداقلىرى، زامانىۋى رەسەتخانىلاردىكى رادىئو تېلېسكوپلار ئورنىتىلغان ئۈچ پۇتلۇق تەگلىكلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپلا «ئۈچ نۇقتا» ئاكسىئومىسىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئالالايمىز.

يەنە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش بەكمۇ زۆرۈركى، «قۇتادغۇ بىلىك»تە بايان قىلىنغان «ئۈچ نۇقتا» قانۇنىيىتى گرېك ماتېماتىكىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا شۆھرەت قازانغان ھەمدە تاكى XVII ئەسىرگىچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئۆكلىت گېئومېترىيىسىنىڭ بەش ئاساسىي ئاكسىئومىسىدىمۇ كۆرسىتىلمىگەن. بۇ ئەلۋەتتە پەخىرلىنىشكە ۋە يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا. چۈنكى، ئاتاقلىق ماتېماتىكا ئالىمى ئۆكلىت يازغان «گېئومېترىيە ئاساسلىرى» ناملىق 13 توملۇق ئەسەر گېئومېترىيىنى XVII ئەسىرگىچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغۇزغان، ھازىر بولسا مۇنتىزىم ئوتتۇرا مەكتەپلەر گېئومېترىيىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان گېئومېترىيە ئىدى. دېمەك، بىز بۇنىڭدىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك خۇلاسىگە كېلىمىز:

1. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە مەزمۇنى ئۆكلىت گېئومېترىيىسىدىنمۇ مۇكەممەل، سەۋىيىسى يۇقىرى ۋە دائىرىسى كەڭ بولغان بىر سىستېمىغا ئىگە گېئومېترىيە يولغا قويۇلغان ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە كەڭ كۆلەمدە تەتبىقلانغان. شۇ چاغدىكى گېئومېترىيە ئىلمى ماھىيەت جەھەتتىن، يەنى ھازىرقى مۇنتىزىم ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تولۇق ۋە تولۇقسىز سىنىپلىرىنىڭ گېئومېترىيە دەرسلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى ياكى يېقىن كېلەتتى.

2. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر بىر - بىرىگە زىچ ۋە ئورگا- نىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ ناھايىتى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈن- لەنگەن تەبىئەت قانۇنلىرى ھەققىدىكى ئاساسلارنى ئەمەلىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تەتبىقلاش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان ئىدى.

## «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئالگېبرالىق بايانلار توغرىسىدا

ئالگېبرا — ئېلېمېنتار ماتېماتىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تارمىقى بولۇپ، ئۇ ئىپادىلەرنى تۈرلەندۈرۈش ۋە ھەر خىل تەڭلىمىلەر سىستېمىسىنى يېشىشنى مەق- سەت قىلىدۇ، تەتقىق قىلىدۇ.

ئالگېبرانىڭ ئۆز زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىسى

ئارىفمېتىكا ۋە گېئومېترىيىدىن يۇكسەك يۇقىرى ئورۇن-
دا تۇرىدۇ. رېئال دۇنيانىڭ ماكان شەكىللىرى ۋە
مىقدار مۇناسىۋەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت
بۇ مەسىلىسىز كەڭ مەزمۇنلۇق ماتېماتىكىلىق ئىشلاردا
ئارىفمېتىكا بىلەن گېئومېترىيە ئالگېبراغا بېقىنىدۇ.

كۆپلىگەن ماتېماتىكا ئالىملىرىنىڭ ئالگېبرانىڭ
پۈتكۈل ماتېماتىكىدىكى مۇھىم ئورنىغا بولغان تونۇشى
بىردەك بولىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قاچاندىن باشلاپ ئارىفمې-
تىكا بىلەن گېئومېترىيىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل
پەن ھالىتىگە كەلگەنلىكىگە بولغان تونۇشى بىردەك
ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدە ھازىر كۆپرەك قوبۇل قىلىنى-
ۋاتقان ھەتتا مۇئەييەنلەشتۈرۈش دەرىجىسىدە دېگۈدەك
تۇرۇۋاتقان كۆزقاراشلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بۇنىڭ
بىرى: «ئۇقلىت گېئومېترىيىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا
قويدى. بۇ ھۆكۈمرانلىق XVII ئەسىرگە كەلگۈچە دا-
ۋام قىلدى. فرانسىيە پەيلاسوپى ۋە ماتېماتىكا ئالىمى
دېكارت ئانالىتىك گېئومېترىيىنى كەشىپ قىلىپ 2000
يىللار مابەينىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن
ئۇقلىت گېئومېترىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ،
گېئومېترىيىنى ئالگېبراغا بېقىندۇردى. شۇنىڭ بىلەن
گېئومېترىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشتى» دەپ
قارايدۇ.

يەنە بىرى: ماتېماتىكىنىڭ ئۈچ تارمىقى بولغان
گېئومېترىيە، ئالگېبرا ۋە ئانالىز ماتېماتىكا يېقىنقى
ئىككى ئەسىردىن بۇيان تەدرىجىي شەكىللەنگەن، دەپ
قارايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىككى خىل قاراش بىر قەدەر تىپىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالگېبرانىڭ تارىخى بالدۇر بولغاندا XVI ئەسىردىن، كېيىن بولغاندا XVIII ئەسىردىن باشلانغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

شۇنىمۇ ئىقرار قىلىشىمىز كېرەككى، يۇقىرىدىكى قاراشلار ئۇزاقتىن بېرى بىزگە سىڭدۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى كۆزىمىزدە كۆرۈپ، ئۆز قولىمىز بىلەن ئېلىپ چىقىدىغان دەلىللىرىمىز بولمىغاچقا، يۇقىرىقىدەك كۆز قاراشلارغا سۈكۈت قىلدۇق، بەزىدە ئاڭلىق، بەزىدە ئاڭسىز ھالدا تەرەپدار بولدۇق. بۇ ئەمەلىيەتتە تولىمۇ بىمەنە تىرىكچىلىك، تولىمۇ گۆدەكلىك، تولىمۇ بىچارىلىق ۋە تولىمۇ ئىلمىسىزلىكنىڭ ئالامىتى ئىدى. روشەنكى، ئىلىم - پەن تارىخىغا بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلىدە بولۇش تولىمۇ زىيانلىقتۇر. ئۆتكەن تارىخ ئەسلى قىياپىتىدە يورۇتۇلۇشى، ئادىللىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن توغرا باھالىنىشى كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن، تەبىئىي پەنلەر تەرەققىيات تارىخى تەتقىقاتىدا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئەستايىدىل ئوقۇپ كۆرىدىغانلا بولساق، ئۇنىڭدىن قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئارىفمېتىكا ۋە گېئومېترىيىنىڭ يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغانلىقىدەك ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرۈپلا قالماي، بەلكى ئالگېبرانىڭمۇ مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە تۇرۇپ، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ھەر قايسى

ئىجتىمائىي قاتلاملىرىغا خېلى بۇرۇنلا چوڭقۇر سىڭىپ
كىرگەنلىكىنى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى تېررىتورىيىسىدە
ئومۇملاشقانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك»
نىڭ 55 ـ بابىدا ئالگېبرا ھەققىدە مۇنداق
بايان بار:

4382 تىلەسەڭ يەنە سەن ئالگېبرانى ئۇق،
يەنە ئوقلىدىسنىڭ ئىشكىنى سوق.

دېمەك، بۇ پاكىتتىن بىز قاراخانىلار سۇلالىسى
دەۋرىدىلا بىزدە مۇستەقىل ھايات باسقۇچىغا يەتكەن
ئالگېبرا ئىلمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلە
ۋالالايمىز. شۇنداقلا قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى
ئالگېبرانىڭ ئارىفمېتىكا ۋە گېئومېترىيىدىن ئۈستۈن
تۇرىدىغان، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، شەكىل بىلە
شەكىل، شەكىل بىلەن مىقدار ۋە مىقدار بىلەن مىق
دار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىشنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەنىدىكى ئالگېبرانى، يەنى
ئالىي ماتېماتىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايقايمىز. شۇن
داق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇئەللىپ ئالگېبرا ئوقۇشىنى
«ھېساب» (ئارىفمېتىكا)، «ھەندىسە» (گېئومېترىيە)،
«جەمئىي تەفرىق» (دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال) لەردىن
كېيىنگە قويىدۇ ھەمدە ئۇنى ئارىفمېتىكا ۋە گېئومېترىيە
ئۆگىنىشكە چاقىرغاندەك ئومۇملاشتۇرۇش، «مەجبۇرلاش»
تەلەپپۇزىدا ئەمەس، ئۆگىنىشنى «تىلىگەنلەر» نىڭ

ئىختىيارىغا بېقىش، ئىمكانىيەتكە ئىگە بولسا، ئۆگىنىش تەلەپپۇزىدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئالىي ماتېماتىكىغا قارىتا مەسىلىنى بۇ نەزەرىيىدە ئوتتۇرىغا قويۇش ئىنتايىن ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە.

شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئالگېبرانىڭ تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ۋە بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن «رېئال دۇنيانىڭ بوشلۇق شەكىللىرى ۋە مىقدارلار مۇناسىۋەتلىرىدىن» ① ئىبارەت ئىنتايىن رېئال مەسىلىلەر بىلەن تولغاچقا، ئۇ شۇ زامانلاردىكى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا ئوتتۇرىغا چىققان ئارىفمېتىكىلىق، گېئومېترىيىلىك مەسىلىلەرگە تولۇق جاۋاب بېرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئالەمنى بىلىش جەھەتتىكى قىيىن مەسىلىلەرگىمۇ جاۋاب بەرگەن ئىدى. بۇنى «قۇتادغۇ بىلىك»تە بايان قىلىنغان قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارە ساتۇرنى بىلەن يۇپىتېرنىڭ قۇياشنى ئايلىنىشتا كەتكەن ۋاقتىنىڭ ھېسابى ناھايىتى ئېنىق دەلىللەيدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج باياندا» دېگەن بابتا ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدە ئەتراپلىق توختىلىپ ۋە قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلارنىڭ جايلىشىش تەرتىپى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ يېزىلىدۇ:

131 بۇلاردىن ئەڭ ئۈستىن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.

132 ئىككىنچى ئورنىدا تۇرىدۇ ئوغاي.
قالۇر بىر بۇرجىدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «سەكەنتىمر» قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان توققۇز چوڭ سەييارىنىڭ ئاتىنچىسى بولغان ساتۇرىننى كۆرسىتىدۇ. «ئوغاي» دېيىلگىنى بولسا، قۇياش سىستېمىسىدىكى بەشىنچى سەييارە يوپىتېرنى كۆرسىتىدۇ. بۇرج — سەييارىلارنىڭ قۇياشنى ئايلىنىش ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە ساتۇرىن بىلەن يوپىتېرنىڭ قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقتى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ساتۇرىننىڭ ئىككى يىل سەككىز ئايدا؛ يوپىتېرنىڭ دەل ئون ئىككى ئايدا قۇياشنى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئەنە شۇ ۋاقىتلارنى يەر شارىنىڭ يىلىغا سۇندۇرساق، ساتۇرىن تەخمىنەن 32 يىلدا، يوپىتېر تەخمىنەن 12 يىلدا قۇياشنى بىر قېتىم تولۇق ئايلىنىپ چىققان بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىدە ئىنچىكە ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلانغان مەلۇماتلارغا قارىساق، ساتۇرىنغا قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن 29 يىل بەش ئاي، يوپىتېرغا 11 يىل توققۇز ئاي ۋاقىت كېتىدىغانلىقى مەلۇم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىككى يىل يەتتە ئاي، يوپىتېرنىڭ ئۈچ ئاي بولۇپ چىقىدۇ. مانا بۇ يەر شارىدىن تەخمىنەن بىر مىليارد 300 مىليون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سەييارە

ساتۇرىن بىلەن يەر شارىدىن تەخمىنەن 628 مىليون
كىلومېتر يىراقلىقتىكى سەييارە يۇپىتېر ئۈستىدە ئىشلەن-
گەن ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئېنىق
چىقىرىلغان ھېسابات! بۇ نەتىجە كلاسسىك مېخانىكا ۋە
تەجرىبە فىزىكىسىنىڭ پېشۋاسى بولغان گالىلېينىڭ تېلېس-
كوپ ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشكە باش-
لىغىنىدىن تەخمىنەن 600 — 700 يىل ئىلگىرى ئىشلەپ
ھېسابلاپ چىقىرىلغان ئىدى.

يەر شارىدىن نەچچە 100 مىليون ۋە مىليارد
كىلومېتر يىراقلىقتىكى سەييارىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ھېچ-
قانداق ئەسۋاب - ئۈسكۈنىسىز ھالدا پەقەت قەغەز
بىلەن قەلەمنىڭ ياردىمى (ۋاسىتىسى) بىلەنلا ھېسابلاپ
چىقىش ماتېماتىكا ئىلمى بىلەن قوراللانغان ئىنسان ئەق-
لىنىڭ بۈيۈك قۇدرىتى ۋە ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ ئاجايىپ
سېھرىي كۈچى. مانا بۇ سېھرىي كۈچ قاراخانىلار دەۋرى-
دە نەقەدەر پۇختا ئىگىلەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ قاراخانىلار
دەۋرى ئالگېبراسىدا ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلغانلىقى
دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ.

يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن تەبىئىي يوسۇندا، ئالگېب-
را ئىلمى XVII ئەسىردىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئە-
مەس، بەلكى XVIII ئەسىردىن ئىلگىرىكى قاراخانىلار
دەۋرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە سىستېمىلاشقان ماتېماتىكى-
نىڭ ئۈچ تارمىقى بولغان گېئومېترىيە، ئالگېبرا ۋە
ئانالىز ماتېماتىكا XVIII ئەسىردىن كېيىن «تەدرىجىي
شەكىللەنگەن» ئەمەس، بەلكى XIII ئەسىردىن ئىلگىرى-

كى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە شەكىللەنگەن. دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماتېماتىكىلىق بايانلارنىڭ مەنتىقە جەھەتتىكى پۇختىلىقى، نەزەرىيە جەھەتتىكى يۇقىرى سەۋىيىسى ۋە ئىلمىي جەھەتتىكى سىستېمىلىقى، مۇكەممەللىكى كىشىنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇلار ھەتتا «قۇتادغۇ بىلىك»تە بەدىئىي توقۇلمىلار ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ زىددىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشنى ۋاستە قىلىش، ماتېماتىكا (جۈملىدىن تەبىئىي پەن) قانۇنلىرىغا تايىنىپ جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە مەنتىقىي تەپەككۇر ئارقىلىق ئىجتىمائىيەت ئۈستىدىن كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىشنى ماھىيەت قىلىشتەك ئىجادىيەت ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقىنى ئوچۇق دەلىللەيدىغان ئىسپات سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. بۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەھۋال بولماستىن، بەلكى ئەينى زاماندىكى قاراخانىلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. چۈنكى، قاراخانىلار دەۋرى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ۋە تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشتا غالىبىيەتكە ئېرىشتۈرگۈچى قورال بولغان تەبىئىي پەنلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى دىنىنىڭ، خۇراپاتلىقنىڭ ھەم مۇتەئەسسىپلىكنىڭ دۈشمەنلىكلىرىدىن ئاۋايلاپ ۋە قەدىرلەپ ساقلاپ، ئۇنى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەر داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ بارغان، راۋاجلاندۇرغان ۋە يې-

يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن دەۋر بولغان ئىدى.

قاراخانىلار دەۋرى ئۆز زامانىسىدىن ئىلگىرى ۋە ئۆز زامانىسىدا بارلىققا كەلگەن سىستېمىلاشمىغان، نائېنىق، يېزەكى، غۇۋا ۋە چۈشىنىكسىز ھالەتتىكى ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، خىمىيە، فىزىكا، تىبابەتچىلىك، بىناكارلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، دېڭىزچىلىق، ساياھەتچىلىك... قاتارلىق تەبىئىي پەنلەر چۈشەنچىلىرىنى، بولۇپمۇ ماتېماتىكا ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مول نەتىجىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۇلارنى سىستېمىلىق، جىددىي ھالەتكە كەلتۈرگەن، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارلىق تارماقلىرىغا ئومۇميۈزلۈك تەتبىقلىنىغىلى بولىدىغان نەزەرىيىگە ئايلاندۇرغان دەۋر بولغان ئىدى. ئەنە شۇنداق دەۋر شارائىتىغا كۆرە، بالاساغۇن، ئوترار، فاراب، سەمەرقەنت، قەشقەر، بارچۇق (مارالبېشى)... قاتارلىق سىياسىي، ئىقتىساد، سودا ۋە پەن - مەدەنىيەت مەركەزلىرى، نۇرغۇن كاتتا شەھەرلەر مەيدانغا كەلگەن؛ مۇھەممەت مۇسا ئەل خارەزمىي، ئەبۇ ئابباس پەرغانى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى، ئابدۇغاپپار قەشقەرى ... قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملار، مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار، شائىرلار يېتىشىپ چىققان، شۇنداقلا ھېلىغىچە نامى مەلۇم بولماي كېلىۋاتقان ياكى قاراخانىلار مەدەنىيىتىنى باشقا خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇش يولىدا جان پىدا قىلغان ۋە ياكى باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ پەن - مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە بەخت-

سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاپ، شۇ خەلقلەرنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن مەرىپەت ئەھلىلىرى، ئىلىم - پەن چەۋەندازلىرى مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

ۋەھالەنكى، ھازىر، يېقىنقى زامان پەن - مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى دەپ تونۇلغان ياۋروپا IX—XIII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا باشقىچە، يەنى ئەكسىچە ئەھۋالدا تۇراتتى. ئۇ چاغدا ياۋروپالىقلار خرىستىئان دىنىنىڭ ئاسارەتىدە بولۇپ، ئىلىم - پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىلىم - پەن ھەققىدە گەپ قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەت ھېسابلىنىپ، چېركاۋ تەرەپىدىن سوتقا تارتىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا خرىستىئان دىنى ياۋروپاغا تارقىلىپ 700 يىل ئۆتكەندىن كېيىن پۈتكۈل ياۋروپا بويىچە ئەڭ بىلىمدان ھېسابلانغان مۇناخ بىرانىڭ بىلىم سەۋىيىسى قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش بۆلۈشتىن ئىبارەت تۆت ئەمەلنى ئىشلىتەلەيدىغان دەرىجىدىلا ئىدى. يەنى، ئۇنىڭ سەۋىيىسى ھازىرقى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە باراۋەر كېلەتتى. ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپانىڭ ھالى ئەنە شۇنداق خاراب ئىدى.

بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، قاراخانىلار دەۋرىنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋۇجۇدقا چىققان مىرخانىڭ ماتېرىيالىزم (مېتافىزىك ماتېرىيالىزم)، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى (ئەقلىي ئىلاھچىلىق) ۋە تەبىئىي پەن ئۇتۇقلىرى XIII ئەسىردىن باشلاپ ياۋ-

روپالىقلارغا چۈشىنىشلىك بولغان لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپالىقلار بۇلارنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. XVII — XVIII ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ياۋروپانىڭ مېخانىك ماتېرىيالىستلىرى ۋە تەبىئەت ئىلاھچىلىقى تەرەپدارلىرى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزدى ھەمدە ئۇنى قورال قىلىپ فېئودالىزمغا ئومۇمىيۈزلۈك ئوت ئاچتى. ئاخىر بىرىپ ھاياتماماتلىق ئېلىشىشلاردا جاھالەتنىڭ يەنە بىر تۈۋرۈكى بولغان فېئوداللىزمنى يىمىرىپ تاشلاپ، جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن يېڭى بىر دەۋرنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى.

قىسقىسى، قاراخانىلار دەۋرىدىن 500 يىل كېيىن ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ مەنبەسى بولغان مۇنبەت تۇپراق — قاراخانىلار دىيارى، يەنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي يىلنامىلىرىدا ئېيتىلغان «غەربىي يۇرت» ئىدى. ئەنە شۇ ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ كەشپىياتچىلىرى ۋە تارقاتقۇچىلىرى بىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئەجدادلىرىمىز ئىدى. بىز بۇنىڭدىن ھەقلىق يوسۇندا پەخىرلىنىمىز ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىققا چۆمىمىز!

× × ×

مىزدىكى دۇنيا ئەھلىسى ھالا - تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجا-
يىپ سىرلارنى ئۆزىدە ساقلاپ ياتماقتا. ئاشۇ سىرلارنى
بىر - بىرلەپ قېزىپ، ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىش —
بىزنىڭ ھارماي تالماي ئەجىر سىڭدۇرۇشىمىزنى،
قان - تەر ئاققۇزۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان مۇشكۈل
ۋەزىپىدۇر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي
تەرەققىياتىغا، شانلىق مەدەنىيەتنىڭ باي خەزىنىسىگە
قوشقان باھاسىز، ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى تەتقىق قىلىپ
ۋە ئۇنىڭدىن ئەۋلادلىرىمىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ، ئۇلار-
نىڭ كەلگۈسىدە ئەڭ ئىلغار، ئەڭ يۈكسەك مەدەنىيەت
يارىتىپ ۋەتىنىمىز، خەلقىمىز ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك
قىيىن ۋە شانلىق بۇرچىنى ئورۇنلىشىغا ئىلھام بېرىشى-
مىز لازىم.

## «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئەدەب گۈزەللىكى بىلەن تاشقى گۈزەللىكنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

### قىسقىچە مۇلاھىزە

**مۇھەممەت رەھىمھاجى تۇرسۇن (ئۆزبېك)**

بىزگە مەلۇمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» كاتتا ئەدەبىي ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان پەلسەپىۋى تارىخىي ئەسەردۇر. بۇ نادىر ئەسەرنىڭ ئاجايىپ باي ۋە چوڭقۇر مەزمۇنى ئىلىم- پەن، مائارىپ، دۆلەت، قانۇن، تىل، ئۆرپ - ئادەت، تەبىئەت، ئىجتىمائىيەت، ھەربىي ستراتېگىيە، دىپلوماتىيە ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق... لارغا ئوخشاش ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىستېتىكىنىڭ غولى ھەم ئۇلى پەلسەپىدۇر. بىراق، پەلسەپە ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تەپەككۇرىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق ھەم گۈزەللىك ھادىسىلىرىگە (ئومۇمىي قائىدە - قانۇنىيەتلىرىدىن باشقا) ۋە ئۇنىڭ ئەكسى بولغان ساختىلىق، يامانلىق ۋە سەتلىككە يولۇققان ئىدى.

شەيئىلەردىكى مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىككە بولغان تەتقى-
قاتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىستېتىكا پەلسەپىدىن مۇس-
تەقىل پەن بولۇپ ئاجرىلىپ چىقتى.

گۈزەللىك ئەسلىدە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىكى ھەم
تەبىئىي مەۋجۇداتلاردىكى گۈزەللىكنى كۆرسىتەتتى.
ئىنسانلارنىڭ ئېڭى تەرەققىي قىلىپ، تەبىئەت ھادىسى-
لىرىدىكى ۋە تەبىئىي مەۋجۇداتلاردىكى گۈزەللىكنى
تونۇغان ھەم بىلگەندىن كېيىنلا تەبىئەت گۈزەللىكىنى
ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگەك جەريانىغا سىڭدۈرۈشكە
كىرىشتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» — ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئىل-
غار ھېسابلانغان پانتېزملىق (*nclumezu*) تەبىئەت پەل-
سەپىسى كۆزقارىشىنى بايان قىلىشتىن يول سېلىپ،
تەبىئەت، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ گارمونىك بىردەك-
لىكى كۆزقارىشى ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ بىلىش نەزەرى-
يىسى، بەخت كۆزقارىشى ۋە ئىجتىمائىي تەشەببۇسىنى
ئوتتۇرىغا قويدى. داستاندا تەبىئەتنى تەبىئەت
ئارقىلىق ئىزاھلاش نۇقتىئىنەزىرىنى قايتا تەكىتلىگەن-
لىكى، بۇ مەشھۇر ئەسەرنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى جە-
ھەتتىكى تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتىنى كۆرسىتىپ
بېرىدۇ.

ئەسەردە، تەبىئەت پەلسەپىسى كۆزقارىشىدا
تۇرۇپ، تەبىئەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئىن-
سان ۋە ئۇنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئالاھىدىلىكى، ئىن-
ساننىڭ دۇنيادىكى پائالىيەتچان ئورنى مەسىلىسىنى

شەرھلىگەن. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بىلىش قابىلىيىتى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت - سائادىتى... قاتارلىقلار ئالىم تەرىپىدىن تەبىئەت پەلسەپىسى ھەم گۇمانىزىم ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىنغان.

داستاندا ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىلىشنى مەقسەت قىلىش، بىلىم ۋە ھەقىقەتنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت بەخت - سائادەتكە سەۋەب بولىدىغان ئەمەلىي، ياخشى ھەم گۈزەل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش توغرىسىدىكى ئىدىيىلەر ئەينى شارائىتتىكى مىسلىسىز ئىلغار ئەھمىيەتلىك پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ئىدى. مەن بۇ ماقالىدە داستاندىكى تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىك (قەلب گۈزەللىكى) توغرىسىدىكى يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ گۈزەللىك شەيداسىدۇر. ئالىمنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈشى — گۈزەللىك ئىزدىشى، ئۇنىڭ قايناق تۇرمۇشقا بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچىسىدە، ئارزۇ - ئارمانغا تولغان ئىجادچانلىقىدا، كۈچ - قۇۋۋەت ھەم ئۈمىدكە تولغان خاسىيەتلىك نەزمىلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

3086 ئەي ھىممەت ئىگەسى ئىستە ئۆز جاھان،
گۈزەللىك ئىستەۋچى بەختلىك ھامان.

مانا بۇ ئالىمنىڭ ئىستېتىك قارىشىنىڭ يەكۈنى.

ئالىم ھىممەت ئىگىسى (ئىنسان) نىڭ ئاڭلىق، مەقسەتلىك، ئەركىن قانۇنىيەتلىك ئاساستا گۈزەللىك

ئىستەپ، ئاخىرى بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىم ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل داستانىدا، گۈزەل-لىك ئىسەشنىڭ كىشىنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈ-رىدىغانلىقىنى ھەربىر نەزمىسىگە سىڭدۈرۈپ ماڭغان.

5007 بولۇپ خۇش بۇ ئۆگدۈلمىش، قىلدى جاۋاب،
دېدى: بەك گۈزەل بۇ، يەنە بەك ساۋاب.

بۇ نەزمىدىكى كۆركلۈك (گۈزەللىك) ئىستېتىك-دىكى گۈزەللىكنى كۆرسىتىدۇ. ساۋاب — ياخشىلىق مەنىسىدە كەلگەن.

ئالىم گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىق (ساۋاب) نى ئاي-رىۋەتمەستىن، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر - بىرىنى روشەنلەشتۈرىدىغان ھالەتتە كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، تاشقى گۈزەللىكمۇ ئىچكى گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىق (ساۋاب)تىن ئايرىلالمايدۇ، ئايرىۋېتىك-لىمۇ بولمايدۇ.

2213 كىشىكى گۈزەلدۈر يۈزى ھەم ئۆزى،
تېشىدەك چىرايلىق بولۇر ئىچ يۈزى.

2215 كىشىنىڭ كۆركىگە ئىچىدۇر ئاداش،
يۈزى كۆركى بىراھ قىلىقى قاياش.

2216 تېشىنى كۆرۈپ بىل ئىچىگە كۆۋاھ،
ئىچى ھەم بولۇر ئۇ تېشىغا ئوخشاش.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئىنساننىڭ يۈزى بىلەن چىرايى بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولمىغانلىقى، بولۇپ-مۇ چىرايى كېلىشكەن كىشىنىڭ قىلىقمۇ چىرايلىق بولىدىغانلىقى، شۇڭا تېشىنى (چىرايىنى) كۆرۈپ قەلبىگە، ئىچىنى (قەلبىنى) كۆرۈپ تېشىغا (چىرايىغا) باھا بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى لەۋەن شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، قەلب گۈزەللىكى، تاشقى گۈزەللىك بىلەن مۇتلەق سەۋەبسىز ھالدا بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، بىر كىشىنىڭ تاشقى گۈزەللىكى شۇ كىشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ تاشقى كۆرۈنۈش گۈزەللىكىدىن زوقلانغۇچىنىڭ كۆڭلىدە شەكىللەنگەن قىممەت قارىشى ئاساسىدىكى سەزگۈدىن ئىبارەت، خالاس. بەزىلەر تاشقى گۈزەللىكنى بىر بۆلۈك قېتىپ قالغان قائىدە بويىچىلا كۆزىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۆزىتىش نەتىجىسى، نېمىس پەيلاسوپى كانت (1724 — 1804) نىڭ ئىستېتىك قارىشىغا يېقىنلىشىدۇ ياكى ئۇنى تولۇقلايدۇ. بىراق، ئالىم بۇ ھەقتە يۇقىرىقىدەك كۆزقاراشتا چىڭ تۇرغان. تاشقى كۆرۈنۈش گۈزەللىكى، تاشقى كۆرۈنۈش شەكلى، ئالاھىدىلىكىدە، ئىنساننىڭ ھېسسىياتى، ھەرىكەت ھالىتى، ئاۋازى، تىلى، سالاپىتى، تەقى - تۇرقى، سىياقى جەھەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئالىمنىڭ مۇنداق بىر نەزمىسى بار.

1651 چىچەكتىن بىلىنۇر دەرەخ مېۋىسى،
بۇ ھەممە ئۈچۈن بىر مىسال بولغۇسى.

تاشقى كۆرۈنۈشتە قەلب گۈزەللىكىنىڭ پۈتۈنلەي ئىپادىلەنمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، قەلب گۈزەللىكى بىلەن ئەدەب - ئەخلاق ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

4500 دۇرۇس خۇيلۇق بولسا، گۈزەللىك كېلۇر،
خوتۇننىڭ كۆركى ئەخلاق، بىلىملىك بىلۇر.

ئالىم بۇ نەزمىسىدە ئايالنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ «دۇرۇس خۇيلۇق»، «ئەخلاقلىق» بولۇشىدا ئىپادىلىنىدىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىنسان ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىك بىلەن بولغان دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى شەرھلىگەن.

قەلب گۈزەللىكى بىر خىل گۈزەللىك بولۇپ، ئۇ بارلىق گۈزەللىك ئىچىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىۋاسىتە كۆزىتىش خاراكتېرى بىلەن نامايان بولىدىغان گۈزەللىكتۇر. ئۇ، تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، كۆرگىلى بولىدىغان تاشقى دۇنيادىكى ئوبيېكتىپ (تاشقى كۆزىتىش) ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. مانا بۇ دەل تاشقى گۈزەللىكنىڭ ئىچكى ماھىيىتىدۇر.

4482 چىرايلىقنى دېمە، خۇلقى ئۇزىنى دە،
كى خۇلقى ياخشى بولسا، يورۇتقاي سېنى.

4484 گۈزەللىك خۇيىنى ئىستە، ئاختارما جامال،
خۇيى ياخشى بولسا، تاپار ئۇ كامال.

ئالىي خۇي، خۇلق (قەلب ئىنكاسلىرى) گۈزەللىكى بىلەن جامال (تاشقى كۆرۈنۈش) دا، خۇي، خۇلق (قەلب) گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى، خۇي، خۇلقنىڭ گۈزەللىكى ئاشۇ ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى گۈزەللەشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ھەر ئىشتا كامال تاپقۇزىدىغانلىقىنى شەرھلىگەن.

قەلب گۈزەللىكى ئىنساننىڭ ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي تۇيغۇسىدىن ھاسىل بولغان تەسىرات بولۇپ، ئۇ، شۇ ئىنساننىڭ ئۆزى ئىگە بولغان ئىجتىمائىي تۇيغۇسىنىڭ تىرەنلىكى ۋە كەڭلىكى دەرىجىگە يۈكسىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ تۇغما تەبىئىي كۆرۈنۈشى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئومۇملاشقان ئېستېتىك كۆزىتىش مىزانىغا ئەمەلىيەتتە مۇۋاپىقلاشقان دەرىجىدە بولىدۇ، يىراق، مۇنداق ئېستېتىك كۆزىتىش مىزانى مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس.

بىر كىشىنىڭ قەلبىنىڭ بارغانسېرى گۈزەللىشىپ بېرىشى، شۇ كىشىنىڭ ئىجتىمائىي تۇيغۇ تەسىراتىنى كۈچەيتىپ بارىدۇ. ئۇ، چەكلىملىكى بولغان تاشقى كۆرۈنۈش شارائىتىدا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ تىرەن ئىجتىمائىي تۇيغۇنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقلا ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك كۆزىتىش ئادەتلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاجايىپ «پەۋقۇلئاددە گۈزەللىك»نى شەكىللەندۈرىدۇ.

2012 گۈزەل بولمىسا بەگدە خۇي، سۆز ۋە تىل،
ئۇ ئەلدە تۇرالماي قاچار بەخت، بىل.

2038 سۆزى چىن ئۇلسا بەگنىڭ، خۇلقى گۈزەل.
ئىشەنگەي، ياخشى كۈن كۆرۈپ ئانگا ئەل.

2072 كۆلەر يۈز، چۈچۈك سۆز، خۇلقى ئۈز كېرەك،
قىلىقى بولارغا ئۆيغۇن، تۈز كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەگنىڭ خۇيى، سۆزى ھەم تىلىنىڭ گۈزەل بولۇشى ئاجايىپ «پەۋقۇلئاددە گۈزەللىك»نى، يەنى ئەل بەختى گۈزەللىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى؛ بەگنىڭ خۇيى - سۆزى ھەم تىلىنىڭ گۈزەل بولۇشى مەملىكەت خەلقىنىڭ بەختى، بەگنىڭ بەختى، بۇ دەل «پەۋقۇلئاددە گۈزەللىك»نىڭ خاسىيىتى ئىكەنلىكىنى بىرىنچى بېيىتتىلا تەكىتلىگەن بولسا، ئىككىنچى بېيىتتا بەگ ئۆز سۆزىنىڭ چىنلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، خۇلقىنى، قىلىقىنى گۈزەل قىلسا خەلق ئۇنىڭ لەۋزىگە ئىشىنىپ، ئەلنى كۆللەندۈرىدىغانلىقى، بۇنىڭ تۈپ نېگىزى - ئاچقۇچى بەگ سۆزىنىڭ راست، قىلىقىنىڭ گۈزەل بولۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئاخىرقى بېيىتتا ئالىم، تاشقى گۈزەللىك (كۆلەر يۈز)، قەلب گۈزەللىكى (چۈچۈك سۆز، خۇلقى ئۈز، قىلىقى ئۈز)نى ئاجايىپ زوق بىلەن تەكىتلەپ، تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىكنىڭ باغلىنىشچانلىقىنى ماھىيەتلىك خۇلاسىلىگەن.

يەنە، بىر كىشىنىڭ تاشقى گۈزەللىكى (تاشقى كۆرۈنۈشى، ھەر خىل ياسىنىشى) ئۇنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى، يۈكسەك خىسلىتىنى ئىپادىلەشكىمۇ ياردەم بېرە-

دۇ. مۇشۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇسىغا بولغان بەس - مۇنازىرىسى ۋە ئىنكاسىنى تۇغدۇرۇپ قويى- دۇ. ئەكسىچە بولسا، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ تەسىرچانلىقىغا، ئۆزىنىڭ قەلب گۈزەللىكىگە سىڭىپ كىرىدۇ.

كىشىچۇن نە ياخشى نەرسە — گۈزەل يۈز، 2467
ئىچەر سۇ بۇ يۈز كۆركىدىن ئىككى كۆز.

گۈزەل يۈزنى كۆرگەن كىشى خۇشلىنۇر، 2465
كۆڭۈل ئېچىلۇر ھەمدە جان زوقلىنۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك چىرايلىق، كېلىش- كەن كىشىدىن كۆڭۈل ئېچىلىپ، جان زوقلىنىدۇ. بۇ زوقلىنىش كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق بولىدۇ. ئەلۋەتتە. بىراق، چىرايى سەت بىر كىشىنىڭ قەلبىنىڭ گۈزەللى- كىنى تونۇپ ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ تۇرغىنىمىزدا، ئاشۇ كىشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى (چىرايى) بىزگە ئانچە سەت كۆرۈنۈپ كەتمەيدۇ. شۇنداقلا بىۋاسىتە تەسىرلىنىش نەتى- جىسىدە ئاشۇ كىشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىمۇ «گۈزەل ئىكەن» دەپ ھېس قىلىمىز. ئەكسىچە تاشقى كۆرۈنۈشى كېلىشكەن، گۈزەل، قامەتلىك بىر كىشىنىڭ دىلى زەھەر، ئىچىدە ئوغا قاينايدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىر كىشىگە بۇ كىشى سەت كۆرۈنىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈ- نۈشى كىشىلەرنى سەسكەندۈرىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى دەل قەلبىدەك خۇنۈك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

2213 كىشىكى گۈزەلدۇر يۈزى، ھەم سۆزى،
تېشىدەك چىرايلىق بولۇر ئىچ يۈزى.

2212 چىرايلىق كىشى خۇلقى كۆركەم بولۇر،
گۈزەل بولسا خۇلقى، ئەلگە نەپ تېگۇر.

ئالىم بۇ ئىككى بېيىتتا ئىنساننىڭ تاشقى گۈزەل-
لىكى بىلەن ئىچكى گۈزەللىكىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك
ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەيدۇ،
ئىنسان خۇلقىنىڭ گۈزەللىكى ئەل ئۈچۈن تۆھپە يارى-
تىپ بېرىش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.
رېئال تارىخ مۇساپىسىدا ئىنسان خاراكتېرىنىڭ
ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، تەقى - تۇرقى كېلىشكەن،
خوش پىچىم كىشىلەرمۇ ۋەھشىلىك، ياۋۇزلۇق ئىگىلىرى
بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تاشقى گۈزەللىك
گۇمان بىلەن قاراپ، بۇ خىل گۈزەللىكتىن ھەزەر ئە-
يلىشىدۇ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشىدۇ. تاشقى گۈ-
زەللىكنى گۈزەللىكنىڭ ساختا كۆرۈنۈشى دەپ قارايدۇ.
دېمەك، بۇ يەردە زۆرۈرى قەلب گۈزەللىكى. قەلب
گۈزەللىكى بولغاندىلا ھەممە ياخشى نەرسىگە ئېرىشكىلى
بولىدۇ. چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بىر - بىرىدىن
ئايرىلمىغاندا بۇ خىل قاراش گۈزەللىكنىڭ ئاساسى
دەپ تونۇلىدۇ. ئۇ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىر-
لىنىش خاراكتېرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئەمما، كىشىلەر بۇ
خىل قاراشنى پەللىگە كۆتۈرۈپ، زاھىتلىق قايىنىمىغا

ئاسانلا كىرىپ قالىدۇ. ئۇلار سەزگۈ ئەزا ئوبيېكتى ئارقىلىق ئەمەس، پەقەت لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسىنى قوللىنىپ ياكى قەلب سىرلىرىنى قوزغاپ، كۆڭۈلنى ئېرىتىۋېتىدۇ - دە. بۇنىڭدىن ساپ مۇقەددەس بولغان ئابستراكت گۈزەللىكنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ خىل تەربىيە نەتىجىسىدە كىشىلەرنى ئىنسانىيەت رېئاللىقىدىكى تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھەقىقىي تۇيغۇدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى بېكىتىپ بەرگەن بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان بىچارە، ساختا، ئەمما سالاپەتلىك سىياقىغا كىرىۋالغان ماشىنا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

كىشىلەر ئادەتتە تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى (قەلب) گۈزەللىكنىڭ پارچىلىنىشىدەك بىر تەرەپنى تەكىتلىگەندە، مۇنۇ ئىككى مەسىلىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ: «قەلب گۈزەللىكىنى كىچىككىنىمۇ بىلمەيدىغان كىشى، تاشقى گۈزەللىكتىن زوقلىنالىشى مۇمكىنمۇ؟»، «تاشقى گۈزەللىكنى كىچىككىنىمۇ بىلمەيدىغان كىشىلەرگە قەلب گۈزەللىكى تەسىر قىلىشى مۇمكىن».

گويا ھەقىقەت بىر جەريان بولغىنىغا ئوخشاش، گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىقمۇ چەكسىز تەرەققىي قىلىدىغان جەرياندۇر. بۇ جەرياندا گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىق ھەرقايسى باسقۇچلاردا ئۆز ئارا كىرىلىشىپ بىر-بىرىگە باغلىنىپ كېتىپ، كونا گۈزەللىك بىلەن يېڭىچە ياخشىلىق، يېڭىچە گۈزەللىك بىلەن كونىچە ياخشىلىق، يېڭىلىق بىلەن كونىلىق دائىم كىرىلىشىپ بىر-

بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، بەزىدە بىرتكىدۇ؛ بەزىدە قىلچىمۇ سىغىشالمايدۇ. گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقمۇ ئۆزئارا بىر-بىرىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ ھەم ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا، باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە بولغان بۇرچىنى ئادا قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەخلاقىي ئاڭ بولىدۇ. بۇ خىل ئەخلاقىي ئاڭ ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى كۈچلۈك ئەخلاقىي جاۋابكارلىقىنى ھەمدە ئادەملەرنىڭ مۇئەييەن ئەخلاقىي مىزانى بويىچە ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى باھالاش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئالايلى، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى ۋە باسقان قەدىمىگە رازى بولۇش - بولماسلىقى، توغرا ياشاش ئۇسۇلىنى تاللىۋېلىش ياكى تاللاپ ئالالماسلىقى ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە، پەرزەنت ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا نىسبەتەن ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىنى ئاڭقىرىش - ئاڭقىرالماسلىقى، ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىدە ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىگە مۇئامىلە قىلىشتا ھايا، ئارنومۇسنى بىلىش - بىلمەسلىكتەك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئەخلاقىي ئاڭ چۈشەنچىسىگە كىرىدۇ.

ئالىم ئۆز ئەسىرىدە بۇ مەسىلىلەرنى تىرەن، ئەتراپلىق، جانلىق، ئوبرازلىق بايان قىلىپ بەرگەن. بۇ بايانلار ئۆز زامانىسىدا ئالقىشقا ئېرىشكەن بولسا، ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق.

ئالىمنىڭ قارىشىچە، توغرا يول تۇتۇش، ھالال ياشاش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، پىداكارلىق روھ ــ تاشقى ئەخلاق بۇرچىنىڭ ئادەم قەلبىدە ئاڭلىق تەلەپ ۋە پەزىلەتكە ئايلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزى ئەخلاقىي ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گەۋدىلىنىشىدۇر. بۇنىڭدا راستچىل بولۇش، توغرا بولۇش، يالغانچىلىقتىن ساقلىنىش، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇش، يۈرىكىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى كوپېراتسىيە قىلالايدىغان بولۇش، باشقىلارغا ئېغىرىنى سالماسلىق، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش قاتارلىقلار ئۆز ئىش - ھەرىكىتىنى باھالاشنىڭ ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى ئەخلاقىي بۇرچىنىڭ ئەھدىسىدىن چىققان - چىقمىغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم مىزانى، شۇ كىشىنىڭ توغرا يول تۇتۇپ، ھالال ياشىغانلىقىنىڭ ئوچۇق ئىپادىسىدۇر.

5077 كىشىنىڭ ياماندۇر ئىپتا يالغان،
قىلىپ ۋەدە يانغان ياماندىن يامان.

6094 ئۆزۈڭ نەپسى كۈتمە، خەلق نەپسى كۈت،
يۈكۈڭنى يۈتتۈرمە ئەلگە، ئۆزۈڭ يۈت.

كىشىلەرنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلماسلىق، تۆھمەت قىلماسلىق، ئۆزىنى پىتنە - پاساتتىن يىراق تۇتۇش، ئىچى تارلىق، ھەسەتخورلۇقتىن خالى بولۇش، خۇشامەتچى، سۇخەنچىلەردىن ئېھتىيات قىلىش ــ ئالىمنىڭ

ئەخلاقىي ئاڭ قارىشىدىكى كىشىلەرگە قويىغان يەنە بىر مۇھىم تەلىپى.

4410 بولۇشنى تىلەسەڭ ئۆزۈڭ قەدىرلىك.
پاساتتىن يىراق قاچ، ئى خۇلقى سىلىق.

4414 پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىل،
پاسات نەدە بولسا خارلىق شۇندا. بىل.

5303 يېقىن تۇتما ئۇششاق گەپلىك سۇخەنچىن،
پىتنىخور بولسا قاچ، كەلتۈرمە يېقىن.

بۇ مىساللاردا ئالىم، كىشىلەرنى ئۇياتلىق، توغرا، سەمىمىي، تۈز ۋە ئاق كۆڭۈل بولۇشقا، قەلبىنى پاك تۇتۇشقا، ئۆزىنى ئەخلاقىي ئاڭ ئۆلچىمىدە ئۆلچەشكە دەۋەت قىلىدۇ. شەخسىيەتچىلىكنى يېڭىش، نەپسانىيەتچىلىكنى تاشلاش، پۇل، مال - دۇنيا ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئارزۇ - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك — ئەخلاقىي ئاڭ ئۆلچىمىدە يەنە بىر مۇھىم تەرەپ. ئالىم ئۆز ئەسىرىدە ئادەملەردىن، ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەي، ئەل نەپسىنى كۆزلەشكە، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتەك كوللېكتىۋىزملىق روھىنى تىكلەشكە، نەپسى - مەنپەئەت، ئەمەل، پۇل، بايلىق ئالدىدا ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇشقا، بۇ ئىشلاردا دائىم ھوشيار تۇتۇشقا چاقىرىق قىلىدۇ.

5353 دېمە ئۆز نەپسىڭ سەن، ئەل نەپسىنى دە،
ئۆزۈڭ نەپسى ئەلنىڭ نەپسى ئىچىدە.

3933 كۆيۈمچان ئەمەس ئول ئۆزىنى دېگەن،
كۆيۈمچان شۇكى، ئەل نەپىنى ئىزلىگەن.

3637 بۇ نەپس بىر يېغى، بەك قۇۋۋەتلىك يېغى،
پۈتۈن يەردە ئۇنىڭ تورى - تۇزىقى.

6143 مەستقىلسا بۇ دۆلەت ئەگەر كىشىنى،
ئويغانماس، ئۆلۈم تۇتمىغىنچە ئۇنى.

ئەخلاقىي ھادىسىلەردە، قىلىق، پەزىلەت ئىككى چوڭ تەرەپ بولۇپ بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككىسى ئەخلاقىي قائىدە - رىنسىپ، غايە بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا ئەخلاقىي رېيىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭـ ا قىلىق (ھەرىكەت) پەزىلەتنىڭ ئىپادىسى. مۇئەييەن پەزىلەت — قىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جۇغلىنىشىنىڭ نەتىجىسى. ئالىم ئەخلاقىي ھادىسىلەردىكى بۇ ئىككى مەسىلىدىمۇ ئوبدان، مۇپەسسەل توختالغان. جەمئىيەت- نىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە، يۈنىلىشىگە ئۇيغۇن كېلىدى- غان، خەلق قەلبىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈ- رۈپ بېرىدىغان ئەقىلگە مۇۋاپىق پىكىر، تەلەپ، تەشەب- بۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەخلاقىي قىلىق — بەلگى- لىك ئەخلاقىي ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان، باشقا ئادەملەرگە ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ياكى زىيان- لىق بولغان ھەرىكەتتىن ئىبارەت خالاس. بۇنداق ھە-

رىكەت ئەخلاقلىقنىمۇ، ئەقلاقسىزلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەخلاقىي قىلىقنىڭ ئاساسىي بەلگىسى — بىراۋ- نىڭ باشقا - باشقا كىشىنى ۋە جەمئىيەت مەنپەئىتىنى ئاڭلىق تونۇغان ياكى ئەركىن تاللىۋالغانلىقىنىڭ ئىپا- دىسى شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. ئالىم توغرا، دۇرۇس ئەخ- لاقىي قىلىقنى، ياخشى ئادەتلەرنى ماختايدۇ ھەم تەر- غىپ قىلىدۇ. ناتوغرا، ناچار ئەخلاقىي قىلىقلارنى، يامان ئادەتلەرنى ئاييىماي سۆكىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ناچارلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي زىيانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەخلاقىي پەزىلەت شەخسنىڭ ئىش - ھەرى- كىتىدە، ئەخلاقىي قىلىقنىڭ دائىملىق ئادەتكە ئايلىنىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر ئەخلاقىي ئاڭ. ئادەتتىكى ئاڭ ۋە ئادەتنىڭ ھەممىسىدە ئەخلاقىي پەزىلەت بولۇۋەر- مەيدۇ. ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئاساسىي بەلگىسى — ئەخلا- قىي ئاڭ بىلەن ئەخلاقىي قىلىقنىڭ بىرلىكى شەكلىدە ئى- پادىلىنىدۇ. ئەخلاقىي قىلىق — ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلسا، ئەخلاقىي پەزىلەت — ئەخلاقىي قىلىقنىڭ بىرلەشكەن ئىپادىسى، شەخسنىڭ ئاڭلىق ئىرادىسىنىڭ بىرىكمىسى.

338 بىرى، يالغان ئېيتماق ئېرۇر سۆزىدە،
ئىككىنچى، تۇرماسلىق تىلىغان ۋەدىدە.

2039 يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولۇر،
ۋاپاسىزلار خەلققە ئۇسال‌لىق قىلۇر.

4297 ياشاي ئابروي بىلەن دېنەڭ سەن هامان،
يالغاننى چىقارما تىلىڭدىن هەر ئان.

گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىقتىن ئىبارەت بۇ خىل مۇرەككەپ ھەرىكەت جەريانى ــ گۈزەللىك تېگى ــ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئەخلاقىي قىلىق. ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئىجرا قىلىشنى يۈكسەك بۇرچ قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى يېيىپ كۆرسىتەلمەيدۇ؛

# «قۇتادغۇ بىلىك» تە بايان قىلىنغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاسترونومىيىسى توغرىسىدا

ئابدۇرېھىم ھاشىم

شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت يەر
شارىنىڭ بۇ كۆركەم، پايانسىز جۇغراپىيىلىك كەڭلىك-
لىرىدە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدە دۇنيا
مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇنتۇلغۇسىز ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى
ئەينەن يورۇتۇپ، بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا
ۋاقىت پەرقى زور بولغاچقا، ھەرقايسى ساھە تەتقىقات-
چىلارنىڭ جاپالىق تەتقىقاتىنى ئۇزاق مۇددەت ئېلىـ
بېرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى نامايان بولدى. چەت ئەل ئالىم-
لىرى بۇ تەتقىقاتنى باشلىغىلى بىر يېرىم ئەسىردىن
ئارتىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىزدە تىزرلۈك تارىخىي سە-
ۋەبلەر ئارقىسىدا ئەمدى باشلاندى. بىز ۋەتەنپەرۋەر-
لىك روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆز ئىشىمىزنى ئۆز قولى-
مىزغا ئېلىپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلساقلا، چوقۇم باش-
قىلاردىن ياخشىراق تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئىگە بولا-
لايمىز. شىمالىي ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگى-

يىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەر تارىخ ئىلمى ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئۇنى يورۇتتى. بۇ تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەڭگۈ تاشلارنىڭ پۈتۈكلىرىدىكى تارىخىي ۋەسىقىلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھاياتى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تارىخىي مەزمۇنلار ۋۇجۇدقا چىقتى. ناھايىتى قىزغىن داۋام قىلىنغان تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ بەك قەدىمكى تارىخىي مەدەنىيىتى نامايان بولغاچقا، پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكى بۇ تارىخىي پاكىتتىن ھەيرانلىق ھېس قىلدى. شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ نوپۇزلۇق تارىخچىسى مورگان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكى ئاستىدا كۆمۈلۈكتۇر. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى بىزگە مەلۇم بولغۇسىدۇر»①.

دېمەك، ئۇلۇغ ئۆتمۈشكە، پارلاق كەلگۈسىگە ئىگە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا مىلادى 840 - يىلدىن 1222 - يىلغىچە بولغان 382 يىللىق تارىخىي جەريان ئىچىدە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ [illegible] ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدىكى قارا خانىلار سۇلا[illegible] قۇرۇلدى. بۇ سۇلالىنىڭ زېمىنى «ئالتە

① ئارسلان: «يۇلتۇزلار يورتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

فرانسىيە زېمىنىگە تەڭ ئىدى، يەنى 3 مىليون 309 مىڭ 612 كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى①. بۇ تارىخىي مەركىزى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ راۋاجلانغان ۋە گۈللەنگەن تارىخىي دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردە قەشقەردىكى مەشھۇر مەدرىسىلەردىن بولغان «ساجىيە مەدرىسى» ئۆز دەۋرى ئۈچۈن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى مەشھۇر مەدرىسىلەردىن بىرى ئىدى. بۇ مەدرىسىلەردە ئوقۇغان مىڭلىغان ھەرساھە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئارىسىدا مىللىتىمىزنىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك دانىشمەن ئوغلى مەرھۇم يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بار ئىدى. بۇ مەدرىستە ھەر تۈرلۈك ئىلىملەر قاتارىدا ئاسترو-نومىيە ئىلىممۇ ئالاھىدە ئوقۇتۇلاتتى②. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمى پەقەت ھەرقايسى مەدرىسىلەردە ئوقۇتۇلىدىغان نەزەرىيە دەرسى ھالىتىدە چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە تەتبىق قىلىنغان، مەسىلەن، كالېن-دارچىلىق، يېزا ئىگىلىك، تىبابەتچىلىك، ھەربىي يۈ-رۈش قاتارلىق ساھەلەرگىچە تەتبىقلانغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق بۇ شاھ ئەسىرى-دە باشقا مۇھىم مەسىلىلەر قاتارىدا قاراخانىلار سۇ-لالىسىنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمىگە ئائىت مەسىلىلەرنىمۇ

---

① تۇرغۇن ئالماسنىڭ «مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا سۆزلىگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

② ھاجى نۇرھاجى، «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 123 - بەت

بايان قىلىپ ئۆتكەن. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 5 - بابى «يەتتە يۇلتۇز، ئون ئىككى بۇرج بايانى»دا، «ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى» (193 - بەت)، «ئايتولدىنىڭ ئېلىككە سوئالى» (213 — 215 - بەت)، ئۇنىڭدىن باشقا 589 -، 591 — 675 - بەتلەردىمۇ مۇھىم ئاسترونومىيىلىك مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ ئاساسى قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىدا توپلانغان ئىلمىي تەجرىبىلەرنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا راۋاجلىنىشى. مەسىلەن، تارىخىي ياتتىن قارىغاندا ئاسمان پەردىسىنى ئېچىپ، كائىناتتىكى ساماۋىي جىسىملارنى كۆزەتكەن خەلقلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھونلارنىڭمۇ بارلىقى توغرىسىدا فرانسىيە ئالىمى شاۋان ئۆز كىتابىدا مەلۇمات قالدۇرغان. يولداش ئەنۋەر بايتۇرنىڭ مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇپ ئۆتكەن «يەتتە سەييارە چۈشەنچىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ھونلاردا بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن يەتتە سەييارە چۈشەنچىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ خىل چۈشەنچىنىڭ شامان دىنىي ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار...» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئومۇمەن، يەتتە سەييارە چۈشەنچىسى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەردە بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ مەدەنىي مىراسلىرى رەت قىلىپ

بولمايدىغان پاكىت بولۇپ قالغان.

ئاسترونومىيە دېگەن گرېكچە سۆز بولۇپ، «ئاستە-رون» — يۇلتۇز، «نومىيە» — قانۇن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ پەننى «ئىلمىي نۇجۇم»، «پەلەكىيات ئىلمى» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتاپ كەلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىنىڭ 5 - بابىدا «يەتتە يۇلتۇز، ئون ئىككى بۇرج» توغرىسىدا توختالغان بولۇپ، ئالەمنىڭ مەركىزى مەسىلىسىدە دۇنياۋى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئەنئەنىۋى كۆز قاراشتىن چەتنەپ كېتەلمىگەن. يەنى، «يەر مەركەز» چۈشەنچىسى ئاستىدا، يەتتە سەييارىنىڭ يەردىن يىراق- يېقىنلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مەسىلەن:

131 بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر ① تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.

132 ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوگاي ②،
قالۇر بىر بۇرجدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

133 ئۈچىنچى كۈرۈد ③ دۇر غەزەپتە يۈرۈر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

134 تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەنى ھامان.

---

① سەكەنتىر — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ساتۇرن.

② ئوگاي — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) يۇپىتېر.

③ كۈرۈد — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) مارس.

135 بەشىنچى، سەۋەت① تۇر، سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خۇشاللىق يۈزى.

136 ئۈنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ② كېلەر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا، تىلەككە يېتەر.

137 بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق③ تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەسىلىدە ھەر قايسى پلانېتىلارنىڭ يەردىن يىراق - يېقىنلىق تەرتىپىنى كۆرسەتكەن. شۇ بويىچە قارىغاندا، يەرنى بىر كۆزىتىش مەركىزى ئورنى دەپ بىلسەك، يەرگە ئەڭ يېقىن ھەمراھ (1) ئاي شارى، ئۇنىڭدىن كېيىن (2) مېركۇرى، (3) ۋېنېرا، (4) قۇياش، (5) مارس، (6) يۇپىتېر، (7) ساتۇرىن پلانېتىسىدۇر.

بۇ خىل تىزىش تەرتىپى ئەنئەنىۋى يەر مەركەز چۈشەنچىسى بويىچە كۆرسىتىلگەن تەرتىپ بولۇپ، ھازىرقى زامان قۇياش سىستېمىسى تەلىماتىنىڭ ئارقىسىدا تۇرسىمۇ، بىراق بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا — پلانېتىلارنىڭ تىزىلىش تەرتىپى يەردىن يىراق - يېقىنلىقى ئاساسەن توغرا ئېلىنغان. ئاددىي كۆز بىلەن

---

① سەۋەت — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ۋېنېرا (چولپان).
② ئارزۇ — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) مېركۇرى.
③ يالچىق — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئاي.




كۆزىتىلىپ، قاراخانىلار سۇلالىسى ماتېماتىكىسىدىن پايـ
دىلىنىلىپ، پلانېتلارنىڭ ئارىلىقىنى كۆزىتىپ، خۇلاسىلەشـ
قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا ئىلـ

مىنىڭ ئۇلۇغ غەلبىسى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ پلانېتلارنىڭ تىزىلىش تەرتىپى ئۈستىدە توختىلىپ قالماستىن، يەنە بۇ پلانېتلارنىڭ يىللىق ئايلىنىش دەۋرىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقى، ھەر خىل تەكشىلىكلەردە ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ساتۇرن ۋە يۇپىتېر ھەققىدە توختالغاندا:

131 بولاردىن ئەڭ ئۈستىدىن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.

132 ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوگاي،
قالۇر بىر بۇرجدا ئۇ ئون ئىككى ئاي.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، ئىككى پلانېتىنىڭ ھەر بىر بۇرجدا يەر شارى يىلى ھېسابىدا قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. بۇ ھەقتە يولداش مۇھەممەت ئوسمان «قۇتادغۇبىلىك، تىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلار ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «... شۇ بويىچە بولغاندا، ساتۇرن پلانېتىسىدىكى بىر ئاي يەردىكى ئون ئىككى ئايغا باراۋار بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىدە ئېنىقلانغان ئاي سانلىرى بويىچە سېلىشتۇرغاندا، ساتۇرن پلانېتىسىنىڭ ئۈچ ئاي، يوپىتېر پلانېتىسىنىڭ يېرىم ئاي پەرق قىلىدۇ. يەرگە سۈندۇرۇپ ھېسابلانغان بىر بۇرج ۋاقتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئالغاندا، ساتۇرنىنىڭ 87.9 پىرسەنت، يۇپىتېرنىڭ 98.8 پىرسەنتكە

يېتىپ بارىدۇ»①.

ھېچقانداق زامانىۋى كۆزىتىش سايمانلىرى يوق شارائىتتا ئاددىي كۆز بىلەن كۆزىتىپ، يۇقىرى ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىقىش ئەلۋەتتە كىچىك ئىش ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ دائىم ھەرىكەتتە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە كائىنات جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدىكى ساددا ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراشنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ساتۇرن، يۇپىتېر پلانېتلىرىنىڭ بۇرجلۇق ھەرىكىتىدىن سىرت، ئالاھىدە ئاي شارى ھەققىدە توختىلىپ، ئاينىڭ ئۆز ئوقى ۋە يەرشارى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقى، زۇدىياك يۇلتۇز تۈركۈمى ئارىسىدىن ئۆتىدىغان ئوربىتا يولىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ئىلمىي بايان بېرىپ، 1000 يىل بۇرۇنقى قاراخانىلار ئاسترونومىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى پاكىتلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. مەسىلەن:

بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار، 137
قوياشقا ئۇدۇل ياقسا تولۇن بولار.

ئاي ئاۋۋال تولامۇ كىچىك تۇغۇلۇر، 731
كۈندىن كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.

تولۇپ ئاي ئېگىزگە ئۆرلىگەچ، كېيىن — 733
كېمىيىپ ئاستا، كۆركى كېتەر يېرىدىن.

① «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن) 1984 - يىل 4 - سان ئۇيغۇرچە نەشرى.

734 يورۇقى ئاز ـ ئازدىن يەنە يوقىلۇر،
تېزغۇلۇپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر.

743 بۇ ئاينىڭ ئۆيى ھەم ئورنى مۇنقەلىپ①،
مۇنقەلىپ قالۇر ئۆيىسىز ئاخىر بېرىپ.

744 بۇ ئاي بۇرچى سەرتان، بۇ بۇرج ئۆزگىرۇر،
ئۆيى ئۆزگىرۇر ھەم ئۆزى چۆكىلۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى ئاي شارى ھەققىدىكى مەلۇماتىدا، ئاينىڭ ئايلىنىدىغانلىقى ۋە ھەرىكەتتە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتىن سىرت، يەنە ئاي يورۇقىنىڭ قۇياشتىن كېلىدىغانلىقىنى، ئاي بېشىدىن ئاي ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاي يۈزىدىكى يورۇقلۇقنىڭ كۆپىيىپ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، يەنە ئاي بېشىدا يورۇقلۇقنىڭ ئاي شارى يۈزىنى يورۇتۇپ بارىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي مەسىلىنى ئاي شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش ھەرىكىتىگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن. بۇ خىل ئىلمىي كۆزقاراش قاراخانىيلار سۇلالىسى ئاسترونومىيىسىنى باھالاشتا ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مارسنى «غەزەپلىك» پلانېتا، زۆھرە پلانېتىسىنى «خۇشاللىق» پلانېتىسى دەپ تەسۋىرلىگەن. بۇ خىل تەسۋىرلەشنىڭ يۇنان ئاسترونومىيىسىنىڭ تەسىرىگە يولۇققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۇنانلىقلار

① مۇنقەلىپ — (ئەرەبچە) يۆتكىلىپ، ئايلىنىپ تۇرغۇچى، تۇراقسىز.

يەتتە سەييارىغا ئۆز خۇدالىرىنىڭ نامىنى قويغان، مەسـ
لەن، مېركۇرى پلانېتىسىغا گرېكلارنىڭ ھىيلىگەر، چاققان
سودا خۇداسىنىڭ نامى بېرىلگەن؛ ۋېنېرا پلانېتىسىغا يۇنانلىقـ
لارنىڭ مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك خۇداسىنىڭ نامى بېرىلگەن؛
مارس پلانېتىسىغا يۇنانلىقلارنىڭ ئۇرۇش خۇداسىنىڭ نامى
بېرىلگەن؛ ساتۇرن پلانېتىسىغا رىملىقلارنىڭ ئۆلۈم
خۇداسىنىڭ نامى بېرىلگەن①. دېمەك، قاراخانىلارنىڭ پايـ
تەختى قەشقەر غەرب ۋە شەرق مەدەنىيىتى ئۇچراشقان
ئورۇن بولغاچقا، ئۆز ۋاقتىدا ساجىيە مەدرىسىلىرىدە
يۇناننىڭ ئاسترونومىيىسى تونۇشتۇرۇلغان كىتابلارنىڭ
بولغانلىقىنى ۋە ئۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق
ئالىملارنىڭ ئوقۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىگە يولۇققانلىقىنى:

133 ئۈچىنچى، كۆرۈدۇر غەزەپتە يۈرۈر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

135 بەشىنچى، سەۋىنتۇر، سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خۇشاللىق يۈزى.

دېگەن سۆزلەر تەستىقلاپ تۇرماقتا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پلانېتىلار ھەققىدە توختىـ
لىشتىن باشقا، يەنە ئاددىي كۆز بىلەن كۆرۈشكە بو-
لىدىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى 12 بۇرجقا، يەنى
زودىياك يۇلتۇز تۈركۈملىرىگە بۆلۈپ كۆرسەتكەن.
زودىياك — بۇ نام «ھايۋان» مەنىسىنى بېرىدىغان «زو-

① سوۋېت ئاسترونومى ن. يوزىگىلىنىڭ «شەرق مەدەنىيىتى» تاشكەنت 1958-يىل نەشرى «ياش ئاسترونوم» دىن ئېلىندى

ئون»دېگەن يۇنان سۆزىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، قۇياشنىڭ يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت يولى ئىچىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمى. ئۆتمۈش تارىخىي ئەسەرلەردە بۇ 12 يۇلتۇز تۈركۈمىگە ھايۋانلارنىڭ نامى ئاساسەن ئۇيغۇرچە قويۇلغان. مەسىلەن، قوزا، ئۇي، قوشكېزەك، يولۋاس، تىمساخ، بۇغداي بېشى، تارازا، چايان، ياچاق، ئوغلاق، سوغا، بېلىق. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقان 12 بۇرج — يەرشارىنىڭ ئېكۋاتور سىزىقىغا پاراللېل كەلگەن ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئېكلىپتىكا سىزىقى بويلاپ جايلاشقان 12 يۇلتۇزلار توپىدىن ئىبارەت.

138 ئون ئىككى بۇرج باردۇر بۇلاردىن بۆلەك،
جۈپ ئۆيلۈك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك.

139 قوزى يازغى يۇلتۇز، كېيىن ئۇي كېلۇر،
جەۋزا بىلەن سەرتان تۇرتۇشۇپ يۈرۈر.

140 ئېرۈر قوشنا بۇغداي بېشى، ئارسلان،
كېلەر ئارقىدىن قەۋس، ئەقرەپ، مىزان.

141 كېلەر ئاندىن ئوغلاق، سوغا ھەم بېلىق،
توغۇلسا بۇلار كۆك بولغۇسى يورۇق.

12 بۇرجنىڭ بىر - بىرى بىلەن قوشنا يۇلتۇز تۈركۈمى ئىكەنلىكى ۋە يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ يۇلتۇز-

لۇق ئاسماندىكى پەسىللىك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر بىر بۇرجنىڭ بەلگىلىك پەسىللەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن. شۇنداقلا، بۇ بۇرجلارنىڭ ھەر قايسىنى بېسىپ ئۆتۈشتە قۇياشنىڭ بىر ئاي بولىدىغانلىقى، ئۈچ بۇرجدا ئۈچ ئاي بولىدىغانلىقى، ھەر قايسى ئۈچ بۇرجدا قۇياشنىڭ ئۈچ ئاي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى يەر شارى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەر ئۈچ بۇرجنىڭ بىر پەسىلگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇياش بىلەن بىرلىكتە يەر شارىنىڭمۇ ئاشۇ يۇلتۇزلار تۈركۈمىدە بولىدىغانلىقىنى ئىلمىي شەرھلىگەن.

142 ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى، ئۈچى كۈزگىدۇر.

دەپ، 12 بۇرجنى ئۈچتىن تۆتكە ئايرىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى يورۇتۇپ بەرگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار مېركۇرىيغا ئارزۇ، ۋېنېراغا سەۋت، مارسقا كۈرۈد، يۇپىتېرغا قارا قوش، ساتۇرنغا سەكەنتىر، ئاي شارىغا يالچىق دەپ ئات قويغان. كائىناتتىكى نۇرغۇن يۇلتۇزلارنى تەپسىلىي تەتقىق قىلغان ئۇيغۇر ئاسترونومىيىسى توغرىسىدىكى ئىلمىي كىتابلارنىڭ بىر قىسمى تۈرلۈك

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى يوقالغان بولسىمۇ، بىر قىسمى تېخى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشمىدى. ئىشىنىمىزكى، يۇقىرىدا ئاتتە پلانېتىغا ئات قويغان ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە باشقا يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويۇشمۇ ئېھتىمالغا يېقىن بولۇپ، كېيىنكى تەتقىقاتلاردا بۇ ئىش يېشىلگۈسى.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 449 - بەتتە يولۋاسقا بەرگەن تەبىرىدە مۇنداق بىر تارىخىي ئۇقۇم بار: تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان. بۇنىڭدا، ئۇ، ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يەرنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى. بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ، ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن». بۇ، تارىخىي ۋەقە ئەلۋەتتە قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن ناھايىتى بۇرۇنقى ۋەقەدۇر.

كالېندارچىلىق قاراخانىلار سۇلالىسىگە كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ، ھەر ساھەگە تەتبىقلانغان. قاراخانىلار

مۇلالىسى دەۋرىدە 12 بۇرجنىڭ ھەر ئۈچى بىر پەسىل قىلىپ ئايرىلغان. ئۇيغۇرلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى مۇشۇ بۇرجلارغا توغرىلاپ ئېلىپ بارغان. مەسلەن، ئۇيغۇرلاردا:

سۈنبۈلدا سۇ سال، مىزاندا تېرى،
مىزاندا تېرىمساڭ، قوي نېرى.

دېگەن تەمسىل ئەجدادلاردىن بىزگە مىراس قالغان. باغۋەنچىلىكتە ئۈزۈمنى مىزان ئاپتىپنى يېگۈزۈپ كېمىش، ئۇنداق قىلىنمايدىكەن، مىزان ئاپتىپنى كۆرمىگەن ئۈزۈمدە مۇسەللەس بولمايدۇ دېگەن تەجرىبە يەكۈنلەنگەن. ھازىرقى كۈندە شىنجاڭ مېۋىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن تاتلىق بولۇشىدىكى سەۋەب كېچە - كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقىنىڭ زورلۇقى، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قاتارلىق سەۋەبلەر دەلىل ئورنىدا كۆرسىتىلمەكتە. مىزان ئېيى كۈز پەسلىگە تەۋە بولۇپ، كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى زور بولغاچقا، مىزان ئاپتىپنى كۆرگەن ئۈزۈمنىڭ مۇسەللىسى شېرىنلىك، ياخشى بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. قاراخانىلارنىڭ شاھلىرى ئۈچۈن تېرىلىدىغان «ئوردا قوغۇنلۇقلىرى»دا قوغۇنچىلار قوغۇننى تاكى كەچكۈزگىچە پېلىكىدىن ئۈزمەي ساقلىغان. چۈنكى، پادىشاھلارنىڭ ياز پەسلىدە پېلىكىدىن ئۈزۈلۈپ تۇرۇپ قالغان قوغۇنلارنى يېمەيدىغان ئادىتى بولغاچقا، قوغۇنچىلار پېلەكنى پاخالغا يۆگەپ بىر خىل تېمپېراتۇرىدا ساقلىغان. قوغۇننى ياش ھالىتىدە ساقلاش ئۈچۈن، كەچكۈزدە قوغۇننى

تۇزۇپ، كاكىل لايىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سۇۋاپ، مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىدىكى ئۆيلەردە ساقلىغان. ئوردىغا قوغۇن لازىم بولسا، قىش ياكى ئەتىيازدا بولسۇن، كاكۇل لايىنى ئېلىۋېتىپ ئوردىغا ئېلىپ كىرگەن. بۇنى يېگەن شاھ مېھمانلىرى ياش قوغۇننى يەپ كۆپ مىننەتدار بولغان.

ئاسترونومىيىنىڭ تىببىي ئىلمىگە تەتبىق قىلىنىشى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئاي ۋە كۈننىڭ دورىلارنىڭ تەبىئىتىگە ۋە ئىنسانغا بولىدىغان تەسىرىنىمۇ بايقىغان. مەسىلەن، تۆت پەسىلدە يېمەك - ئىچمەكنىڭ قانداق بولۇش لازىملىقى، ھەر خىل ياشتىكى كىشىلەرنىڭ تۆت پەسىلدە كۆرگەن چۈشلىرى ھەققىدىكى تەبىرلەر بۇنىڭ مىسالى. كېيىنكى كۈنلەردە نەشر قىلىنغان تىببىي كىتابلاردا بۇرۇنقىلارنىڭ تەجرىبىسى يەكۈنلەنگەن. مەسىلەن، «تەسھىلۇل ئىلاج» (داۋالاشنىڭ ئاسان ئۇسۇللىرى)، «قارا بادىن كەبىر» (دورا ئىلمى) دېگەن كىتابىنىڭ 69 - بېتىدە: «... دورىلارنىڭ تەبىئىتىنى بەلگىلەشتە يۇلتۇزلارغا قاراپ بەلگىلەش» سۆزلەنگەن. دەۋرىمىزدە نەشر قىلىنىۋاتقان «بىلىم — كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 4 - سانىغا «قۇياش، ئاي ۋە ئادەم» تېمىسى ئاستىدا بېسىلغان ماقالىدە «ئادەم تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى»، ئىنسان ئەزەلدىن يۇلتۇزلار توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدىغان قۇياش سىستېمىسىدا ياشاپ كەلمەكتە. قۇياش كۆتۈرۈلسە ئاي ئولتۇرىدىغان، «توشقان مېڭىپ»، «قۇش ئۇچىدىغان»، كۈندىن كېيىن

كۈن، ئايدىن كېيىن ئاي، يىلدىن كېيىن يىل قايتىلىنىشتەك تەبىئىي دەۋر قىلىنىش ئەھۋالى ئىنسانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئەھۋالى، يېتىش - قوپۇشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ھەر خىل ھەرىكەت رىتىمىنى سىرلىق تۈردە كونترول قىلىپ تۇرىدۇ ھەمدە ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، قېرىشىغا ئاكتىپ تۈردە ئارىلىشىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. مانا بۇ نۇقتىدا، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ كۆزقارىشى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىغا ماس كېلىدۇ.

قاراخانىلار سۇلالىسى قوشۇنلىرى ھەربىي يۈرۈشتە، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ نىشانىنى توغرىلىغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي مەلۇماتلار بار. XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈسۈپ قادىرخان خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، خوراسان تەرەپتىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، 4000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەردىن يولغا چىقىپ مادائىن ئەتراپىغا بارغاندا، قاتتىق بوران چىقىپ كېچىدە يول باشلىغۇچى قىسىم يولدىن ئازىدۇ. قوشۇن بىر مەھەل ماڭغاندىن كېيىن يولدىن ئاداشقانلىقى بىلىنىپ، دەرھال ئاسماندىكى بەلگىلىك يۇلتۇزغا قاراپ يولنى توغرىلايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە يۇلتۇزلارغا قاراپ كىشىلەرنىڭ تەرەپنى بايقايدىغانلىقىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان:

129 كىشىگە يورۇقلۇق بېرۇر بەزىسى،
يول يىتسە كۆرسىتۇر يەنە قانچىسى.

130 بەزىسى ئىگىزدە، بەزىسى تۆۋەن،
غۇۋادۇر بەزىسى، بەزىسى روشەن.

دېمەك، يۇلتۇزلارغا قاراپ يولنى توغرىلاشنىڭ ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ناھايىتى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك كۆزقارىشىدا، كائىنات، شۇ جۈملىدىن يەرشارىنىڭ ئايلىنىدىغانلىقى ۋە يەر شارىدا ياشاۋاتقان بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭمۇ بىرلىكتە ئايلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىلمىي كۆزقارىشى دەۋرىمىزدىكى بەزىبىر روھانىيەتچىلىك ئاسارىتىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن جاراڭلىق خىتاپ! يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

126 ياراتتى پەلەك، كۆر، دائىم ئايلىنۇر،
ھايات ھەم ئۇ بىرلە تىنماي چۆرگىلۇر.

ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، تارىختىن بېرى يۇلتۇزلارغا قاراپ پال باقىدىغان، ئىنسان تەقدىرىنى يۇلتۇزغا قاراپ ئېيتىپ بېرىدىغان «مۇنەججىم» لەرنىڭ ئالدامچىلىق ھەرىكىتىمۇ داۋاملىشىپ كەلگەن. ئەڭ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ئۆزىنى سانائەت، پەن - مەدەنىيەتتە ئالدىنقى قاتاردا دەپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا دۆلىتىدە 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدا مۇنداق بىر ۋە-

قه بولغان:
بۇرژۇئازىيىنىڭ «مۇنەججىم» (يۇلتۇزچى) لىرىدىن
بىر ئالدامچى كاپىتالىزمنىڭ گۈللىنىشى، سوتسىيالىزمنىڭ
«يوقىلىشى» نى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئالدىن ئالا «ھۆكۈم»
قىلغان. ئۇ، XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تېپىلغان ئوران
پلانېتىسىنى «ئىنقىلابىي دىكتاتۇرا پلانېتىسى» دەپ، «سوت-
سىيالىزم مۇشۇ پلانېتا تېپىلغاندىن كېيىن مەيدانغا كەل-
گەن...»؛ زۆھرە پلانېتىسى «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى
تەشكىلاتىنى تۈزۈشكە ئىمكان بەردى» دەپ جۆيلى-
گەن ①. «ھەر بىر يۇلتۇز يەردىكى بىر كىشىگە خاس،
بىر ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭ ئاسماندىكى بىر يۇلتۇزى ساقىيدۇ»
دېگەن خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر
بۆلۈك مۇنەججىملەر خەلقىمىزنى ئالداپ كەلگەن.
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك باياتلىرىنىڭ
ھەزمۇنىدا «يەتتە پەلەك» دېگەن چۈشەنچە ئوتتۇرىغا
قويۇلغان بولۇپ، ئۇ، خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا،
يەتتە قات ئاسماندىن ئىبارەت. بۇ يەتتە قات ئاس-
مان قايسى؟ بۇ يەتتە قات ئاسمان — يۇسۇپ خاس
ھاجىپ ئېيتقان يەتتە سەييارە ئارىسىدىكى كەڭ بوش-
لۇقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش
مۇمكىن:
1. يەر بىلەن ئاينىڭ ئارىلىقى بىرىنچى ئاسمان؛

① ف. بۇزىكىلىنىڭ «شەرق ھەققىتى» 1958 - يىل تاشكەنت نەشرى
«پاش ئاسترولوگ» دىن ئېلىندى.

2. ئاي بىلەن مېركۇرى ئارىلىقى ئىككىنچى ئاسمان؛

3. مېركۇرى بىلەن ۋېنېرا ئارىلىقى ئۈچىنچى ئاسمان؛

4. ۋېنېرا بىلەن قۇياش ئارىلىقى تۆتىنچى ئاسمان؛

5. قۇياش بىلەن مارس ئارىلىقى بەشىنچى ئاسمان؛

6. مارس بىلەن يۇپىتېر ئارىلىقى ئالتىنچى ئاسمان؛

7. يۇپىتېر بىلەن ساتۇرن ئارىلىقى يەتتىنچى ئاسمان.

كىشىلەر بۇرۇنلا «يەر مەركەز» چۈشەنچىسى ئاستىدا، يەتتە سەييارە ئارىسىدىكى كەڭ بوشلۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر پلانېتا بىلەن ئىككىنچى بىر پلانېتا ئارىسىنى بىردىن ئاسمان دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بايان قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى ئاسترونومىيىسى ھەر قايسى ساھەلەرگە تەتبىقلىنىپ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئىلىمگە ئىنتىلگۈچى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇنىڭ ھەر ساھە زىيالىيلىرى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى تىرىلىك ئىلىملەرنى مۇشەققەتلىك بۇ تارىخىي سەپەردە داۋاملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ كەلدى. 1430 - يىلى مەشھۇر ئاسترونوم ئۇلۇغبەگ سەمەرقەنتتە ئېگىزلىكى 55

مېتىرلىق كۆزىتىش مۇنارى قۇرۇپ، «يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى» نى ئىشلەپ، 1018 دانە يۇلتۇزنى خەرىتىگە ئورۇنلاشتۇرغان. XV ئەسىردە قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە نۇرغۇن ئاسترونومىيە كىتابلىرى بولغان بولسىمۇ، مىللىي مۇناپىق ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى مەلۇم. XIII ئەسىردە ئۆتكەن مۇھەممەت ئىۋەز قاراقاش دېگەن كىشىنىڭ «مەجمۇئەتىل ئەھكام» ناملىق كىتابىدا نۇرغۇن ئاسترونومىيىلىك مەلۇماتلارنىڭ بارلىقى مەلۇم. XIX ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ قەشقەرلىق سوپى ئاخۇنۇم دېگەن كىشىنىڭ ئاسترونومىيە بىلىمى چوڭقۇر ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بار. تەجەللىنىڭمۇ ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى توغرىسىدا تارىخىي مەلۇمات بار. قۇربان ئېلى ھاجى خالىدىنىڭ 1910 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «تارىخىي خەمسى» دېگەن كىتابىنىڭ 528 - بېتىدە يىل، ئاي، يۇلتۇز ئىسىملىرى ۋە كالېندار توغرىسىدا، ئاقار يۇلتۇزلار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ قالدۇرۇلغان.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاسترونومىيىسى توغرىسىدىكى بۇ مۇلاھىزىمىز دەسلەپكى ئىزلىنىش خاتىرىسى بولۇپ، بىز بۇ مەسىلىنى سۆزلەپ تۈگىتىش ئۈچۈنلا ئوتتۇرىغا قويمىدۇق، ئەلۋەتتە. دەۋرىمىز ياشلىرى ۋە ئاسترونومىيە ئىلمىگە قىزىققۇچى كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرىمىز ياراتقان نەتىجىلەر بىلەن پەخىرلىنىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

كارل ماركسنىڭ «مۇقەددەس ئائىلە» دېگەن كىتابىدا تارىخ دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا بەرگەن جاۋابىغا قۇلاق سالايلى! ماركس بۇ كىتابىدا: «تارىخ — ئۆز مەقسىتىنى ئىزلەپ يۈرگەن ئادەمنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت» دەپ يازغان. بىزنىڭ مەقسىتىمىز نېمە؟ بىزنىڭ مەقسىتىمىز تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يادروسى ئىلىم - پەننى زامانىۋىلاشتۇرۇش. بىز چوقۇم مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز. شۇڭا، بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلىم - پەندىكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك تارىخىي تۆھپە قوشۇپ، ئۆزىمىزنىڭ جۇڭگو تارىخىدىكى تېگىشلىك مىللىي مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

# «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئۇيغۇر تىبابىتى مەسىلىلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

ئىبراھىم ئېلى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، جاھانشۇمۇل شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» قاراخانىلار دەۋرىدىكى بىردىنبىر نادىر ئەسەر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ، ئۆز ئىلمىي قىممىتىنى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە ساقلاپ كەلگەن جاھان مەدەنىيەت مۇنبىرىدىكى شاھانە ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

«قۇتادغۇ بىلىك» بىزگە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ زېمىنىدا قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت بولۇپ تۇرالىشىغا ئاساسىي ئامىل بولۇپ خىزمەت قىلغان تارىخىي جەريان ۋە سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى ئاجايىپ ئۆتكۈر شېئىرىي تىل بىلەن مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە شۇ چاغدىكى پەن - مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، سىياسىي ھايات، دىپلوماتىيە، ئىقتىساد، قانۇن، پەلسەپە، مائارىپ، ئۇرۇش ۋە ستراتېگىيە، سو-

دا - تىجارەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلىملىرى توغرىسىدا يېتەرلىك دەرىجىدە مەلۇماتلار بېرىدۇ. شۇ قاتاردا كىشىلەرنى تىببىي بىلىمدىن خەۋەردار قىلىشقا ئايرىمچە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىپ ئۆتكەنلىكى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بولغان بىزلەر؛ بولۇپمۇ تىببىي، ساقلىقنى ساقلاش ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان تىببىي خادىملار ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر.

مەن بىر تىببىي خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ئائىت مەزمۇنلار توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياشىغان دەۋرى دىنىي كالامىزملىق دەۋر بولسىمۇ، ئەمما ئاپتور ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن شۇ چاغدىكى تارىخىي چەكلىمىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ساددا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق كۆزقارىشىنى ئىنتايىن يۈكسەك تالانتى ۋە يۈقىرى ماھارىتى ئارقىلىق بۇ داستانىنىڭ بايانلىرىغا ئۇستىلىق بىلەن سىڭدۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا تىبابەتچىلىككە دائىر بايانلىرىنى بىر نەچچە بابلارغا كىرگۈزۈش بىلەن تىبابەتچىلىكتىكى «تۆت تادۇ» ۋە ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى تۆت خىلىت ھەققىدىمۇ ئالاھىدە توختالغان.

تىبابەتچىلىكنىڭ دورىگەرلىك ئىلمىدە دىئاگنوستىكا

ئىلمى، داۋالاش ئىلمى جەھەتلەردىكى تىببىي قانۇنىيەتلىك پرىنسىپلارنى خېلى سىستېمىلىق شەرھلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا تىبابەتچىلىك ھەققىدە توختىلىش نوقۇل ھالدىكى تاسادىپىي ئىش بولماستىن، قاراخانىلار دەۋرىدە تىبابەتچىلىكنىڭ خېلىلا دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش بىلەن بىرگە مۇئەللىپ ئۆز دەۋرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەبۇ نەسىر فارابى (870 — 950) ئەسەرلىرى ئارقىلىق يۇنان ۋە باشقا تىبابەتلەردىن خەۋەردار ئىكەنلىكى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980 — 1037) نىڭ «تىب قانۇنلىرى» دىنمۇ تولۇق خەۋىرى بارلىقى بىلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تىبابەتچىلىك ھەققىدىكى ئىلمىدىن، بولۇپمۇ ئىلمىي دىئاگنوستىكا - داۋالاش كۆزقاراشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى پەقەت قاراخانىلار دەۋرىدىلا شەكىللىنىپ بارلىققا كەلگەن تىبابەت بولماستىن، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان قوشنا ئەللەردىن ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شامانى دەۋرلىرىدىن تارتىپلا ئىپتىدائىي مىللىي تىبابەتچىلىكنىڭ پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە «تارىخى ئەديان» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشچە بۇرۇنقى تۈركلەر بەش ئۇنسۇر (ماددا) غا ئىشىنىپ (چوقۇنۇپ)، شۇ ئۇنسۇرلارغا

ئىمان ئېيتقان. بۇلار: «يەر، ياغاچ، مەدەن، ئوت، سۇ» دېيىلگەن.

يەر، ياغاچ، ئالتۇن، ئوت، سۇدىن ئىبارەت بۇ بەش خىل زات (ماددا) كۆزقارىشى ھازىرقى جۇڭيى تىبابەتـ چىلىكىنىڭ ئىلمىي نەزەرىيە ئاساسى بولۇپ، ئەينى چاغـ لاردا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن ئۆز ئارا تەسىر ۋە ئۆتۈشۈش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

«خواڭدى نېيجىڭ سوۋېن» نىڭ «غەيرىي ئۇسۇل ۋە رېتسېپلار بىلەن داۋالاشنىڭ پايدىسى ھەققىدە» قىسـ مىدا: «غەرب ئالتۇن، قاشتېشى ماكانى، تاشلىق، قۇمـ لۇق جاي بولۇپ ئۇپۇقتا ئورۇنلاشقان، شامال كۆپ، زېمىنى قاتتىق، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ كىيىم - كېچىكى ئاددىي ۋە يېپىنجاقلاپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تامىقى ياخـ شى ۋە مايلىق، شۇڭا ئىللەتلەر ئۇلارنىڭ تېنىنى زەھەرلىيەلـ مەيدۇ. ئۇلارنىڭ كېسىلى ئىچكى جەھەتتىن پەيدا بوـ لۇپ، داۋالاشقا زەھەرلىك دورىلارنى ئىشلىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن زەھەرلىك دورىلارمۇ غەربتىن كېلىدۇ» دېيىلـ گەن.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلـ مىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشىدا قاراخانىلار دەۋرىدىكى مول تارىخىي زېمىن، ئىمكانىيەت، شارائىتلار تۈرتكـ لىك رول ئوينىغان ئىدى.

شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئەنئەنىۋى تىـ بابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ھەققىدە كافۇر، ئۇراغۇن، شەلسـ مە، ماتىرىدۇس، تەرياك قاتارلىق يەككە ۋە مۇرەككەپ دورا

ئاتالغۇلىرى ھەم ئوقۇلىدىسىقا ئوخشاش يېزىلىق
تىببىي ھېكىملەر تىلىغا ئېلىنغان. بۇ يەككە دورىلار
ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ھازىرمۇ كەڭ قوللىنىلىپ كەل-
مەكتە.

مومىيا — جەسەتلەرنى مومىيالاشتا ئىشلىتىلىپلا قال-
ماستىن، سۆڭەك سۇنغان كېسەللەرگە سۆڭەكنىڭ تېز
تۇتۇشى ئۈچۈن ئىچىشكە ھەم بېرىلىدۇ. كافۇر — سۈيى-
دۈك ماگدۇرۇش مەقسىتىدە دوۋسۇنغا سۈرتمە قىلىنىدۇ.
مېنىڭگىت ۋە قىسمەن يۈرەك كېسەللىرىگە سۈرتمە ۋە ئاز
مىقداردا ئىچىشكە بېرىلىدۇ. تەرياك — كۆپ خىل يەك-
كە دورىلار بىلەن ياسىلىدىغان زەھەر قايتۇرۇش رولىغا
ئىگە خېمىر ھالەتتىكى ئۈنۈملۈك دورىلاردىندۇر.

بۇ دورا ناملىرىنى ۋە كېسەل ناملىرىنى بۈيۈك
ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»
دىمۇ تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۇچرىتىمىز. ئوتتۇرا ئاسىيا
خەلقلىرىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى، تەبىئەتشۇناس، تىب-
بىي ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ بەش توملۇق قامۇس
خاراكتېرلىك ئەسىرىدىكى تىببىي قائىدە - قانۇن،
پرىنسىپلار، دورىگەرلىك، دىئاگنوستىكا - داۋالاش بې-
لىملىرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بى-
لىك» داستانىدىكى «تۆت تادۇ» ۋە ئۇنىڭدىكى كۆزقا-
راشلاردا بىردەكلىكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستان شەكلىدە يېزىلىشىغا قا-
رىماي، مۇئەللىپ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ساقلىقنى
ساقلاش ۋە كېسەلنى داۋالاش ھەققىدە توختىلىپ مۇن-
داق دەيدۇ:

4614 تولا يېگۈچىنىڭ ئىشى سىڭمىغاي،
ھەزىم بولمىسا ئاش، ھەريان ئاغرىغاي.

4615 كىبەل گالدىن كىرەر، ئۇنى چىلىك كۆزەت،
يېگىن ئاشنى تەگشەپ، ئاز - ئاز يە پەقەت.

4616 كىبەر كۆچ ئەگەر ئاغرىق قىلسا ھۇجۇم،
ئۇنى ئەملەتمىسەڭ، ئالدىرتار ئۆلۈم.

4619 كىبەلدۇر بالا - مېھنەت، ئۆلۈم جارچىسى،
ئۆلۈم زەۋقسىز ئېرۇر، يىرقتۇر ياخشىسى.

مۇئەللىپ يۇقىرىقى مىسرالار ئارقىلىق مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش — ساغلاملىقنىڭ كاپالىتى. قالايمىقان ۋە كۆپ تاماق يېيىش — كىبەللىكنىڭ مەنبەسى. كىبەللىك كۆپىنچە ھاللاردا ئېغىز ۋە نەپەس يوللىرى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. كىبەللىك كىشىگە ھېچقانداق خۇشلۇق كەلتۈرمەيدۇ. كىبەلگە گىرىپتار بولغاندا ئۇنى ۋاقتىدا داۋالىتىش لازىم. دەپ كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق كىبەل بولۇشنى خۇراپىي، ئىلاھىي كۈچكە تاقىماستىن، كىبەل سەۋەبچىسىنى تېپىپ چىقىش بىلەن شۇنىڭغا مۇناسىپ چارە قىلىش — بىمارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ توغرا چارىسىدۇر دېگەن ئىلمىي يەكۈننى چىقىرىدۇ. بۇ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پاتولوگىيىلىك قائىدىلەرگە تامامەن ئۇيغۇندۇر.

ئاپتور يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆز مىزاجلىرىنى بىلىش كېرەكلىكى ۋە شۇنىڭغا يارىشا ئوزۇقلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈ-كى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

4620 كىشى مەن دېگۈچى ئادەم بالىسى،
كېرەك بىلسە ئىسسىق - سوغۇق قايسى.

4622 سوغۇقلۇقنى ئىچ ئاشا ئىسسىق ئەگەر،
سوغۇقلۇق ئەگەر ئاشا ئىسسىق تېزەر.

4623 يېشىڭ ياش بولۇپ، ئۆمرۈڭ ئۇلسا باھار،
سوغۇقنى كۆپ ئىشلەت تېنىڭ سوۋۇتار.

4624 ياشىڭ قىرىقتىن ئېشىپ، كۈن - ئاي بولسا كۈز،
ئىسسىق نەرسە بىرلە مىزاجىڭنى تۈز.

4625 يېشىڭ بولسا ئاتمىش، ۋاقتىڭ بولسا قىش،
ئىسسىقلىق قىل، تۇتما سوغۇقلۇقنى ئەش.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ پەردە تەكىتلەپ ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق دەۋاتقان ئاتالغۇلار ماددىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى بولماستىن، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى ئەنئەنىۋى تۆت خىلت كۆزقارىشى، يەنى ئادەم بەدىنىدىكى ماددىلارنىڭ خىمىيىلىك خۇسۇ-سىيىتىنى كۆزدە تۇتقان ھەم ئادەم ئۆزىنىڭ مىزاجىنى بىلىش كېرەكلىكى دېگىنىدە، مۇئەللىپ كىشىلەرنىڭ تە-

بابەت ئىلمىنى ئۆگىنىشنى دەۋەت قىلىغاندۇر. يۇقىرى-قى نەزمىلەردىن ئادەم ئۆمرىنىڭ يىلىنىڭ باھار، ياز، كۈز، قىش پەسىلىگە تەقلىد قىلىنىشى — پۈتۈن كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇدات ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسىدە «تۆت ئادۇ» تەلىمات چۈ-شەنچىسى تەرغىپ قىلىنغاندۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇئەللىپنىڭ 60 ياش-نى تىرىلىقنىڭ بوسۇغىسى دېيىشىگە قارىغاندا، بىر ئۆ-مۈرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى سەكسەن ئەتراپىدا ئىكەنلىكى-نى ئەسلىتىدۇ ھەم دۇنيانىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتى ۋە مېدىتسىنا پىننىڭ يۈكسەلگەن ھازىرقى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش ياش سېلىشتۇر-مىسىغا نىسبەتلەشتۈرگەندە، قاراخانىلار دەۋرىدىكى تىبا-بەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تەخمىنى مۆلچەرلىگىلى بو-لىدۇ.

مۇئەللىپ ئادەملەرنىڭ مىزاجلىرىنى پەرقلەندۈ-رۈش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

4626 قورۇق سوغۇق ئاشا، ھۆل ئىسسىقنى تاپ،
بولۇر بۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا جاۋاب.

4627 ئېشىپ بۇ ھۆل سوغۇق گەر سالسا زىيان،
ئاڭا ئىسسىق قورۇق بىلەن قارشىلان.

4630 مىزاجىنى شۇ ياڭلىغ دۇرۇس تەڭشىسەڭ،
ھاياتىڭ ئۆتەر تىنچ، ياشارسەن ئېسەن.

مۇئەللىپ ئادەم بەدىنىدىكى خىلىتلارنىڭ (سۇيۇقلۇقلارنىڭ) ئۆزىگە خاس بولغان تەڭپۇڭلۇق ھالىتىنى ساقلاش ۋە ساغلام بەدەن بولۇشىنىڭ بىر يۈرۈش داۋالاش نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى ئىنچىكىلەپ شەرھىلەش بىلەن ئادەم بەدىنىدىكى خىلىتلار بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ۋە بىر - بىرىگە تەقەززالىقى بىلەن ھاياتلىق مەۋجۇتتۇر دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈردۇ.

مۇئەللىپ ئادەملەرنىڭ جىسمىيات ۋە پىسخىك ھالىتىدىكى پەرقلەرنى تۆت تۈرگە ئايرىپ ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق دەپ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاسلىق ھالىتىنى تۆت خىلىتنىڭ قارىمۇ قارشىلىق خۇسۇسىيەت ئېتىبارى بىلەن تەڭشەشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ساغلام بەدەنلىكنى ساقلاشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئېيتقانلىقى مۇئەللىپنىڭ پىشقان، كامىل تېببىي ھېكىم ئىكەنلىكىگە شەك - شۈبھە قالدۇرمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈۋاتقان قۇرۇق سوغۇق دېگىنى «تۆت تادۇ» نىڭ بىرى — تەبىئەتتىكى تۇپراق ماددىسى بولۇپ، ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى سەۋدادۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇقتۇر. ھۆل ئىسسىق دېگىنى «تۆت تادۇ» نىڭ بىرى — تەبىئەتتىكى ھاۋا بولۇپ، ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى قاندۇر، ئۇنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىقتۇر. قۇرۇق ئىسسىق دېگىنى «تۆت تادۇ» نىڭ بىرى — تەبىئەتتىكى ئوت بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى سەپرا —

تۆت سۈيۇقلۇقىدۇر، ئۇنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىقتۇر. ھۆل سوغۇق دېگىنى «تۆت تادۇ» نىڭ بىرى تەبىئەتتىكى سۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى بەلغەمدۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئەنئەنىۋى خىلىت نەزەرىيىسىنىڭ قائىدە - قانۇن، پرىنسىپلىرىنى چوڭقۇر ۋە تەپسىلىي چۈشەندۇرىدۇ ھەم ماددىنىڭ روھقا تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئادەملەرگە خاس بولغان مىزاجلارنىڭ پەرقى ئۈستىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

4632 مىزاجىڭنى ئېيتاي ئۇچۇق ساڭا، بىل،
سېرىق، ئاق، قارادۇر ۋە ياكى قىزىل.

4633 بۇلارنىڭ بىرىسى بىرىگە يېغى،
يېغىلارنى بۇزەڭ بىلەن ئايرىغىل.

مۇئەللىپ كىشىلەرنىڭ مىزاج - خىلىت پەرقىنى تۆت خىل رەڭگە تەقلىد قىلغان. سېرىق — سەپراغا، ئاق رەڭ — بەلغەمگە، قارارەڭ — سەۋداغا، قىزىل رەڭ — قانغا ئوخشاش بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشىلىقى بىلەن ھاياتلىق مەۋجۇتتۇر دېگەن چۈشەنچىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مۇئەللىپ ئۆز داستانىدا تىبابەتچىلىك ساھەسىدە سۆزلەپ كېلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

4640 ئۆتۈپ كۆپ زامان ئەر ھېكىم بولمىسا،
بولۇر ئادەم دېمەي، بىر ھايۋان دېمە.

5990 كىشى ھەر ئاغرىقتىن گەر ئۆلسە ئىدى،
تىرىك كىشى قالمايتتى يەردە زادى.

مۇئەللىپنىڭ بۇ مىسرالىرىدىن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچىدىن ئەينى دەۋردە قاراخانىلار زېمىنىدىكى خەلقلەرنىڭ تىبابەتچىلىك ساھەسىدە خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ھەم تىبابەت ئىلمىنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ بىر ئۆمۈر ياشاپ تۇرۇقلۇق ھېكىم بولالماسلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىشىگە قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى يېتىلگەن تىببىي ئالىم بولغان. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ گەپنى ھەرگىزمۇ مۇنداق كەسكىن قىلىپ ئېيتمىغان بولار ئىدى.

مۇئەللىپ يەنە ھاياتلىق، ساغلاملىق كېسەللىك ۋە ئۇنى داۋالاش ھەم ئۆلۈم ھەققىدىكى تىببىي قانۇنىيەت توغرىسىدىكى بايانلىرىدا ھەممىلا نەرسىنى تەقدىرگە باغلاپ قويىدىغان خۇراپىي كۆزقاراشنى رەت قىلىپ، كېسەللىك ھالەتنى داۋالاش ئارقىلىق ساقايتقىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ توغرا چارىسى مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش بىلەن كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر، دېگەن ئىلمىي خۇلاسىنى چىقارغان. شۇنداقلا تەدبىر — تەقدىرنى ئۆزگەرتكۈچى مۇھىم ئامىلدۇر دېگەن تىبابەت ۋە تەبىئەتشۇناسلىقنىڭ قارىمۇ قارشىلىق بىرلىك قانۇنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋىلىك كۆزقارىشىنى ئاقىلانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك، مۇئەللىپنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىنى باشقا ئىلىملاردىنمۇ ئۈستۈن قويغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، يېتىلگەن تىببىي ھېكىمى ۋە ئالىمى ئىدى دېيىشىمىزگە تولۇق ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەتتا چۈش كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا تەبىر بېرىش مەسىلىسىدىمۇ تىبابەتچىلىك ئىلمى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

5999 ئۆرۈۋەرمە چۈش دەپ چۈشنىڭ ھەر بىرى-
نى ئالىم، بۇ چۈشنىڭ كۆپتۇر تەبىرى.

6000 ئۆرۈۋەرمە چۈشنى، بىلىم بىرلە ئۆر،
قىياسەن مەنىسىنى چۈشىنىپ كۆر.

6006 يەنە بىر چۈشكى، ئۇ پەسلگە قارار،
كۈچەيسە تادۇسى ئاڭا ئۇ باقار.

6007 باھار پەسلى بولۇپ، كىچىك بولسا ئەر،
كۆرۈنسە قىزىل ھەممە ھەم قوڭۇر يەر.

6008 ئۇنىڭ قانى كۈچەيگەن بولۇر بەلگىلىك،
دېگىن سەن ئۇنىڭكى قېنىن ئالغۇلۇق.

ئى. پ. پاۋلوۋ چۈش كۆرۈشنىڭ ئاساسىنى: «ئىل-

گىرىكى تەسىراتلارنىڭ نېرۋىدا قالدۇرغان ئىزلىرىنىڭ
قانداقتۇر كۈتۈلمىگەن بىر تەرىقىدە بىر - بىرىنى بى-
لەن باغلىنىشىدۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ۋە تېبىبىي ئالىم يۈسۈپ
خاس ھاجىپ بۇ مىسرالار ئارقىلىق چۈشنىڭ تەبىرى
كۆپ، لېكىن ئۇنى بىلىم ۋە تەپەككۇر بىلەن ئۆرگىنىش،
چۈش كۆرىنچە «تادۇ»غا قاراپ بولىدۇ. ھەر قايسى ياش-
تىكى كىشىلەرنىڭ ھەر قايسى پەسىللەردە كۆرگەن چۈش-
لىرىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ مىزاجىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى،
كېسەللىك ئالامەتلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ تېبابەت
ئىلمىنىڭ دىئاگنوستىكا قىسمىنى شەرھىلەيدۇ. يەنە
بىر تەرەپتىن، قەدىمكى تېبابەتچىلىكتە قان ئېلىش ئار-
قىلىق داۋالاش، مەسىلەن، تىل ئاستى كۆك قان تومۇر-
دىن قان ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى، قەيت قىلىشىز
تېبابەت ئىلمىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىدى. بۇ ئۇسۇل
يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشى چۈشىدە سېرىق ياكى
ئالقانسىمان ئۇۋاق نەرسىلەرنى كۆرسە، ئۇنىڭ سەپراسى
(قۇرۇق ئىسسىقى) ئېشىپ كەتكەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ-
نىڭغا قارىتا يانتاق شېكىرى ۋە سۈرگە دورىلىرىنى بې-
رىش لازىم. ئەگەر ئوتتۇرا ياش ئەرلەر كۈز پەسلى-
دە ئويمان - دۆڭ، ھاڭ - قۇدۇق ۋە تاغقا ئوخشاش
قارا رەڭلىك نەرسىلەرنى كۆرسە، ئۇنىڭ سەۋداسى (قۇ-
رۇق سوغۇقى) ئاشقان بولىدۇ، ئۇنىڭغا قارىتا مېڭىنى
ساپلاش (نېرۋا پائالىيىتىنى ياخشىلاش) چارىسى

قىلىش لازىم، دەيدۇ. ئۇ يەنە قىش پەسلىدە قېرى كىشىلەر ئىچىۋاتقان سۇ ياكى قار، مۇز، تولبىغا ئوخشاش ئاق رەڭلىك نەرسىلەرنى كۆرسە، ئۇنىڭ بەلغىمى (ھۆل سوغۇقى) ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭغا قارىتا ئىسسىقلىق يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن تەڭشەش لازىم، دەيدۇ.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر تىبابىتىدە سەپرانى سۈرۈش بىلەن، سەۋدانى تازىلاش بىلەن، قاننىڭ قويۇقلىشىشىنى قان ئېلىش بىلەن، بەلغەمنى سۇيۇلدۇرۇش بىلەن داۋالاش ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى داۋالاش چارىسىدۇر.

ئەمدى بىز خوراپاتلىق ئارىلاشقان «تەبىرنامە» دېگەن رىسالىدىكى چۈش تەبىرلىرىگە قاراپ باقايلى: «ئېرىق، ئۆستەڭ، دەريا كۆرسە، كەسپىي تىجارىتى راۋان بولۇشىنىڭ بىشارىتىدۇر. ئۇن تارتىپ چۈش كۆرسە، پۇل - مېلى كۆپ بولۇشىنىڭ بىشارىتىدۇر. قارا كېيىم كىيىپ چۈش كۆرسە، چوڭ بىر قايغۇغا ئۇچراشنىڭ بىشارىتىدۇر...» دېگەن ئىلاھىيەت كۆزقارىشىدىكى چۈشەنچىلەرنى ھازىرمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن داستانىمىزنىڭ 77 - بابىدىكى چۈشكە بېرىلگەن تەبىرلەرنىڭ قانداقتۇر «چۈش تەبىرى»، «تەبىرنامە» دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرگە تۈپتىن قارىمۇ - قارشى ھالدا خېلىلا ئىلمىيلىكى بولغان تەبىرلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغان تۆت خىلىت كۆز

قارشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا قەدىمكى تېبابەتچىلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «تۆت تادۇ» (ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق) ۋە ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى بولغان تۆت خىلىت (قان، بەلغەم، سەپرا، سەۋدا) نىڭ قارىمۇ قارشىلىق بىرلىكى ۋە ئۇنىڭ بىر - بىرىگە تەقەززالىقى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تۈپكى قارىشىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياشىغان دەۋرى XI ئەسىر قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇش بىلەن بىللە ئىسلام دىنىمۇ راسا كۈچىيىۋاتقان بىر ۋاقىت ئىدى. بۇ دەۋر خۇددى ف. ئېنگېلس: «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئوتتۇرا ئەسىردە ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ باشقا بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا، شۇ چاغدىكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئىلاھىيەت تۈسىنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى» دېگىنىدەك بىر دەۋر بولۇپ، مۇشۇنداق بىر دەۋردە ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي چەكلىمىلىرىدىن ئۈزۈل - كېسىل ھالقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇڭا، بىز «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئۆگىنىشىمىزدە ۋە تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ھەزمۇنلارنىمۇ تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسىدا شاكىلىنى

چىقىر ئۆتۈپ، مىغىزىنى ئېلىش پرىنسىپى بويىچە ئۆگە-
نىشىمىز ۋە ئۆنسىدىكى پايدىلىق پىكىرلەرنى ئۆبىزىر تە-
بابەتچىلىكىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا خىزمەت قىلى-
دۇرۇشىمىز لازىم. بۇ، ھەر بىر تىببىي خادىم ئۆتەشكە
تېگىشلىك بۇرچتۇر.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە

ئابلىمىت رەخىم

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ۋاراقلىشىمىز بىلەن مۇئەللىپ بىزنى «ئادىل قانۇننىڭ سىمۋولى» — ئېلىك (شاھ) كۈنتۇغدى، «بەخت سائادەت سىمۋولى» (ۋەزىر) ئايتولدى، «ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى» (ۋەزىرنىڭ ئوغلى) ئۆگدۈلمىش، «قانائەت سىمۋولى» (زاھىت) ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت ئوبرازنىڭ سۆھبىتى ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، ئەسەر دۇنياغا كەلگەن ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي رىئاللىق ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن خەۋەرلەندۈرىدۇ. بىز بۇ ھېكمەتلىك ئەينەك ئارقىلىق ئۇلۇغ ئەدىب، مۇتەپەككۇر شائىر ۋە ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن دۆلەت، سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيەلەردىن ئىبارەت پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسى بىلەن تونۇشىمىز ھەمدە «قۇتادغۇ بىلىك» بايانىغا مۇجەسسەملەنگەن ئىدىيە كۆزقاراشلارنىڭ يادروسى ھوقۇق پەلسەپىسى — دۆلەت ماشىنىسىنى ئادىل، مۇستەقىل قانۇن

بىلەن ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت دېگەن خۇلاسىگە كې-
لىمىز. قانۇننىڭ قانداق بولۇشى مەۋجۇت بىر دۆلەتنىڭ
تەقدىرىگە، ئۇنىڭ ياشىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىغا مۇ-
ناسىۋەتلىك تۈپكى مەسىلە بولغانلىقتىن، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ نۇرانە قەلب كۆزى بىلەن ئۆتمۈشنى يەكۈن-
لەپ، ھازىرقىنى ئەينەن كۆرۈپ، يىراق كەلگۈسىگە
ئاقىلانە قاراپ، «قۇتادغۇ بىلىك» سەھىپىلىرىدىن دۆلەت-
نى نېمە بىلەن، قانداق باشقۇرۇشقا دائىر نىگىزنىڭ
ئىشقا كەڭ ۋە ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن ھەمدە دۆلەت-
نىڭ بېشى بولغان پادىشاھ (ئايىتۇلدى كۈنتۇغ-
دى)نى ئادالەتلىك قانۇننىڭ سىمۋولى قىلىپ تىكلىگەن
ۋە ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت يولىنى يورۇتۇپ بەر-
گەن، قالغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا چېپىلاشتۇرۇپ بايان
قىلغان. مانا بۇنىڭدىن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇھىم مەز-
مۇنلىرىدىن بىرى قانۇنچىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز
تەس ئەمەس. شۇڭا، مەن بۇ ماقالەمدە پەقەت يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىنىڭ بەزى تە-
رەپلىرى ئۈستىدىلا ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى كۆزقاراشلىرىم-
نى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى قانۇنشۇناسلىق نە-
زەرىيىسى قاراخانىلار دەۋرىدىكى رېئال جەمئىيەت،
تۇرمۇش، زىددىيەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن
زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەسەردە نۇر چېچىپ تۇر-
غان ئادالەتلىك قانۇن — دۆلەت باشقۇرۇش قانۇنى ئانا
قانۇن (بۇ، بىز ھازىر يۇرگۈزۈۋاتقان كونستىتۇتسىيە-

نىڭ شۇ دەۋردىكى غايىۋى سىماسى) ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۇغۇلىدىغان جىنايى ئىشلار قانۇنى، نىكاھ، بالىلار تەربىيىسى قاتارلىق قىسمىتى ناھايىتى چوڭ بولغان قانۇنچىلىقنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەمئىيەتكە ۋە خەلققە ئازارلىق بەرمىگەن، ئەلنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان يامان ئادەملەرنى تازىلاش ۋە مۇۋاپىق تەربىيە بېرىپ ئۇلارنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەرلىك كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

1

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئادالەتلىك قانۇن تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت.

قانۇن — ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان، يولغا قويۇشقا دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش كۈچى كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەرىكەت قائىدىسى دېمەكتۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، قانۇننىڭ ماھىيىتى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى ئىكەن. بۇ — ھاكىمىيەت قايسى سىنىپنىڭ قولىدا بولسا، ئۇنىڭ قانۇنى شۇ سىنىپنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىدۇ. بۇ، قانۇن دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن رېئاللىق. شۇڭا چوڭقۇر پىكىرلىك يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇندىن 900 يىللار ئىلگىرىلا شۇ دەۋر ئەمەلىيىتىدىن بۇ ھالنى كۆرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بىلەن

باشقۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا ئالدى بىلەن قانۇننىڭ ئادالەتلىك قانۇن بولۇشىنى تەكىت قىلغان. چۈنكى، بارلىق زۇلۇم، ئېزىش ۋە تەڭسىزلىكلەرنىڭ تۈپ مەنبەسى ئادالەتسىزلىك دەپ قارىغان. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئادالەت مەيدانىدا باشتىن ئاياغ چىڭ تۇرغان ۋە قانۇننىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپ يازغان:

1458 قانۇننى تۈز ياخشى قانۇن تۈزگۈچى،
يامان تۈزسە بولۇر تىرىك ئۆلگۈچى.

2171 پۈتۈن پەزىل بولسا جىمىدىن ئۈستۈن،
بېرەلسۈن ئەنە ياخشى قانۇن.

3461 قانۇنلۇق ئادىل بەگ چىندىن بەخت ئېرۇر،
ئۇ بەختتىن ھەممىگە نەسىبە تېگۈر.

3463 ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464 يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

5471 تۈزەپ دىلنى پاكلاپ، تېۋىن ھەققە سەن،
ئادالەت ۋە شەپقەتنى قىل خەلققە سەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ باپلىرىدا ئادىل بىلەن دۆلەتنىڭ سەركىسى بولغان بەگ (پادىشاھ) نى ئادىل قانۇن تۈزۈشكە چاقىرىدۇ ھەم ئادىل قانۇننى دۆلەتنىڭ يىقىلىپ چۈشمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان تۈۋرۈك دەپ ئۇلۇغلايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە قانۇن ئادىل بولمايدىكەن، ئۇنداق قانۇننى تۈزگۈچىنىڭ پەزلى-كەرەمى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن خەلققە مەنپەئەت تەگمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بەختتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى كېسىپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆرەش ۋە ئېلىشىشلارنىڭ مەقسىتى ۋە نىشانى ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ بەرگەن. ئۇ يەنە بەگلىك (خانلىق) نىڭ ئۇلى ئادالەت ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇلنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئادالەت يولىنى تۇتۇش لازىملىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن:

821 ئادالەت ئۈستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

2136 گەر قايسى بەگ خەلققە قانۇن بەرمىسە،
خەلقنى كۆزەتمەي، يېگەنلەر يېسە.

2137 بۇزۇلۇپ ئېلى، ئۇ خەلققە چاچار ئوت،
بۇ بەگلىك ئۇلى بولغاي شەكسىز نابۇت.

2036 تۈزەپ بەگ كۆڭۈلنى يۈرۈتسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، تۇرار بەك ئۇزۇن.

بۇ، ئادالەت بولمىغان ئەلنىڭ بىر تەپسە ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان يىلتىزسىز دەرەختەك ھاياتىي كۈچى يوق ياكى سەكراتتىكى ساقايماس كېسەلدەك جىنازا كۈتۈپ تۇرغان بىر ئۆلۈمتۈك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

## 2

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇنشۇناسلىقىدا ئالغا سۈرۈلگەن ئاچقۇچلۇق ئىدىيە دۆلەتنى ئادالەتلىك قانۇن ئاساسىدا باشقۇرۇش بىلەن بىللە «قانۇن ئالدىدا شاھ-قۇلمۇ باراۋەر بولۇش» تىن ئىبارەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىدىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئۆز سۆزىنى قانۇن قىلىۋالغانلىقىنى، گەرچە بەزى مىزانلار بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزىنى بۇ مىزانلاردىن سىرتتا قويغانلىقىنى، بۇنىڭغا قارىتا ئاۋام خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى بايقىغان، ھەتتا كۆرگەن. شۇڭا «مىزان» ھەممە ئۈچۈن كۈچكە ئىگە بولغاندىلا ئەلنىڭ ئاۋات، خاتىرجەم بەرقارار بولىدىغانلىقى، ئەكسىچە قانۇن ئۆز قۇدرىتىنى ھوقۇقدار ۋە نوچىلارغا كۆرسىتەلمىگەندە، يۇرتنىڭ خارابلىقى ۋە تىنچسىزلىقىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى تەھقىقلەپ، ئادالەتلىك قانۇننىڭ كاپالىتى «قانۇن ئالدىدا ھەممە باراۋەر بولۇش» ئىكەنلىكىنى،

مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن قانۇننى ئادالەتلىك قانۇن دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. ئۇ، بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

800 ئادالەت ۋە قانۇن ئۆزۈم مەن، قارا،
قانۇننىڭ ۋەسپىنى بۇلاردىن سورا؛

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

816 بۇ قاشىم تىرۇكى، بۇ كۆركسىزلىكىم،
زۇلۇم قىلمىغۇچىغا بۇ يۈزسىزلىكىم.

817 كېرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

مۇئەللىپ بۇ مىسرالاردا ھەر قانداق ئادەم جەمئىيەتتىكى تۇتقان ئورنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە يۇقىرى - تۆۋەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھامان ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ بىر پۇقراسى، دۆلەت قانۇنى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ياكى ۋەزىپىسىگە قاراپ ئەمەس، ئۇنىڭ جىنايىتىگە قاراپ ئىشلىتىلىشى كېرەك دېگەننى تەيسەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ،

ئۆز دەۋرىنىڭ ئىبىگىلىمەس، سۇنماس ئادالەتپەرۋەر چەكچىسى بولۇپ قالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە پادىشاھ - خانلارنىڭ قانۇن - تەرتىپلىرىنى ناھايىتى چىرايلىق تۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ خىلاپلىق قىلغانلىقىنى قاتتىق قامچىلاپ تەنقىدلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تۈزگەن قىلنۇنىنى ئۆزى بۇزۇش بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىش نەتىجىسىدە قانۇن - نىزاملارنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ھەقىقەتنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ بۇ خىل جەمئىيەت ۋە بەگلەردىن بىزار بولغانلىقىنى مۇنۇ مىسرالار بىلەن كۈچلۈك قەيت قىلىدۇ:

6492 ئۆزگەردى جىمىكى نىزام ۋە قانۇن،
قارا بىرلە ئاق بولدى پەرقسىز پۈتۈن.

6599 تاپالمىدىم مۇندا ئۆزگە ياخشىلىقىنى،
شەھەر - يۇرتنى تاشلاپ، كىشىدىن قاچاي مەن.

6601 چاياندەك چاقۇرلەر، چىۋىندەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايسىسىنى ئۇراي مەن.

6603 ماڭا كەلسۇن ھەممە جەۋرۇ - جاپالەر،
بۇ كۆستاخ، پەسلەردىن يىراقراق تۇراي مەن.

بىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، 1966 - يىلدىن

باشلاپ ئون يىل داۋام قىلغان بالايى ئاپەتلىك يىللاردىكى قانۇن - تۈزۈمنىڭ ئېيتقۇسىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىدەك پاجىئەلىك كۈنلەرنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان ئەينى دەۋردە پادىشاھلار، خانلار، ئەمەلدارلار قانۇننى كۆتۈرۈۋېلىپ، شۇ قانۇننى بۇزغان بولسا، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىمىزدىمۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تىن ئىبارەت بەزى قارا نىيەت كىشىلەر پارتىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، پارتىيىنى ئىنكار قىلدى. قانۇننى، يەنى سوت، تەپتىش، ج. خ. دىن ئىبارەت دىكتاتۇرا قوراللىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز ئىرادە ۋە خاھىشلىرىنى چېقىش قىلغان سۆزلەرنى قانۇن قىلىپ بېكىتىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرىگە، سانسىزلىغان پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارغا، زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. بۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ۋەھشىيانە ئىشلىرىنىڭ ئورغۇنلىرى ئوتتۇرا ئەسىر رەھىمسىز فېئودال پادىشاھلارنىڭ قىلمىشىدىنمۇ ھالقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئورغۇنلىغان پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار، زىيالىيلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزمۇ ئۇ جەمئىيەتتىن بىزار بولغان ئىدى.

بۇ خىل ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي ئامىل نېمە؟ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، قانۇننى بۇزغانلىقتىن ئىبارەتتۇر.

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، قانۇننى دەپسەندە قىلىش ۋە بۇزۇش-

نىڭ نەقەدەر خەۋپلىك ئەھۋال ئىكەنلىكىنى تولۇق مۆلچەرلىشىمىز لازىم.

3

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئۈستىدە توختالغىنىدا، گەرچە ئۇ راۋاجلىنىپ مۇكەممەللەشكەن فېئوداللىق خانلىق تۈزۈمدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ زور ئىشى — جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى بولغان يېڭى بىر ئائىلىنىڭ بەرپا بولۇپ، ئىنسان ھاياتىنىڭ يېڭى مەزمۇنى باشلىنىدىغان نىكاھ مەسىلىسىنى يادىدىن چىقارمىغان، بەلكى بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان ئىلغار ئىدىيىۋى پىكىرلەرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاتا - ئانىلارنى نىكاھ يېشىغا يەتكەن ئوغۇل - قىزلىرىنى ۋاقتىدا نىكاھلاندۇرۇشقا ئۈندىگەن. مۇنداق قىلماسلىق ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈزى چۈشىدىغانلىقىنى، ئۇرۇقنى تولدۇرۇۋالغۇسىز يوقىتىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى، بۇ ئۇلۇغ بۇرچ ۋە قەرزنى ئادا قىلغان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق يۈزىنىڭ يورۇق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

4507 ئوغۇلنى ئۆيلەندۈر، قىزنى ئەرگە بەر،
ياشا دەرد - ئەلەمسىز ئايا قۇتلۇق ئەر.

4510 قىزىڭ ئۆيدە ئەرسىز ئۇزاق تۇرمىغاي،
ئۆلەرسەن پۇشايماندا سەن ئاغرىماي.

4523 نىچە مىڭ جەسۇر ئەر يىگىتلەر ئۆزى،
خوتۇنلار تۆپەيلى قۇرىدى يىلتىزى.

4506 ئوغۇل - قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەب،
بېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ.

4508 پەزىلەتنى قويماي ئوغۇلغا ئۆگەت،
ئاڭا مال بەرگۈسى يىغىپ پەزىلەت.

4509 ئوغۇلنى بىكار - بوش يۈرمە سەن قويۇپ،
بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ.

4524 تالاي ئابرويلۇق، قىزىل يۈزلۈك ئەر،
خوتۇنلار تۆپەيلى ئۆزى بولدى يەر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ بايانلىرى بىزنىڭ ھازىرقى سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولغان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى بېقىش، تەربىيىلەش، ئۇلارنى جەمئىيەت ئۈچۈن ياراملىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشىدا ئىنتايىن زور قىممەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇنىڭدىن يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاجايىپ دانىشمەنلىك بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغان ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ياخشى بولۇشىدىكى، قانۇنىمىز ھەرىكەتلىرىنىڭ يۈز

بەرمەسلىكىدىكى ئالدىنقى شەرت — ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەش ۋە بىرەر كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش ئىكەنلىكى، بىكار لاغايلاپ يۈرۈش — ئىنسان ئۆزىنى قەدىرسىزلىككە ئاپىرىپ قويۇش ئىكەنلىكى، ئۇنداق ھاياتنىڭ بىمەنە ھايات بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئاقىۋىتى چىرىش-چىرىتىش بولىدىغانلىقى، تىنقىسى بىرەر توغرا ئىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق بالايىئاپەت (جىنايەت) نىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ ئىدىيە تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يەلكىنىنى كەڭ يېيىپ، ئۇچقاندەك ئۆزگىرىۋاتقان سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئاتا-ئانىلارغا پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان جەڭگىۋار چاقىرىقىغا ھەمدەمدۇر.

4

قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى خاتالاشقانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە يۈرگۈزۈۋاتقان ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىنسانپەرۋەرلىك سىياسىتىگە مايىلدۇر.

ئۇلۇغ قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇنغا يۈزلىنىپ، خەلقنى ۋە جەمئىيەتنى تۈزەشنى، جىنايى

ئىشلار جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە تۇتۇش، نەزەر-بەنتكە ئېلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئېتىبار بېرىپ (ئۇلارنىمۇ ئادەم دەپ بىلىپ) تەربىيىلىسە، ئۇ جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزگىرىپ يېڭىباشتىن ياخشى ئادەم بولىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرمىگەن. بىز بۇنى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى مۇنۇ مىسرالار بىلەن دەلىللەيمىز:

5498 تۈزەت قانۇن بىلەن سەن خەلقنى تولۇق،
بولۇنسۇن يارامسىز قىلىق ئەلدە يوق.

5527 تۈزەر خۇينى يامان، ئۇ تۇتۇلسا خار،
قىلىقنى تۈزەر ياخشى، بەرسە ئېتىبار.

5

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئۆزۈل - كېسىللىك ئىدىيىسى ھازىرمۇ بىز ئۈچۈن بىر ئۆرنەكتۇر.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈم سۈرگەن بالايىئاپەتلىك ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ كاشىلىسى بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلىش ئورۇنلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئىش بېجىرىش تەرتىپلىرىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى. دەۋاگەرلەر يىل - يىللاپ ئوياق - بۇياققا قاتراپ يۈرۈپمۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلالماي، شۇ چاغدىن قەپقالغان، ھازىرغىچە بىر ياق-

ـلىق قىلىنمىغان ئەنزە ئەھۋاللىرىنى يوق دېگىلى بولـ
ـمايدۇ. يۈسۈپ خاس هاجىپ ھەقىقىي قانۇنشۇناسقا خاس
ـجاسارەت بىلەن مۇنداق سۆرەلمىچىلىككە قاتتىق ئىنكاس
ـقايتۇرىدۇ، تەنقىد قىلىدۇ. پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولمـ
ـىغاندا، قانۇن بويىچە بېجىرىلىدىغان ئىشلار قانۇندا بەلـ
ـگىلەنگەن ۋاقىت ۋە قانۇن ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەر
بويىچە كەسكىن بېجىرىشنى دەۋەت قىلىدۇ. يۈسۈپ
خاس هاجىپنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن
ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

پىچاقتەك كېسەرمەن، پىچىپ ئىشنى، 811
ساقلاتماي دەۋاغا كەلگەن كىشىنى.

نېچۈن ئۇزارتۇرسەن قىلۇر بۇ ئىشىڭ؟ 5501
تولا سوزما ئىش قىل، كېتەر بۇ يېشىڭ.

بۇ كۈن قىلمىساڭ، ئەتە يەنە ئىش بولۇر، 5502
ئىش ئۆززە ئىش ئۇلىسا يىغىلىپ قالۇر.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتە ئۈچۈن قويمىغىل، 5503
ئەتە ئىش بولسا، ئۇ قالۇر يەنە، بىل.

تۈزەپ تۇر، سۈرۈپ تۇر بۇ ئەل ئىشلىرىن، 5504
كۆرەرسەن ئەتە ئەل بىلەن ھۇزۇرىن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئوتتۇرا ئەسىر قاراخانىلار دەۋرى مۇنبىرىدە كۆزگە كۆ-
رۈنگەن قانۇنشۇناس، دېموكراتىك ئەرباب بولۇپ، ئۇ-
نىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسى بىلىملىك پادىشاھ (بەگ)، ئە-
قىل - پاراسەتلىك، قابىلىيەتلىك، ئەخلاق پەزىلەتلىك،
مەرىپەتلىك، ھەققانىيەتچىل خادىم ۋە ئەمەلدارلاردىن
تەركىب تېپىشى ھەمدە ئادالەتلىك قانۇنلار بىلەن ئىدا-
رە قىلىنىشى، دۆلەتنىڭ مەقسىتى ۋە خىزمەت نىشانى
پۈتۈن خەلق، ھەر قايسى تەبىقىنى ئىناقلاشتۇرۇپ، ئۇ-
لارنى بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇشقا سازاۋەر قىلىش-
تەك گەۋدىلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي كۆزقاراشلىرى
قانۇننىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنىڭ مۇ-
ھىملىقىنى ئىنكاس قىلىپ بېرىدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ
ئىدىيىلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۇغۇلۇپ راۋاجلانغان دۆ-
لەت ئاپپاراتلىرىنى زىيالىيلاشتۇرۇش، خەلقچىللاشتۇ-
رۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى كۆزقاراشلار ئۆز
دەۋرىگە نىسبەتەن كۈندىنمۇ روشەن ئىلغارلىق بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ دەل ئىسلاھات دەۋرىدە كېتىۋاتقان
بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ مۆلچەر-
لىگۈسىزدۇر.

## «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئىلىم - پەن كۆزقارىشى توغرىسىدا

### توختىخان ئەمەت

ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ۋە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ مەھسۇلى. شۇنداقلا ئۇ، كلاسسىك ئەدەبىيا-تىمىز خەزىنىسىدىكى جاھانغا مەشھۇر قىممەتلىك. يۈ-قىرى سەۋىيىگە ئىگە بۈيۈك قامۇستۇر. بولۇپمۇ بۇ داس-تان مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تېما دائىرىسىنىڭ كەڭ-لىكى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى جەھەتتە مىللىي ئەدەبى-ياتىمىز تارىخىدا، شۇنداقلا شەرق ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن ئالغان يېرىك بەدىئىي نەمۇنە ھېساب-لىنىدۇ.

XI ئەسىردە قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدە جەھ-ئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-سىۋەتتە يېڭىچە ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن ئىدى. جەمئى-يەت ئۈستقۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەخلاق،

قائىدە، ئىنتىزام، قانۇن، پرىنسىپلار كىشىلەر ئوتتۇرىسى-
دىكى يېقىن مۇناسىۋەتلەرنى، مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە
كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈردى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ
ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئېچىپ بې-
رىش شۇ دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە ئېھتىياجى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار جەم-
ئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي
ۋە تەلىم - تەربىيە، ئىلىم - پەن كۆزقارىشى قاتار-
لىق ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەر
ئۈستىدە ئىنچىكە، پىششىق ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئې-
لىپ بېرىش ئارقىلىق ئىگىلەپ چىققان ماتېرىياللارنى
ئىلمىي قاراش بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇپ چىقتى. يەنى
ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇ-
لىرى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋە-
پىلىرى، ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي پەزىلە-
ۋە ئۇلارنىڭ شەرتلىرى قاتارلىق دۆلەتنىڭ ئىچكى قۇ-
رۇلمىسىغا دائىر مەسىلىلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چوڭ-
قۇر پەلسەپىۋى كۆزقاراش بىلەن يورۇتۇپ بەردى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئاپتور دۆلەت باشقۇ-
رۇش يوللىرى ۋە پەلسەپە، ئەخلاقىي قاراشلىرىنى سىم-
ۋوللۇق ئوبرازلارنى يارىتىش ئارقىلىق بايان قىلىدۇ.
ئەسەردىكى ئوبرازلاردىن پادىشاھ كۈنتۇغدى — دۆلەت
قانۇنىغا، ۋەزىر ئايتولدى — بەخت - سائادەتكە، ۋە-
زىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش — ئەقىل - ئىدراككا، ۋە-
زىرنىڭ قېرىندىشى ئودغۇرمىش — قانائەتكە سىمۋول

قىلىنىپ، ئەسەردىكى ۋەقەلىكنى باشتىن ئاخىرى تۆت
ئاساسلىق پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋاب ۋە
مۇنازىرىلەر ئارقىلىق ئېچىپ بەردى. ئاپتور مۇشۇ سو-
ئال - جاۋابلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆزقا-
راشلىرىنى ئەسەر ۋەقەلىكىگە سىڭدۈرۈپ، پادىشاھ ۋە
ئوردا ئەمەلدارلىرىغا پايدىلىق نەسىھەتلەرنى ئوتتۇرىغا
قويدى. شۇنىڭدەك، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى سى-
نىپ - تەبىقىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە رو-
لى توغرىسىدا ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزدى.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»
داستانىدا ئىلىم - پەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى
تۈرتكىلىك رولىنىمۇ ناھايىتى روشەن نامايان قىلىپ
بەردى. شۇنداقلا ئىلىم - پەننىڭ بىردىنبىر توغرا
ھەقىقەت ئىكەنلىكى، ئىلىم - پەننىڭ كۈچ - قۇدرىتى
ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادەتكە ئېرىشەلەيدى-
غانلىقى، بىلىم — ئىنساننىڭ ئەقىل مېۋىسى، مەنىۋى
ھاياتىنىڭ ئوزۇقى ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق شەرھلەپ
كۆرسەتتى. ئالىم ئۆز ئەسىرىدە ئاساسەن خانلىقنى ئى-
لىم - مەرىپەت ئۈستىگە قۇرۇشنى، خەلققە بىلىم
بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشنى، مەملىكەتنى ئەقىل -
ئىدراك بىلەن ئىدارە قىلىشنى، جەمئىيەتتىكى ناچار
ئىللەتلەرنى ئىلىم - پەن ئارقىلىق تۈزىتىشنىڭ لازىملى-
قىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ
باشلىقى بولغان خاننىڭ يۇقىرى مەلۇماتلىق، پەم - پا-
راسەتلىك ۋە يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتلىك بولۇشىنى

ۋەمىد قىلىپ شۇنداق دېدى:

217 جاھان تۇتقىلى ئەر ئۇقۇشلۇق كېرەك،
كېرەك يۇرت سوراشقا ئەقىل ۋە يۈرەك.

223 بىلىملىك، ئاقىل بەگ بولسا ئەل بېشى،
قىلىچ بىرلە تۇگەر بىلىمسىز ئىشى.

224 جاھان تۇتماق ئۇچۈن ئەرگە ئاڭ كېرەك،
ئەل - يۇرتنى سوراشقا بىلىم ئەڭ كېرەك.

بۇ مىسرالاردا شائىر بىلىمنىڭ، **ئەقىل** - پاراسەتنىڭ كۆچىگە ناھايىتى يۇقىرى، ئىلمىي يوسۇندا باھا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ، خەلققە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ تەقدىرىنى بىلىمگە باغلايدۇ ۋە جاھان تۇتۇشنىڭ، ئەل سوراشنىڭ ئاچقۇچى ئىلىم - پەن دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئارقىدىنلا يەنە ئاپتور دۆلەت ئورگانلىرىدىكى يېتەكچى خادىملار ئەمەس، بەلكى باشقا خادىملارنىڭمۇ ئوخشاشلا بىلىملىك، پەم - پاراسەتلىك بولۇشىنى بىردىنبىر شەرتلىك ئۆلچەم قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

2188 ئەقىللىك كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
سىلىقلىق كېرەك ھەم تېتىكلىك كېرەك.

2234 ۋەزىرلىككە بەكمۇ پۈتۈن ئەر كېرەك،
ئۇقۇملۇق، ساۋاتلىق، بەك ئاقىل كېرەك.

ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ مىسال-
لاردا شائىر ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ قوشكېزەك ئىكەنلى-
كىنى، مۇھىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كېلىپ، قانداق
كىشىلەرنىڭ ۋەزىر بولالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويسا،

2441 كۆزى توق، ھايالىق، نازۇكلۇق كېرەك،
تۈمەن خىل بىلىم ۋە زېرەكلىك كېرەك.

2487 ھاجىپىققا ئاۋۋال بۇ ئون نەڭ ① كېرەك،
ئىتتىك كۆز، قۇلاق ساق، كۆڭۈل كەڭ كېرەك.

2488 گۈزەل يۈز، بوي، تىل، ئاڭ، ئەقىل ۋە بىلىم،
خۇلق - مىجەز بۇلارغا تولۇق تەڭ كېرەك.

دېگەن مىسرالاردا كىشىلەرگە كۆزى توق، ھايالىق، نازۇكلۇق خىسلەتنىڭ سان - ساناقسىز باي بىلىمنىڭ كېرەكلىكىنى ھەمدە ئۇنى ئىگىلەيدىغان تىرىشچانلىق روھ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ، ئۆزى دېمەكچى بولغان ئوي - پىكىرنىڭ مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ شەرھلىسە، كېيىنكى ئىككى بېيىتتا يەنىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئۇلۇغ ھاجىپ بولىدىغان كىشى بەگنىڭ كۆرەر كۆزى، شۇڭلاشقا ئۇلۇغ ھاجىپ ئۆتكۈر كۆزگە، سەزگۈر قۇلاققا ئىگە بولۇشى، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولۇشى، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەتكە ۋە بىلىمگە ئىگە بولۇشى، گۈزەل سەنئەتلەرنى بىلىشى، گۈزەل كىتابلارنى يازالىشى ھەمدە ئىشنى بىلىم بىلەن ئىشلىشى كې-

① نەڭ — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) نەرسە.

رەك دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ-
لۇغ شائىر ئەلچى بولۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە قارىتا:

2597 بۇ ئەلچى بولۇشقا سەرە ئەر كېرەك،
بىلىملىك، ئەقىللىك، جەسۇر، تاغ يۈرەك.

2630 ئۇ بىلسۇن پەزىلەت خىلمۇ خىل تولۇق،
پەزىلەت قىلۇر ئەر يۈزىنى يورۇق.

2631 ئوقۇپ كۆپ كىتابلار، بىلسۇن ھەر سۆزى،
چۈشەنسۇن شېئىرنى ھەم يازسۇن ئۆزى.

2633 ئۇ بىلسۇن ھېساب ھەم گېئومېترىنى،
كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى.

دەپ يېزىپ، ئەلچى بولۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ ئۆز ماھارىتى بىلەن باشقىلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇشىنىڭ لازىملىقى، ئۇلارنىڭ كىتابلارنى كۆپ ئوقۇشى، مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىشى، شېئىرلارنى چۈشىنەلىشى، يازالىشى؛ ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، ئالگېبرا، گېئومېترىيە پەنلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى، ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئوبدان بىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مانا بۇلار بىزگە ئاجايىپ تالانتلىق ئالىمنىڭ ھەممە بىلىمدىن خەۋەردار ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2693 پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىق،
خېتى ئۆز، بالاغەتتە بەك يېقىملىق.

2780 خەزىنىچى بىلسۇن ئۇ تۈرلۈك بىتىك.
ئۇنى ساقلىسۇن ھەم ئۇ قىلسۇن ئىتىك.

2868 ئەقىللىك كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
تاماق ۋاقتى بولسا، تېتىكلىك كېرەك.

يۇقىرىدىكى مىسرالاردا ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر ئالىم دۆلەت باشقۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭلا بىلىملىك، ئەقىللىك بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىپلا قالماستىن، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ، يەنى پۈتۈكچى، خەزىنىچى، باش ئاشپەز قاتارلىقلارنىڭمۇ بىلىملىك، ئەقىللىك كىشىلەردىن بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش، ئوردا خىزمىتى ئۈچۈن لايىق كىشىلەرنى تاللاش توغرىسىدىكى قاراشلىرى، ئەلنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن ئىش كۆرۈش توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرى گەرچە ئاپتور ياشىغان شارائىتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمىغان بىر غايە بولسىمۇ، لېكىن شۇ جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى زور تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئىلغارلىق ۋە يىراقنى كۆرەلەيدىغان، تەڭداشسىز ئەقىل - پاراسەتلىك روھىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە يەنە دۆلەتنى تۈزەشتە، دۆلەتنى ئىلىم - پەن بىلەن باشقۇرۇشتا، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئالدى بىلەن تىرىشىپ بىلىم ئىگىلىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسەتكەن. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭ-

كو ۋە چەت ئەللەردە ئانىسىدىن تۇغۇلۇپلا بىلىملىك
بولۇپ قالغان بىرمۇ كىشى يوق. تارىختا ئۆتكەن نۇر-
غۇن ئالىملار، پەيلاسوپلار، يازغۇچى - شائىرلار تىرى-
شىپ ئۆگىنىپ بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق، ئاندىن ئۇلۇغ
مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. جەمئىيەتنى ئال-
غا ئىلگىرىلىتىشتە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ
تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشقان. كىشىلەرنىڭ ئىززەت -
ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. «ئىلىم - پەندە تۈپتۈز
يول يوق، پەقەت جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمىغان كى-
شىلەرلا پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالايدۇ» دېگەن
ھەقىقەتنى ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ خېلى بۇ-
رۇنلا چۈشەنگەن ۋە ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئىل-
مىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلىغان. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن، ئاجايىپ پاراسەتلىك بۇ ئۇلۇغ ئىنسان
ئۆز ئەسىرىدە ئۆز دەۋرىدىكى كىشىلەرگە قارىتا «ئەقىل-
لىك ھەم بىلىملىك بولۇش» تەلىپىنى قويۇپ، كىشىلەر-
نى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئالغا بېسىشنى، بىلىم ئىگىسى
بولۇشنى دەۋەت قىلغان. شۇنداقلا، ئىلىم - پەننى ئۇ-
لۇغلاش ئىرادىسىنى مەردانە جاكالىغان.

بىلىملىك تۇغۇلۇرمۇ ئانادىن كىشى، 1678
ۋە يا ئۆگىنەمدۇ يېتىلسە يېشى؟

ئانادىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار، 1681
بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇ تۆرگە چىقار.

4019 كىشى بىلىمىگەننى ئۆگەنسە بىلۈر،
بىلىش بىلەن ئىنسان تىلەككە يېتۈر.

211 كىشى كۆڭلى تۈپسىز دېڭىزدەك ئېرۈر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۈۋىدە ياتۇر.

212 دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۈنچە ساي تېشى.

دېگەن مىسرالاردا بولسا، كىشىلەرنىڭ تۇغۇلۇشتىن بىلىملىك بولمايدىغانلىقىنى، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىمگە، ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولالايدىغانلىقىنى، بىلىمنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئادەمنىڭ قەلبى تۈۋى يوق دېڭىز، ئىلىم بولسا ئۇنىڭ تېگىدە ياتقان ئۈنچە، كىشى جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق ئاشۇ ئۈنچىنى چىقارمىسا، ئۇنىڭ تاشتىن نېمە پەرقى بولسۇن دېگەن دانا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا ياشلىقنى بىكار ئۆتكۈزمەي تىرىشىپ ئۆگىنىشنىڭ لازىملىقىنى، «ئىست زايە قىلدىم تىرىكلىك ئاۋۇنچىنى، پۇشايماندا قان - ياشنى كۆزدىن تۆكتۈم» دېمەيدىغان بول دەپ دەۋەت قىلدى. شائىرنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىدا، ئۇنىڭ كىشىلىك دۇنيا توغرىسىدىكى قاراشلىرى بىلەن پەلسەپىۋى قاراشلىرى گۆش بىلەن قاندەك ئورگانىك باغلىنىپ كەتكەن.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە يەنە بىر قەدەم ئىلگى-

رىلگەن ھالدا ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق بەدى-
ئىي ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، بىلىم-
سىز كىشىلەر بىلەن بىلىملىك كىشىلەرنى سېلىشتۇرۇش
ئارقىلىق بىلىم ئىگىلەشنىڭ شەرەپلىكلىكىنى، بىلىمسىز-
لىكنىڭ نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى كونكرېت تەھلىل
قىلىپ:

كىشىدىن كىشىنىڭ تولا پەرقى بار، 201
بىلىمدۇر بۇ پەرق، سۆز شۇ ئۆزرە بارار.

دەپ يېزىش ئارقىلىق، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر-
نىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان جايلىرى ناھايىتى
كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش-
تە بىردىنبىر توغرا ئۆلچەم شۇ كىشىنىڭ ئىگىلىگەن
بىلىمگە قاراشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەكلىكىنى تە-
كىتلەيدۇ ھەمدە:

بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇغ، 152
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلنىمۇ تولۇق.

ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر، 154
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

دەپ يېزىپ بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى، پەقەت بىلىم ئىگىلىگەندىلا، ئۆزىنىڭمۇ ئالغا باسالايدىغانلىقىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن ھەسسە قوشالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ

كېيىنكى مىسرالاردا چوڭقۇر مەنىلىك ۋە ئوبرازلىق قىلىپ «ئەقىل» بىلەن «ئۇلۇغلۇق» نىڭ، «بىلىم» بىلەن «بۈيۈكلۈك» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي يوسۇندا يېشىپ چۈشەندۈرىدۇ. شائىر بۇ يەردە يەنىلا دانالىق بىلەن «بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك تاپۇر» دەپ بىلىمنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. شائىرنىڭ ئەينى زامانلاردا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ كۆزقارىشىنىڭ ئۇلۇغ ھەقىقەت ئىكەنلىكى كېيىنكى دەۋرلەردە نامايەندە قىلىنىپلا قالماستىن، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ نامايەندە قىلىنماقتا.

157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالىنمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۈر.

179 ئىنىقكى، بىلىمسىز بىر قارغۇ ئېرۇر،
بىلىمدىن نەسىپ ئال، بىلىمسىز، يۈگۈر،

975 بىلىمسىز كىشى كۆڭلى قۇمدەك ئېرۇر،
دەريا كىرسە تولماس، ئوت ئۈنمەس بولۇر.

985 بىكار سۆز بىلىمسىز تىلىدىن چىقار،
بىلىمسىزنى ئالىملار «ھايۋان» ئاتار.

1739 بۇ ھەممە بىلىمسىز كىشى قىلىقى ئول،
بىلىمسىز كىشىلەر پۈتۈن يىلقى ئول.

1780 بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن ئۆت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

4076 ئەقىلسىز كىشىلەر بىلىمنى بۇزار،
بىلىمسىز كىشى خەلقنى ۋەيران قىلار.

شائىر مانا بۇ مىسرالاردا بىلىمسىز كىشىلەرنى ئاغرىقلارغا، كۆزى ئۇچۇق قارىغۇلارغا، ئاڭسىز ھايۋانلارغا، ئۇلارنىڭ قەلبىنى بولسا ھېچنەرسە ئۈنمەس قۇمغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە ئورنىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشالمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن، ئەگەر مۇشۇنداق بىلىمسىز كىشىلەر دۆلەت ھوقۇقىنى ئىگىلەيدىغان بولسا، پۈتۈن خەلقنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، بىلىمسىزلىكنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك بالايىئاپەت ئىكەنلىكىنى پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. بىز ئالىمنىڭ يۇقىرىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى بويىچە، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىلىمسىزلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان خاندانلىقلاردا خەلقنىڭ خانىۋەيران بولغانلىقىنى، خاندانلىقنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى، ئازراق بىلىملىكلەر ھوقۇق ئىگىلىگەن خاندانلىقلاردا مەلۇم مەزگىل بولسىمۇ گۈللىنىپ ياشناش ۋەزىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھەتتا

هازىرمۇ ئىلىم ـ پەن سەۋىيىسى ئۈستۈن دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ ناھايىتى تېز ئىكەنلىكىنى، پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاستا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىلىمسىزلىكنىڭ، نادانلىقنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرۈۋاتقان زىيانلىرىنى ناھايىتى ئېنىق تونۇپ يەتكەن.

1710 بىلىمسىز بىلەن تۈرسا دەۋلەت ئەگەر،
بىلىملىكلە تۈرغاي ئاسىنى سېلىپ،

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بىلىملىك كىشىلەر دۆلەت باشقۇرسا خەلقنىڭ پاراۋان بولىدىغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇلۇغ شائىرنىڭ شېئىر شەكلىدە ئىپادىلىگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن، ئۇلۇغۋار ئوي ـ پىكىرلىرىدىن، يىغىنچاق پەلسەپۋى قاراشلىرىدىن، بىر كىشىنىڭ، ئەڭ ئاددىيسى ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ چىققاندىن تارتىپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش، تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، دۆلەت ـ ئەلنى گۈللەندۈرۈش دەرىجىسىگە يەتكەن ئاجايىپ ئىقتىدارى باشقا نەرسە ئەمەس، پەقەت ئىلىم ـ پەننىڭ كۈچ قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا

قويغان. شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجايىپ چوڭقۇر، مەنىلىك ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزىرىنى، يۈكسەك مەرىپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئەتراپلىق شەرھلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. ئاپتور يەنە:

209 بىلىم بىرلە سۆزلە پۈتۈن سۆزنى سەن،
بۇيۇك بىل بىلىمى بىلەن ئەرنى سەن.

254 كم ئاقىل خان ئولسا، بىلىمگە يېقىن،
قىلىپتۇر بىلىملىكنى ئۆزگە يېقىن.

4341 يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ئالىملار ئىرۇر،
ئۇلار ئىلمى خەلقنىڭ يولىن يورۇتۇر.

4342 قاتتىق سۆي ئۇلارنى، قەدىرلە سۆزىن،
تولا ياكى ئازدۇر ئۆگەن بىلگىنىن.

5520 بىلىملىك، ئەقىللىك بولسا پاك يۈرەك،
بېرىپ مال، قەدىرلەپ، ئاۋايلاش كېرەك.

دېگەن مىسرالاردا ئالىم ھۆكۈمران سىنىپلاردىن ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى ھۆرمەتلەشنى تەلەپ قىلغان. بىلىملىكلەرنى ئاسراش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، بولۇپمۇ دۆلەت باشقۇرۇشتا بىلىملىكلەرنى باشقۇرۇش، بىلىملىكلەرنى مۇۋاپىق ئىشقا قويۇش، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زىيالىيلار-

نىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تۇتىدىغان ئورنىغا ناھا-
يىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.

يۇقىرىقىلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى قەدىرلەش ئىدىيىسى. مەلۇمكى، فېئودال ھۆكۈمرانلار پۇقرالارنى «نا-
دان تۇتۇش سىياسىتى»نى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن دەۋردە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇنداق يېڭىلاش روھىغا ئىگە بولۇشى ناھايى-
تى قىممەتلىكتۇر. ئاپتور يەنە:

3324 كىشىكىم، نە ئىشتا بولۇر ئارزۇۋار،
قەدەمدە ئۇ ئارزۇ بولۇر ئاڭا يار.

3325 تىلەك بىرلە ماڭسا، يىراق يەر يېقىن،
يۈزىنى كۆرۈپ جان ئىگەسىن تاپار.

دېگەن مىسرالاردا كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگىلەشتە ئۈمىدۋار بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى، بىلىم ئىگىلىگەندىلا كائىناتنىڭ سىرىنى ئاچقىلى بولىدىغانلىقىنى، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆز بىلەن كۆرۈش ئىم-
كانىيىتىنىڭ يارىتىلىدىغانلىقىنى، يىراق مۇساپىنىڭ يېقىنلايدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىماللىقى بولغان نۇرلۇق كېلەچىكىنى تە-
سەۋۋۇر قىلغان.

2719 تولا ياخشى پەزىلەت بىلىم بىلسە ئەر،
تېخى ئارتۇق پەزىلەت قىلىچ ئۇرسا ئەر.

2720 ئۆتۈلغاي قىلىچلە تولا ياخشى ئەل،
قەلەم بىرلە تۈزەپ، تىلەككە يېتەر.

بۇ بېيىتلار ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىزنىڭدا ئالىم بىلىملىك بولۇشنىڭ ئۆزىنىمۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر خىل ئالىي پەزىلەت دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭدىن ئارتۇق پەزىلەتنىڭ يوقلۇقىنىمۇ، مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. كېيىنكى بېيىتتا بولسا، ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ كامالەت تېپىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇ كىشىلەر ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز ئارزۇ - تىلەكلىرىگە پەقەت قەلەم (بىلىم) بىلەن يېتەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئىلمىي ئاساستا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن غايىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

3075 بۇ بەخت كىمدە بولسا ئۇزارۇر قولى،
بولۇر تەتۈرى ئۇڭ، بىلىم، ئاڭ، تىلى.

3076 جاھان پەيلاسوپى بولمىسا مېلى،
نېچە بولسا سۆزمەن، كېكەچتۇر تىلى.

بۇ مىسرالاردا پەيلاسوپ، شائىر بىلىملىك دېمەك — بەخت دېمەكتۇر، بۇ بەخت (بىلىم) كىمدە بولسا، ئۇ قولىنى قەيەرگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدۇ، بىلىملىك ئادەم ھەممىگە قادىر بولىدۇ، خاتانى تۈزەيدۇ، تەتۈرنى ئۇڭ قىلىدۇ دەپ قارىغان. بۇ يەردە سېلىش-

تۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ھەتتا سۆزلىگەن سۆزىنىڭمۇ تۇزتامى بولمايدىغانلىقىنى، تىلىمۇ كېچ بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئالدىنقى ئىككى مىسرادا بىلىملىك كىشىلەرگە مەدھىيە ئوقۇلسا، كېيىنكى ئىككى مىسرادا بىلىمسىز كىشىلەرنى قاتتىق ھەجۋى قىلغان، تەنقىد قىلغان. بىز ئالىمنىڭ XI ئەسىردىكى يۇقىرىقى بايانلىرىدىكى نۇر چاقناپ تۇرغان مەرىپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى بۈگۈنكى ۋەزىيەت بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئۇنىڭ نەقەدەر يىراقنى كۆرەرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

گەرچە ئاپتور ياشىغان قاراخانىلار جەمئىيىتىدە: «ئەي بىلىملىك كىشى ئەتراپىڭغا باق، نېمىلەرنى كۆرۈرسەن، بىلىملىكلەر خارلانغان، ئېتىبارسىز قالغان، چەتكە قېقىلغان؛ ئەقىللىقلەر تىلسىز، ئۇلارنىڭ ئاغزى ئاچماس قىلىۋېتىلگەن؛ ھالالنىڭ پەقەت ئېتى قالدى، ھەممە ياقنى ھارام قاپلىدى، بۇنى سەزگەن كىشى يوق... ۋاپا ئورنىنى جاپا ئىگىلىدى، توغرا يولغا ماڭغان كىشى نەدە!» دېگەندەك ۋەزىيەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئاپتورنىڭ ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش، بىلىم، ئەقىل - پاراسەت، ئەخلاقنى ئىززەتلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىجتىمائىي غايىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى — ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل خىيال بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى، مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، تارىخنىڭ تەرەققىيات تەلىپىنى ئىپادىلىگەن بولغاچقا، مۇئەييەن ئىلغار ئەھمىـ

پەتكە ئىگە.

ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىلىم - پەن ھەققىدىكى ھېكمەتلىك سۆز - ئىبارىلىرى ۋە ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن شېئىرىي تىل سەنئىتى ئارقىلىق يورۇتۇلغان نۇقتىئىنەزەرلىرى بىزگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەممە تەرەپتىن يېتىشكەن ئۇلۇغ ئالىم، ئۇلۇغ شائىر، ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەسەردە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن ئىلىم - پەن توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى، مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى يورۇتۇپ كەلگەن نۇرلۇق مەشئەلدۇر.

ئىلىم - پەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرتكىلىك رولى زور دەرىجىدە تەكىتلىنىپ، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم توغرىسىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىسى ھېلىمۇ ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە. بۇ بىزنىڭ گۆھەردەك قەدىرلىشىمىزگە، ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

## «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تەلىم - تەربىيە تەلىپى توغرىسىدا

### نۇرمۇھەممەت مويىدىن

بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ۋە پېداگوگ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بىلەن نادىر ئەسەر بولۇپ، ھېسابلىنىدۇ. مۇئەللىپ بۈيۈك ئەسىرىدە قانۇن، ئەخلاق، پەلسەپە ۋە ئىستېتىكا قاتارلىق ساھەلەردە غايىۋى قاراشنىلا قويۇپ قالماستىن، مائارىپ ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى، تەلىم - تەربىيىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلەپلىرى توغرىسىدىمۇ خېلى مۇكەممەل كېنىتال قاراشلىرىنى ئىلمىي سىستېما بويىچە بايان قىلىدۇ.

مائارىپ تارىخى مائارىپنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرى ئۇستىدىكى ئىزدىنىش تارىخى ئىدى. مائارىپ پەلسەپە، دىن، سىياسىيشۇناسلىق ۋە ئېتىكا قاتارلىق ئىدىيىلەر بىلەن ئارىلىشىپ تەرەققىي قىلغان ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى مائارىپ ئىدىيىدە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەلىپىدىن چىقىپ، مائارىپ ئىلمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كۆز قارىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

بۇ ئۆتمۈشتىكى كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلارغا خاس
ئورتاقلىق. كۇڭزىنىڭ مۇرتلىرى رەتلىگەن «مۇھاكىمە
ۋە بايان» گرېتسىيە پەيلاسوپى پلاتوننىڭ «غايىۋى
دۆلەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە مائارىپ ئىدىيىلىرى
خېلى چوڭقۇر شەرھلەنگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» داستا-
نىنىڭ 63 - بابىدىكى «پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش
بايانىدا» دا مائارىپ ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت-
لىرى، تەلىم - تەربىيە ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك تەلەپ-
لىرى توغرىسىدا «قىستۇرما ئىدىيە»، «قوشۇمچە كۆز
قاراش ۋە نەزەرىيە» سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى مۇكەم-
مەل نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «قۇتادغۇ بىلىك»
نىڭ باشقا بابلىرىدىمۇ ئىنسانلارنىڭ تەربىيىلىنىشى
ئىجتىمائىي ئەخلاق پرىنسىپلىرى، مائارىپ، ئىلىمنىڭ
ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى ۋە دۆلەت باشقۇرۇش
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق كەڭ دائىرە بىلەن
چېتىشلىقى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مائارىپ
نەزەرىيىسىنىڭ بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېمىسى
شەكىللەنگەن.

مائارىپ ئىنسانلارغا خاس بىر خىل ئىجتىمائىي
ھادىسە. تەلىم - تەربىيە — تەربىيىلىگۈچى تەربىيە-
لەنگۈچىگە نىسبەتەن پىسخىكىلىق ۋە جىسمانىي جەھەت-
تىن مەقسەتلىك، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا تەسىر
كۆرسىتىدىغان بىر خىل پائالىيەت. يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل پائالىيەتنىڭ تەسىرى
ۋە رولى مۇتلەق بولۇپ، ئىرسىيەت، مۇھىت ۋە تەلىم-

تەربىيە قاتارلىق ئۈچ ئامىلنىڭ ئىچىدە تەلىم - تەربى-
يىنىڭ ۋە تەربىيىلىنىشنىڭ مۇھىملىقى مۇئەييەنلەش-
تۈرۈلگەن. «ماھارەت ھەممىگە قادىر» نۇقتىسىنەزىرى
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تۈپ نۇقتىسىنەزەر. «قىلىچ
بىلەن بىلىم» دۆلەتنىڭ ئىككى ئاساسىي تۈۋرۈكى.
دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى گۇمران بولۇشىنى ماھارەت
تەرەققىياتى بەلگىلەيدۇ.

1780 بىلىمسىزگە كەلسە دەۋلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

1781 ئەقىللىككە تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بېرەر ئەلگە ھۇزۇر، مىشىۇ سۆزگە پۈت.

تەلىم - تەربىيە — ئىلىم - پەن بىلەن ئۇنى ئىگىلى-
گۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىيەتنى ئېچىش بولۇپ،
مەزمۇن جەھەتتىن، ئۇ، يۈكسەك ئەخلاق، پرىنسىپلار
بىلەن ئادەمنى تەربىيىلەش ۋە ئىلىم - پەننى ئۆگىنىشتىن
ئىبارەت ئىككى ئامىلنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى. بۇ
ئىككى ئامىل بىر - بىرىگە تەقەززا، بىر - بىرىنى شەرت
قىلىدۇ. تەلىم - تەربىيىنىڭ ئىككى تۈپ ئامىلى ماھا-
رەت مەقسىتى بولۇپ، تەلىم - تەربىيە تەلىپىنى
زۆرۈر شەرت قىلىغانلىقى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ
ماھارەت ئىدىيىسىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خاراكتېرلىك
مەسىلە. «ئۇقۇش» ۋە «ئەقىل» تەلىم - تەربىيە
تەلىپىنىڭ ئىككى سۆزلۈك دەستۇرى. ئۇ، ئىنسانلارنىڭ

جىلىملىنىڭ ۋە مەرىپەت ئەھلى بولۇشىمىزنى تەلىم —
تەربىيىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ھەر قانداق تەربىيە
مۇئەييەن تەلەپتىن كېلىدۇ. ئىنسانىيەت ياراتقان ھەر
قانداق بەخت ۋە ھۇزۇر تەربىيىلىنىشنىڭ نەتىجىسى
دەپ قارايدۇ.

ياراتتى ۋە يۈكسەلتتى تاللاپ ئادەم، 148
بېرىپ ھوش — ئەقىل، پەزىل، ئىلىمنى ھەم.

بىلىم بەردى، ئىنسان زورايدى بۇ كۈن، 150
ئەقىل بەردى، شۇڭا يېشىلدى تۈگۈن.

بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇغ، 152
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلىنىمۇ تولۇق.

ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر، 154
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

تەلىم — تەربىيىنىڭ ئىنسانلارنىڭ بىلىش پائا-
لىيىتىدىكى رولى ئۇنىڭ ئومۇمىي ۋە كونكرېت تەلىپى
ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ بۇ خىل
قارىشى، قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۈيغۇر
مائارىپىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكلەر بىلەن روناق
تاپقان ئىپتىخارلىق ئىلمىي قىممىتىنى دەلىللەيدۇ.
ئەقلىي تەربىيە، ئەخلاقىي، جىسمانىي تەربىيە ھاياتنى
قىزغىن سۆيۈش تەربىيىسى، ماھارەت تەربىيىسى

چوڭقۇر سىڭگەن تالىپلىق ھاياتىنىڭ مەنىۋى مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئەترابلىقى، تەلىم - تەربىيە تەلىپىنىڭ ئۇلغار پېداگوگىكىلىق قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تەلىم - تەربىيىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار «مەدرىس»، «ئائىلە» ۋە «جەمئىيەت» ئۈچ تەرەپ مەقسەت بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بۇ خىل تەلەپ تەربىيىلىگۈچىنىڭ تەربىيىلەنگۈچى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، مائارىپ مەقسىتىگە ئاساسەن، دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان جاۋابكارلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ؛ تەلىم - تەربىيە تەلىپى پەن ئەھلىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك، مىللەتنىڭ سۈپىتى ۋە كەلگۈسىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

يېتىپسەن تىلەككە، تېپىپ ياخشى يول، 5798
ئاڭا ياخشىلىقلە پايدىلىق بول.

ئىدىڭ سەن بىلىمسىز، نادان بىر بالا، 5792
يۆلەپ ھەم يۈكسەلتتى بەختتە مانا.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تەلىم - تەربىيە تەلىپى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت شەكلى تەربىيىلىگۈچى بىلەن تەربىيىلەنگۈچى ئىككى تەرەپتە بولۇشقا تېگىشلىك

ئىقتىدار ۋە پەزىلەتلەرگە مەركەزلىشىدۇ. «بىلىم» ۋە «ئەدەب» بىلەن پېداگوگىكىلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئورگانىك باغلىنىشى پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئەگەر بەلگىلىك تەلىم - تەربىيە بويىچە، يەنى كونكرېت تەلەپ ۋە ئىنتىزام بىرلىكى بىلەن تەربىيىلەنمەي، ئەكسىچە «بىكار - بوش» قويۇپ بېرىلسە، تەلىم - تەربىيە تەلىپى ئورۇنلانماي، «ئىككى دۇنيالىق تەپ» كە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇڭا ئۇستاز بىلەن شاگىرتلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش پرىنسىپى ۋە مۇئەييەن ئوقۇتۇش تەلىپى بىلەن نەتىجىگە ئېرىشىدىغان قانۇنىيەتلىك باغلىنىشنى ئىچىپ بەرگەن.

4506 ئوغۇل - قىزغا ئۆگەت بىلىم ۋە ئەدەب،
ئېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيا نەپ.

4508 پەزىلەتنى قويماي ئوغۇلغا ئۆگەت،
ئاڭا مال بەرگۈسى يىغىپ پەزىلەت.

4509 ئوغۇلنى بىكار - بوش يۈرمەسەن قويۇپ،
بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ.

1494 ئوغۇل - قىز ئايىماي تاياق بىرلە ئۇر،
تاياق قىز - ئوغۇلغا بىلىم ئۆگىتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، تەلىم - تەربىيە تەلىپىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى ئىزچىل ۋە مۇقىم بولۇش. ھەقىقىي ئىنسانىي ھايات ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى — بىر ئۆمۈر ئىلىم - پەن بىلەن مەشغۇل بولۇش. ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلىنىش بىلەن ئۇنىڭ قاتتىق تەلەپ شەكلى ئارىسىدىكى باغلىنىش بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقىنى يارىتىش ئەڭ ئاخىرقى تەلىپى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تەلىم - تەربىيە تەلىپىنىڭ ئىلمىي قىممىتى — ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى بىر خىل قانۇنىيەتنى ئېچىپ بەرگەنلىكى، بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە تېخىمۇ قىممەتلىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىلىش تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى، يەنى «بالىلىق»، «ئۆسمۈرلۈك» مەزگىلىدىن باشلاپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىش — ئىلىم - پەننى ئەڭ تېز ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش پەيتى ئىكەنلىكىنى. تەپەككۇرنىڭ يېتىلىش دەۋرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئابستراكت لوگىكىلىق پىكىر قىلىش، يۈكسەك غايە ۋە ئۇنىڭ يېتىلىش دەۋرى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلىنىدىغانلىقى، تەربىيىلەشتە پۇختا ئاساس يارىتىلسا ئۆگىنىش ئىقتىدارىنىڭ يادروسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قاراخانىلار سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قايسى ئەل مائارىپ تارىخلىرى، ھەتتا ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى-

دىمەك بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پېداگوگ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك ئىلمىي قاراشلىرى تولۇق ئىسپاتلاندى.

4504 تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز - ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

4505 ئېرىغ ياخشىنى ئال ئىنىڭگە قىلىپ،
ئوغۇل - قىز ئۆسەر پاك ۋە ساغلام بولۇپ.

1493 ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر،
كىچىكلىكتە بىلسە ئۇتۇقلۇق بولۇر.

1495 كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى،
قېرىپ ئۆلمىگۈنچە ئۇنۇتماس ئۇنى.

1823 كىچىك چاغدا ئىنسان بىلىم ئۆگىنۈر،
چوڭايسا ئۇنىڭلە تىلەككە يېتۈر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەلىم - تەربىيە تەلىپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ ئۇلۇغ ئىپادىسى — ئىلىم - پەن ئەھلىنىڭ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىقتىدارىنى ۋەتىنىگە، خەلقىگە تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەت ئىگىسى بولۇش لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى دەۋرىمىز تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەڭ ئىلغار قاراش بولۇپ، ئۇلارنىڭ

جەمئىيەتتىكى ھۆرمەتلىك ئورنىغا، خەلق ئارىسىدىكى يۈكسەك ئابرويىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم قاراشتۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» مائارىپ تارىخىنى، مائارىپ قانۇنىيەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جەھەتتە بىباھا ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇشى بىلەن بىرگە فېئوداللىق مائارىپنىڭ بەزى ئىللەتلىرىدىن خالىي بولالمىغان. بولۇپمۇ تەربىيىلىنىشىنىڭ مۇددىئاسى. تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى جەھەتتە ساغلام بولمىغان قاراشلارمۇ بار. مائارىپ مەقسىتىنىڭ ئىككى دۇنيالىقى. «تاياق» نىڭ تەلىم-تەربىيىدىكى رولى قاتارلىقلار ئەنە شۇ خىل ئىللەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. دەۋر ۋە ئىدىيە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، يۇقىرىقىدەك فېئوداللىق مائا-رىپ شاكاللىرى بولسىمۇ، بۇ خىل ئىللەتلەر «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دۇنيا ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزى-نىسىدىكى تەڭداشسىز ھۆرمەتلىك ئورنىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

## «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

**لى چى**

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇندىن 900 نەچچە يىل ئىلگىرى يازغان «قۇتادغۇ بىلىك» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا قوشقان زور تۆھپىسىنى كۆرسىتىدىغان، ئىلىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مەڭگۈگە تىكلەنگەن نامايەندە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ، خېلى بۇرۇنلا خەلقئارا ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بولۇپ، ئۇنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ئۇلار ئاسىيادىمۇ، ئافرىقىدىمۇ، ياۋروپادىمۇ، ئامېرىكىدىمۇ بار. بۇ ماقالىدە ئۆزۈمنىڭ كۆرگەنلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

## تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىش ئەھۋالى

ھازىر ھەر قايسى ئەللەرگە تارقالغان «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قوليازمىسى ئۈچ خىل: بىرى — ۋېنا نۇسخىسى، ئىككىنچىسى — قاھىرە نۇسخىسى، ئۈچىنچىسى — پەرغانە نۇسخىسى. بۇ ئۈچ خىل قوليازما ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ XIX ئەسىرنىڭ بېشىدا، 1896 - يىلى ۋە 1914 - يىلى ئاۋستىرىيىنىڭ ۋېنا شەھىرىدە، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە شەھىرىدە تېپىلغانلىقتىن شۇنداق دەپ ئاتالغان. ۋېنا نۇسخىسى — قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قوليازما. قاھىرە نۇسخىسى بىلەن پەرغانە نۇسخىسى ئەرەبچە يېزىقتا يېزىلغان قوليازما.

بۇ قوليازمىلارنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي، ئىلمىي قىممىتى تېزلا خەلقئارا ئىلىم ئەھلىنىڭ كۈچلۈك ھەۋىسىنى قوزغىغان. فرانسىيىنىڭ فرانسىيە شۆيۈەنى يېقىن شەرق تىللىرى پروفېسسورى جوبېل 1823 - يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋېنا نۇسخىسىنى ئىلمىي ئەسەر قاتارىدا تۇنجى قېتىم دۇنياغا تونۇشتۇردى، «ئاسىيا ژۇرنىلى» دا «قۇتادغۇ بىلىك» كە دائىر دوكلاتىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەسەرنىڭ قىسمەن پارچىلىرىنى ئېلان قىلدى. جوبېلنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدىكى قارىشى ۋە چۈشەنچىسى مەسلىھەتلىشىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوتتۇ-

رىغا قويۇشى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدىكى بىر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلغان ۋە بۈگۈنگىچە داۋام قىلىنىۋاتقان تەتقىقاتنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەب بولدى.

جوبېردىن كېيىن ۋېنگرىيە، روسسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئىلىم ئەھلى «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەرجىمە قىلىش، نەشىر قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇشتا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە رادلوۋ ۋەكىللىكىدىكى روسسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى، رېشىت رەھمەتى ئارات ۋەكىللىكىدىكى تۈركىيە ئالىملىرىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى تېخىمۇ ماختاشقا ئەرزىيدۇ. 1870-يىلى ۋېنگرىيە ئالىمى ۋامبېرى ۋېنا نۇسخىسىدىكى 951 ئىككىلىك بېيىتنىڭ لاتىنچە يېزىقتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. رادلوۋ 1890 — 1910-يىل ئارىلىقىدىكى 20 يىل ئىچىدە ۋېنا نۇسخىسىنى، مانجۇ يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋېنا نۇسخىسىنى، ۋېنا نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى، قاھىرە نۇسخىسىنى، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سلاۋيان يېزىقىدىكى نۇسخىسى ۋە نېمىسچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان ئالىمى فىترەت 1925-يىلى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بىر مەھەل يوقاپ كەتكەن پەرغانە نۇسخىسىنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن، 1928-يىلى بۇ قوليازمىنى ئۇ يەر-بۇ يەردىن پارچىلاپ ئېلان قىلغان، ھەمدە ئۆزبېك

پېرىقىدا ئىزاھ بەرگەن. 1971 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدە تەيىيۇم كەرىموۋ دېگەن يەنە بىر ئۆزبېك ئالىمىنىڭ ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىغان نۇسخىسى نەشىر قىلىنغان. پەرغانە نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ تېكىستى پەقەت 73 بابنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان. 1983 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى موسكۋا ئىلىم - پەن نەشرىياتى ئىۋانوۋنىڭ رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنى نەشر قىلاغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ۋالىتوۋا، ئابدىزراخمانوۋ. گولپېنرۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغان ۋە ئۆزگەرتىپ يازغان نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە تۈركىيە ئالىمى ئاراتنىڭ سېلىشتۇرغان نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان ئىۋانوۋنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھازىرغا قەدەر چىققان ئەڭ مۇكەممەل رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىم ئەھلى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەزەربەيجان تىلى ۋە قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان قىسمەن بابلىرىنى ئېلان قىلدى.

تۈركىيە ئىلىم - پەن ۋە نەشرىيات ساھەلىرى 1942 — 1943 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۈچ خىل كۆچۈرمىسىنىڭ فوتو نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە رېشىت رەھمىتى ئاراتنىڭ 1947 - يىلى نەشر قىلىن-

غان لاتىنچە يېزىقتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى خەلقئارا ئىلىم ئەھلىگە ھەممىدىن بەك ياقتى. ئۇز ھاياتىدا زېھنىي كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىنى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان بۇ تۈركىيە ئالىمى كۆپ يىللار جاپالىق ئەجىر بىلەن ئۈچ خىل نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ، لاتىن ھەرپى بىلەن ترانسكرىپسىيىلەشتۇرۇپ چىققان نۇسخا شۇندىن ئېتىبارەن خەلقئارا ئىلىم ساھەسىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس بولۇپ قالدى. 1983 - يىل روبېرت دانكروۋ ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» مۇ ئامېرىكىنىڭ چىكاگو شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى.

## تەتقىقات ۋە باھا

«قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش جەھەتتىمۇ روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە ئالىملىرى تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش جەھەتتىكىگە ئوخشاش قىممەتلىك تۆھپىلىرىنى قوشتى. 1890 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاز كەم 100 يىلدا روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى زادىلا ئۈزۈلدۈرۈپ قويمىدى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىش بىلەن تونۇلغان بارتولد، مالوۋ، تۇگۇشېۋا، كونونوۋ، ئىۋانوۋ، ۋالىتوۋا، پېراكوۋا، ستېبلوۋا، ناسىروۋ، بېرتېلس، كروكلىي، ۋالىدوۋ، تېنىشېۋ،

ماخلونوۋ، سۇلتانوۋ، ماخمۇتوۋ، كەرىموۋ، مۇتەللىپوۋ،
مۇسا بايېۋ، كۇلشىنوۋ، مۇرتازايېۋ قاتارلىق ئالىملار
ئوتتۇرىغا چىقتى. روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىم-
لىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە ئىلى-
مىي قىممىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. رادلوۋ
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلاپ
يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن
مۇقەددىمىسىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قاراخانىيلار
سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى
مەدەنىيەت تارىخىي ۋە ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قى-
لىشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى بايان قىلدى. كونونوۋ
1983 - يىل ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىدە مۇنداق
دەپ يازىدۇ: «‹قۇتادغۇ بىلىك› ئەخلاقنى شەرھلەيدى-
غان ھېكمەتلىك سۆزلەر توپلىمى... شەرقىي ۋە غەر-
بىي رايونلاردا خېلى بۇرۇنلا ئەخلاق — ئەردەم توغ-
رىسىدىكى سۆزلەر تارقالغان ئىدى... گەرچە باشقا
ئەسەرلەر تېپىلغان بولسىمۇ، ‹قۇتادغۇ بىلىك› ئەڭ قەدىمكى
بىردىنبىر تۈركىي تىل بىلەن يېزىلغان توپلامدۇر.
بۇ داستان — ئىنسانلارنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملەش-
تۈرۈلگەن قامۇستۇر.»
«قۇتادغۇ بىلىك» نى بىرىنچى بولۇپ رۇسچىغا
تەرجىمە قىلغان ئىۋانوۋ: «‹قۇتادغۇ بىلىك› تۈركىي
تىلدا يېزىلغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى سان - ساناقسىز
ئالەمشۇمۇل ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدە ماختاشقا ئەر-
زىيدىغان ئۇلۇغ نەزمىي ئەسەر» دەپ باھا بەرگەن.

بارتولد «مەركىزىي تۈرك تارىخىي توغرىسىدا 12 لېك-
سىيە» دېگەن ئەسىرىدە: «‹قۇتادغۇ بىلىك›، تۈركىي
تىل ئەدەبىياتىدا ‹قەشقەر› دەۋرىنى ئاچتى، — دەپ
باھا بەرگەن ھەمدە، — شۇ دەۋردە تۈرك مەدەنىيىتى
بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى زىچ مۇنا-
سىۋىتىنىڭ تەسىرى تېخى بار ئىدى ... قاراخانىلار
ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ
تەسىرى ئىچىدە ياشىغان» دەپ قارىغان. بولۇپمۇ تىلغا
ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1984 - يىلى ئېلىمىزدە
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى
نەزمىي يەشمىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت
ئىتتىپاقى قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر پەلسەپە دوكتورى
نارىنبايېۋ، مۇئاۋىن دوكتور قاسىموۋلار «قۇتادغۇ بى-
لىك» نىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغانلىقىنى مۇبارەكلەپ
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر
ئەدەبىياتى شۆبىسىگە خەت ئەۋەتكەندىن باشقا، يەنە
قازاقىستاننىڭ «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە: «ئەجداد-
لىرىمىزدىن قالغان مىراس — ‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ
يېڭى نەشرى» دېگەن ماۋزۇدا مەخسۇس ماقالە ئېلان
قىلغان. ئۇلار ماقالىسىدە «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر
تارىخىدىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ تەرەققىي
قىلغان دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىنكىلەرنىڭ ئۇي-
غۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تىلىنى يازما ھۆججەت ئارقىلىق
چۈشىنىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان بىباھا مىراس،
دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلار يەنە ئوتتۇرا ئەسىردە

ياشىغان ئاتاقلىق پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، قىزاقىستان ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىيتى، پەلسەپىسى، ئەخلاق ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا سەل چاغلاشقا بولمايدىغان روللارنى ئوينىدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپلىرى ئېتىكىغا دائىر ھەر خىل ئەسەرلەرنى يازدى، دەپ تەكىتلىگەن.

رادلوۋنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋە ئىلىم ۋارىسى مالوۋ بەزىلەرنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىككى مۇقەددىمىسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان ئەمەس، ئۇ باشقىلارنىڭ ئەسىرى، يا بولمىسا ئۇنى مۇئەللىپ باشقا ئەسەرى ئۈچۈن يازغان دېگەن قاراشلىرىغا قارىتىپ، ئۆزىنىڭ «قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى ھۆججەتلەر» دېگەن ماقالىسىدە: «مەيلى گراماتىكا شەكلى جەھەتتىن ياكى سىنتاكسىس جەھەتتىن ياكى لېكسىكا جەھەتتىن بولسۇن، ھەممىسى مېنىڭ ئويۇمغا دەخلى يەتكۈزمىدى. مەن ئۇ مۇقەددىمىنى پۈتۈن ئەسەرنى تاماملىغان يۈسۈپ يازغان دەپ قارايمەن» دەپ كۆرسەتكەن.

«قۇتادغۇبىلىك» قانداق ئەسەر؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى تەتقىقات جەريانىدا ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى قارىمۇ قارشى بولغان. مەسىلەن، تۈركىيە ئالىملىرى ئىچىدە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا داڭ چىقارغان رېشىت رەھمەتى ئارات ئۆزى

تەرجىمە قىلىنغان «قۇتادغۇ بىلىك» بىرىنچى جىلدىنىڭ
مۇقەددىمىسىدە شۇنداق دەپ يازىدۇ: «قۇتادغۇبىلىك»
ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان تارىخىي ئەسەر ئەمەس
ياكى رايون - شەھەرلەرنى تەسۋىرلەيدىغان جۇغرا-
پىيىلىك ئەسەر ئەمەس. شۇنىڭدەك دىنىي زاتلارنىڭ
ھەرىكەتلىرىنى يىغىدىغان مەخسۇس توپلىمىمۇ ئەمەس،
مەلۇم بىر پەيلاسوپنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ئاساس قىلى-
غان پەلسەپىۋى ئەسەر ياكى مەلۇم مۆتىۋەرلەرنىڭ
ئىبرەتلىك سۆزلىرى ئارقىلىق كىشىگە نەسىھەت قىلى-
دىغان ئەسەرمۇ ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ باشقى-
لارنىڭ ئىبتىقىسىدەك مەنسەپدارلارغا خۇشامەت قىلىش
ئۈچۈن تىتىقسىز ئوخشىتىشلار ئارقىلىق قۇرۇق ۋەز -
نەسىھەت قىلغۇچىلاردىن ئەمەس، بەلكى كىشىلىك
ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى تەھلىل قىلىدىغان، كىشىلەر-
نىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەتتىكى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ
بېرىدىغان كەڭ مەنىلىك پەلسەپىۋى ئەسەرنى يېزىپ
چىققان پەيلاسوپ ۋە ئالىم.»، «ئۇنىڭ ئەسىرى
«قۇتادغۇبىلىك» ماۋزۇسىدىن تارتىپ باشقا تەرەپلىرى-
گىچە ئىنتايىن مۇكەممەل، ئالاھىدە تۇس ئالغان بىر
ئەسەر». تۈركىيىلىك يەنە بىر ئالىم، پروفېسسور مەق-
سۇدى «قۇتادغۇبىلىك» تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيانقى
ئەخلاقى، ئىدىيىسى ۋە قانۇن كۆز قارىشىنىڭ يەكۈنى»،
«دۆلەت ئاپپاراتى، سىياسىي قانۇن، ئىجتىمائىي ئەخ-
لاق توغرىسىدىكى ئىزدىنىش» دەپ قارىغان. گېرمانىيە

ئالىمى ئوتتۇرا ئولبىرچ «قۇتادغۇبىلىك»، ئەرەب پەيلاسوپى ئىبنى سىنا ۋە قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىل ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن يېزىلغان پەلسەپىۋى ئەسەر» دەپ قارىغان. تۈركىيە ئالىمى كوپرولو بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلغان. ئۇ: «قۇتادغۇبىلىك» ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيە ئىچىدە ئىبنى سىنانىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان» دېگەن. ئىلگىرى روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى، مەسىلەن، رادلوۋ، بارتولد، تولگوشىۋا قاتارلىقلار بولسا «قۇتادغۇبىلىك»نى ئەدەبىي ئەسەر دەپ قارىغان.

## بەدىئىي ئۇسلۇبى

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى توغرىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقان كۆز قارىشىچە، ئۇ مەسنەۋى شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىدە، قىسقارتىلغان مۇتەقارىپ بەھرى بىلەن يېزىلغان. ھەر بىر ئابزاس شېئىر جۈپ قۇر قاپىيىداش. پۈتۈن جۈملە شېئىردىن تۈزۈلگەن مۇنداق شېئىر ئەرەب، پارس، تاجىك ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا «بېيت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق قاراشتا بولغان ئالىملار ئىچىدە ئىۋانوۋ ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇ، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەسلى تېكىستىدىكى ئىككىلىكلەرنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن مەسنەۋى شەكلى ئوتتۇرىسىدا پرىنسىپال پەرق يوق؛ دەپ

قارايدۇ ھەمدە «قۇتادغۇبىلىك» نەزمىي ئەسەر بولۇش
سۈپىتى بىلەن ئىككى ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىگەن، يەنى
ئۇسلۇب جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىمكان قەدەر
سۆز خاراكتېرىنى ئالغان ۋە باش ـ ئايىغى باغلاشقان؛
ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىدىن ئېيتقاندا، بايان شەكلىنى
قوللانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «مەسنەۋى»، «بېيىت»
شەكلى بىلەن ھېكايىنى باشلاپ، ئاساسلىق ئىدىيىنى
كەۋدىلەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆزى ئىخچام،
مەنىلىك بولۇپ، رەتلىك. ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە
ئىگە. ھەر ئىككى مىسرا ئېنىق بىر جۈملە ھېكمەتلىك
سۆزنى تەشكىل قىلغان، دەپ قارايدۇ. ئۇۋانوۋ يەنە
«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەسلى تېكىستى سەككىز بوغۇملۇق
مۇتەقارىپ ۋەزنى بويىچە يېزىلغان، ئۇنىڭ ئالاھىدى-
لىكى شۇكى، ئۈچ بوغۇملۇق تۇراق بىلەن بىر ـ ئىككى
بوغۇملۇق تۇراق بىرگە قويۇلىدۇ. ھەربىر ئۈچ بوغۇم-
لۇق تۇراق بىر قىسقا، ئىككى ئۇزۇن بوغۇمدىن تۈزۈ-
لىدۇ. ئىككى تۇراق بىر قىسقا، بىر ئۇزۇن بوغۇمدىن
تۈزۈلىدۇ. قەسىدە بىلەن غەزەلنىڭ قاپىيىسىگە چۈشۈ-
رۈلگەن، دەپ قارايدۇ. ئۇ، يەنە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ
مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ سۆز تاللاش ۋە ستىل-
لىستىكا جەھەتتە ماھىر كىشى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئەسىرى-
دە ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر مەزمۇننى گۈزەل
تىل ۋە يېقىملىق ۋەزىن ئارقىلىق ئىنتايىن ياخشى
ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەت سەۋىيىسى
ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى نامايان قىلغان، دەپ قارايدۇ.

باشقا ئالىملار «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى مۇنۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسەتكەن: شېئىرنىڭ باش تاۋۇشىدا، سۆز بىلەن سۆز، جۈملە بىلەن جۈملە ئارىسىدا ئاھاڭداشلىق بار، رىتىم ۋە بارلىق ئاھاڭداش سۆزلەر قاپىيىگە تولۇق چۈشۈرۈلگەن؛ شېئىر جۈملىلىرىنىڭ ئۇرغۇسى بەك مۇكەممەل. شۇڭا شېئىرنىڭ جۈملىلىرى ئىنتايىن ئىخچام، ساز بولغان ۋە ھېكمەتلىك سۆز تۈسىنى ئالغان، دەپ قارىغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ بايان قىلغان. ۋالىتوۋا بۇ نەزمىي ئەسەرنىڭ ئوبراز ئالاھىدىلىكىدە، ئىككىلىك شېئىرنىڭ ھېكمەتلىك سۆز شەكلى بولۇش ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەنگەن دەپ قارىغان. ئۇ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتا ئۆتكۈر خەنجەرگە ئايلىنىدۇ، ئەقلىيە سۆزلەر يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلىنىدۇ؛ قەلب — شاھ، بەدەن بولسا مالايى دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى دەلىللىگەن. بېرتېلس شۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: بۇ ئۇلۇغ ئەسەردە گەرچە غەربنىڭ، يەنى ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەينى زاماندىكى قاراخانىلار سۇلالىسى — قەشقەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىدىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەھەللىۋى ئەنئەنە كەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بەدىئىي ئوبرازنىڭ، شۇ زامان، شۇ

ماكاندىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئىجىز-
شېئىرىي ئەنئەنىسىدىكى ئوبرازلار بىلەن ئوخشاپ كېتى-
دىغانلىقى ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپا-
دىسى، دەپ كۆرسەتكەن. كونونوۋ: «قۇتادغۇ بىلىك»
نىڭ مۇئەللىپى شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي
تۇرمۇشىنى ئوخشىتىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.
ئۇ پېرسوناژلارنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، خەلقىنىڭ
ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئاغزاكى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ
نەتىجىلىرىدىن، ماقال - تەمسىللىرىدىن كەڭ تۈردە
پايدىلىنىش ئارقىلىق پېرسوناژلارنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ
پەندى - نەسىھەت قىلىش مەقسىتىگە يەتكەن. شۇڭا
مۇئەللىپ تاللاپ ياراتقان «كۈنتۇغدى»، «ئايتولدى»،
«ئۆگدۈلمىش»، «ئودغۇرمىش»تىن ئىبارەت تۆت پېرسو-
ناژنىڭ ھەر بىرى بىرخىل ئىنىق پەزىلەتكە ئىگە
ئادەم سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان، دەپ قارىغان.
نارىنبايېۋ ۋە قاسىموۋلار: مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەت-
تىن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» ئىجتىمائىي، سىياسىي
ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەر، لېكىن
مۇئەللىپ لىرىك شېئىر شەكلى ۋە ۋاستىسى بىلەن
دراما خاراكتېرىدىكى ۋەقەلىكلەر بىلەن پېرسوناژلار-
نىڭ خۇسۇسىيىتىنى، تەمسىل بىلەن پەلسەپىۋى ئىدى-
يىنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا چوڭقۇر
مەنە بېرىپ، ناھايىتى ياخشى بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىش-
كەن، دەپ قارىغان. بەزى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى
«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىش-

تا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ بەزى قاراشلىرىغا ئوخشىمايدىغان پىكىرلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەس- لەن، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قاپىيىسىنى تەتقىق قىلىدى- غان دانىيە ئالىمى تومسون ئالاھىزەل ئۆزىنىڭ زامان- دىشى، سوۋېت ئالىمى رادلوۋنىڭ بۇ داستاننى قايتا ئىشلىگەنلىكىنى خاتا دەپ قارىغان. سوۋېت ئالىمى مالوۋ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھەر ئىككى مۇقەددىمىسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان دەپ قارىغان. تۈركىيە ئالىمى ئارات بولسا بۇ ئىككى مۇقەددىمە بىلەن تېكىست- نىڭ سۆزى ۋە ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، نەزمىي مۇقەددىمە بەزى ئاتالغۇ ۋە ئىبارىلەرنى ھې- سابقا ئالمىغاندا، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، «قۇ- تادغۇ بىلىك»نىڭ تېكىستىگە ناھايىتى يېقىن، لېكىن نەسرىي مۇقەددىمە تىل ۋە خۇسۇسىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، كېيىنرەك شەكىللەنگەن دەپ قارىغان. بۇ تۈركىيە ئالىمى ھەر ئىككى مۇقەددىمىنى ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يازغانلىقىنى ئىنكار قىلمىغان بولسىمۇ، لې- كىن ئۆز گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## ئەسەرنىڭ تىلى ئۈستىدىكى تالاش

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئالىملىرى «قۇتاد- غۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ قايسى تىلدا يېزىلغانلىقى ھەققىدە ئۇزاقتىن بۇيان تالاش- تارتىش قىلىپ ھازىرغىچە بىر يەرگە كېلەلمىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئەرەب تىلى، شەرقىي تۈرك تىلى، قارلۇق تىلى. ئارىلاشما تىل دېگەن بەش خىل قاراش بار.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەپ قارايدىغانلار — «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئەڭ بۇرۇن تەتقىق قىلغان روسىيىلىك رادلوۋ ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم ئالىملار. ئۇ، ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر تىلى دەپ بىرىنچى بولۇپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مالوۋ ««قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۈچ خىل قوليازما نۇسخىسى» دېگەن ماقالىسىدە ئۈچ خىل قوليازما نۇسخىسىنى سېلىشتۇرغاندا، ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن قاھىرە نۇسخىسى بىلەن پەرغانە نۇسخىسى يېقىن كېلىدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر نۇسخىسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى. يەنى ۋېنا نۇسخىسى بىلەن باشقا ئىككى خىل قوليازما نۇسخىسى كۆپ پەرقلىنىدۇ. پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوليازما نۇسخىسىلا قىممەتلىك ئەسەر بولالايدۇ، دەپ قارىغان. بۇ ئالىم «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تىل - ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەلىشىر ناۋائىي» ۋە «قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى ھۆججەتلەر» دېگەن ئىككى ئەسىرىدە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تىلى — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى دەپ كۆرسەتكەن. باسقاقوۋ، تېنىشېۋلەر «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەپ قارىغان. ئېكىن، ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر

تىلىغا بىر چەكلىمە قويۇپ، ئۇنى قاراخانىلار سۇلا-لىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى، دەپ قارىغان.

يەنە بەزى ئالىملار گەرچە «قۇتادغۇ بىلىك»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دەپ ئېنىق كۆرسەت-مىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىلىنى قەدىمكى ئۇي-غۇر تىلى ۋە قاراخانىلار تىلى دەپ كۆرسەتكەن. تۈركىيە ئالىمى، دوكتور ئارات ئۇيغۇر تىلى دەپ قارىغان. ئۇ، ئۆزى تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» بىرىنچى جىلدىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، بەزى ئالىملارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تىلى ئەرەب تىلى دېگەن قاراش-لىرىغا قارىتىپ، قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلىبىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى تەڭ قوللانغان، ھەتتا ھەسەن بۇغرا-خان دەۋرىدىمۇ يەكەنىنىڭ ھەر خىل خەت - ئالاقى-لىرى مۇشۇ ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلاتتى ۋە قەدىم-كى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىمزا قويۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردە تا XVII ئەسىرگىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلىپ كەلگەن، دەپ كۆرسەتكەن. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ھەسەن بۇغرا خانغا تەقدىم قىلىنغان «قۇتادغۇ بىلىك» قەدىمكى ئۇي-غۇر يېزىقىدا يېزىلغان، دەپ قارىغان. سوۋېت ئالىمى ۋالىتوۋا «قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ سىنىپىيلىكى مەسىلىسى» دېگەن كىتابىدا، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلىنى قاراخا-نىلار تىلى دېگەن. بارتولد يۈسۈپنىڭ داستانىدا قول-

لىنىلغان تىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئەمەس، بەلكى شەرقىي تۈرك شۇۋىسى دەپ قارىغان، لېكىن كونونوۋ ئۇنىڭ قارىشىغا قوشۇلمىغان. ئۇ، رۇسچە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىر خاتىمىسىدە: «شەرقىي تۈرك شۇۋىسى ئۇزاق تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەسۋىرىي تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى ئۈچ خىل چۈشەنچە، ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر خىل ئاتىلىشىدىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئارىلاش تىل بىلەن يېزىلغان ئەسەر دەپ قارايدىغانلار — ئاساسەن بىر نەپەر سوۋېت ئالىمى بىلەن بىر نەپەر تۈركىيە ئالىمى. سوۋېت ئالىمى ئىۋانوۋ «قۇتادغۇ بىلىك — قارلۇق تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاش ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر، دەپ قارىغان. يەنە بىر سوۋېت ئالىمى پراكوۋا ئۇنىڭ تىلى قارلۇق تىلى بىلەن قىپچاق تىلىنىڭ ئارىلاشمىسى، دەپ قارىغان. تۈركىيە ئالىمى دىل ئاچار «قۇتادغۇبىلىك»—قاراخانىلار تىلى، يەنى تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەسەر دەپ قارىغان. ئۇ يەنە قاراخانىلار تىلى تۈرك تىلىنىڭ شەرقىي تۈرك تىلىغا كىرىدۇ. ئۇ، ئورخۇن-يېنسەي تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ تەھلىل قىلغان.

سوۋېت ئالىمى شىرباك 1961 - يىلى موسكۋا - لېنىنگرادتا نەشر قىلىنغان «تۈركىي تىلدىكى ئەسەر-

لەرنىڭ گراماتىكىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن كىتابىدا، «قۇتادغۇبىلىك»— قارلۇق تىلىدا يېزىلغان، دېگەن.

يۇقىرىقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بارغانسېرى كۆپ ـ لىگەن ئالىملار «قۇتادغۇبىلىك»— قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ـ دا يېزىلغان، دېگەن كۆزقاراشقا مايىللاشماقتا.

## كىتابنىڭ نامى ھەققىدىكى تالاش

«قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى «福乐智慧» توغرىسىدا كىشىلەر ھەرخىل چۈشەنچىدە بولدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر خىل تەرجىمىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.

«قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئىسىم «قۇت»، «ئادغۇ»، «بىلىك» دېگەن ئۈچ سۆزدىن تۈزۈلگەن. «قۇت»نىڭ مەنىسى: بەخت، تەلەي، مۇبارەك، مۇقەددەس دېگەن بولىدۇ؛ «ئادغۇ»نىڭ مەنىسى: بېرىش، ئاتا قىلىش دېگەن بولىدۇ؛ «بىلىك»نىڭ مەنىسى: بىلىم، ئىلىم، پاراسەت دېگەن بولىدۇ؛ بۇ ئۈچىنى قوشقاندا «قۇتاد ـ غۇبىلىك»، يەنى «بەخت ئاتا قىلغۇچى بىلىم» دېگەن بولىدۇ. روسىيە ۋە سوۋېت ئالىملىرى رادلوۋ، تومسون، كەرىموۋ، كىرىمىسكى قاتارلىقلار مۇشۇنىڭغا ئاساسەن «قۇتادغۇبىلىك»نى «بەخت بىلىمى»، «بەخت يەتكۈز ـ گۈچى بىلىم»، «بەخت كەلتۈرىدىغان بىلىم»، «كىشىنى بەختلىك قىلىدىغان بىلىم»، «پاراسەتلىكلەر بەختلىك

بولۇر» دەپ تەرجىمە قىلغان. كىتاب نامىنىڭ تەرجىمىسى ئاساسەن ئوخشايدۇ. ۋېنگرىيىلىك ۋامبېرى تۈركىيىلىك كۆپرولۇ قاتارلىق ئالىملارمۇ ئۇنى «بەخت بىلىمى» دەپ چۈشەنگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئالىملار كىتابنىڭ نامى توغرىسىدا تۈرلۈك يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. بارتولد كىتاب نامىدا «بەخت»، «بەرگۈچى»، «بىلىم» دېگەندىن باشقا، يەنە «ئالىيلىرى»، «خاننىڭ ئىززىتى» دېگەن مەنىلەرنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلغان. شۇڭا، ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نى «خانغا مۇناسىپ بىلىم» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ، دەپ قارىغان. «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە تۈرلۈك تەرەپلەردە رادلوۋ بىلەن ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان قاراشتا بولغان مالوۋنىڭ كىتاب نامى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى مۇئەللىپىنىڭكى بىلەن بىر يەردىن چىقمىدى. باشتا ئۇ، بۇ داستانىنىڭ نامىنى «بەخت كىتابى» ياكى «بەختكە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى» دەپ ئىككى خىل تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان. كېيىن خېلى دەرىجىدە بۇرۇنقىلارنىڭ تەرجىمىسىنى قوبۇل قىلىپ، «بەختلىك بولغۇچىلارنىڭ بىلىمى» دەپ تەرجىمە قىلغان. ۋالىتوۋانىڭ تەرجىمىسى مالوۋنىڭ باشتىكى تەرجىمىسى بىلەن ئوخشاش. يەنى «بەخت بەرگۈچى بىلىم» ياكى «ئىدارە قىلىش ئىلمى» دەپ تەرجىمە قىلغان. بارتولد، ۋالىتوۋالارنىڭ قارىشى ۋە مالوۋنىڭ باشتىكى تەرجىمىسىگە كونونوۋ

تامامەن قوشۇلغان. ئۇ، تەرجىمىلەر ستىلىستىكا جەھەتتە توغرا بولۇپلا قالماستىن، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ قانداق قىلىپ مۇكەممەل ئادىل پادىشاھ بولۇشنى ئۈگىنىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئىدىيىسىگىمۇ ماس كېلىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ يەنە ئۇۋانوۋنىڭ «بەخت بىلىمى» دېگەن تەرجىمىسىنى ئىنچام، كىشىنى چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلىدىغان ئىسىم، ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى تولۇق، توغرا گەۋدىلەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، شېئىرنىڭ تەرجىمىسىنىڭ قاپىيىسىگىمۇ ماس كېلىدۇ، دەپ قارىغان.

تۈركىيە ئالىمى ئى. كافـ غلۇ «دقۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» دېگەن ماقالىسىدە، «قۇتادغۇبىلىك»نى «ھۆكۈمرانلىق ئىلمى»، «ھاكىمىيەت ئىلمى»، «دۆلەت تەلىماتى»، «دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىش بىلىمى» دەپ قارىغان. سەدرى مەقسۇدى دېگەن يەنە بىر تۈركىيە ئالىمى «قۇتادغۇبىلىك»نى «قانۇنچىلىق دەستۇرى» دەپ تەرجىمە قىلغان.

خەلقئارا ئىلىم ئەھلىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نى تەتقىق قىلىش ئەھۋالىنى يۇقىرىقى بەش تەرەپتىن قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. لېكىن، شۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، بىرى، يۇقىرىقى ماتېرىياللار پەقەت ئۆزۈم كۆرگەن كىتابلاردىنلا ئېلىنغان. مەن ئوقۇغان بۇ جەھەتتىكى كىتابلار كۆپ ئەمەس. بىلىمىم چەكلىك، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتـ

تىقاتىغا دائىر مەن كۆرمىگەن ئىلمىي ئەسەرلەر چوقۇم
ناھايىتى كۆپ. شۇڭا، بۇ ئاددىي ماقالىمدە تونۇشتۇر-
ۇلغان ئەھۋال قىسقا بولغاندىمۇ بەك قىسقا؛ ئىككىن-
چىسى، سەۋىيەم چەكلىك. يۇقىرىقىلار ئەينەن ئەھۋال،
ھېچقانداق مۇلاھىزە يۈرگۈزمىدىم. مەقسەت: بىرى،
«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى
چەت ئەللەردە بولۇۋاتقان تەتقىقات توغرىلىق بىر ئاز
يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەش؛ ئىككىنچىسى، ئىلىمىز
ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى يالغۇز
جۇڭخۇا مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا
خەلقئارادىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ ئاللىبۇرۇنلا دىققەت قىل-
غانلىقىنى چۈشەندۈرۈش. شۇنداقتىمۇ، دۇنيادىكى ھەر-
قايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا
قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىگە ئۆزۈمنىڭ قارىشى بار
ئومۇمەن ئالغاندا، نۇرغۇن قىممەتلىك، ئۆگىنىشىمىز
ۋە پايدىلىنىشىمىزغا ئەرزىيدىغان نەرسىلەر بار. لېكىن
شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەسلىھەتلىشىشكە ۋە مۇلاھىز
قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن قاراشلارمۇ بار. بۇ ماقالە
ئومۇمىي ئەھۋال ئۈستىدىكى تونۇشتۇرۇش بولغانلىقى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ماقالىنىڭ ھەجمى چەكلىك بولغانلىقى
ئۈچۈن، بۇ يەردە ئارتۇقچە گەپ قىلمىدىم، كېيىن
مۇۋاپىق پەيتتە مەخسۇس ماقالە يېزىپ مۇھاكىمە
قىلىمەن.

# «قۇتادغۇبىلىك»نى تەتقىق قىلىشتىكى مېتودولوگىيە مەسىلىسى توغرىسىدا

**ۋاھاپ خىبۇر**

ھازىرقى زامان پەلسەپە تارىخىدا ناھايىتى جانلىق پەلسەپە تەتقىقات ساھەسى بولۇپ قالغان مېتودولوگىيە مەسىلىسى كۆپلىگەن پەيلاسوپلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بارغانسىرى كۆپلىگەن پەنشۇناسلارنى ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلارنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئۆزى قىزىققان مېتودولوگىيە مەسىلىلىرىنى ئىزدەنمەكتە. ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىش ۋە كېڭىيىش ئېھتىياجى بىلەن مەيدانغا چىققان مۇنداق مۇقەررەرلىك — پەن ساھەلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىلمىي تەتقىقات جەريانلىرىدا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنمەكتە. جۈملىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدا دۇنياغا مەشھۇر بولغان نادىر ئەسەر — «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدا يېزىلغان ئىلمىي ماقالە ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىـ

رىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلاردىن قارىغاندىمۇ، ئەسەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتنى توغرا يول بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ۋە يەنىمۇ كۆپرەك، يەنىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدىكى تەتقىقات مېۋىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن، مېتودولوگىيە مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى بارغانسېرى گەۋدىلەنمەكتە.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەلسەپىۋى قىممىتىگە باھا بېرىشتە. ئۇنىڭدا پەلسەپىۋى سىستېما بارمۇ-يوق؟ «قۇتادغۇ بىلىك» پەلسەپىۋى ئەسەرمۇ-ئەمەسمۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەيلاسوپمۇ-ئەمەسمۇ؟ پەيلاسوپ بولسا ئۇ قايسى ئېقىمغا مەنسۇپ؟ ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ۋە ئۇ دەۋرگە ئالاقىدار بولغان باشقا پەيلاسوپلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە بىرمۇنچە ئوخشاش كۆزقاراشلار، بىر-بىرىگە يېقىنلىشىدىغان كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، بىرمۇنچە مەسىلىلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ھەتتا بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى بولغان ئوقتىسىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مېنىڭچە، يۇقىرىقىدەك ئوخشىماسلىقلارنىڭ بولۇشى كۆپ تەرەپتىكى سەۋەبلەرگە باغلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب بىزنىڭ مېتودولوگىيە جەھەتتىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ ئاجىز بولۇۋاتقانلىقىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىش جەريانىدا

ميتودولوگىيە تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىلمىسە ياكى بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ئاجىز بولسا، ئۇ ھالدا تەتقىقات مەزمۇنى نامرات بولۇش، تەتقىقات تار دائىرىدە ئايلىنىپ تۇرۇپ قېلىش، يېڭىلىق ئاز، تەكرار كۆپ بولۇشتەك ھادىسىلەر يۈز بېرىپ، تەتقىقاتنى قاتمال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش ئېھتىمالى تۇغۇلىدۇ.

ميتودولوگىيە — ئىلمىي تەتقىقاتتا مەلۇم بىر خىل نەزەرىيىۋى سىستېمىنى بەرپا قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ميتودولوگىيە پرىنسىپى بىلەن تەمىنلەيدۇ. لېكىن، ئۇنى بىۋاسىتە ئۇسۇل سۈپىتىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى ھەر قايسى ساھەلەر، تەرەپلەر ۋە ھەرقايسى بۆلەكلەردىكى ھەر خىل كونكرېت ھالەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۇيغۇن بولغان كونكرېت ئۇسۇل قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈش لازىم.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدىكى ميتودولوگىيە مەسىلىسى — نۆۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىم مەسىلە، شۇنىڭدەك ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان جىددىي مەسىلە. بۇنى تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ مۇرەككەپلىكى، تەتقىقات ۋەزىيىتىنىڭ ئېغىرلىقى بەلگىلىگەن.

بىرىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئۆزى مەيدانغا چىققان ئەلدە ئەمدىلا تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە بىر مۇنچە يۇقىرى سەۋىيەلىك ماقالىلەر يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنى تەتقىقاتنىڭ باشلىنىشى، بىرىنچى قەدىمى دەپ قاراشقا

لا بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئالىمىدىغان ئىشلار شۇنچىلىك كۆپكى، بەلكى بۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، «ئالىملار ئۈچۈن بىلىم دېڭىزى» بولغان «قۇتادغۇبىلىك» پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، ئىستېتىكا، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، ھەربىي ئىلىم قاتارلىق كۆپ ساھەلەردىكى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پەنلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ پەنلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىر قەۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئىشلىتىش خاراكتېرىگە ئىگە ئۇسۇل، نەزەرىيىلەرنى تەتقىق قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ھەرقايسى پەنلەرنىڭ تەتقىقاتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، «قۇتادغۇبىلىك» كۆپلىگەن پەن تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرلىرى دەپ ئاتالغان دەۋردىن يەنە بىر نەچچە 100 يىل ئىلگىرىكى دەۋردە بىرقانچە خىل مەدەنىيەت ئۆزئارا گىرەلەشكەن بىر رايوندا مەيدانغا كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دەۋرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدىغان ماتېرىياللارنىڭ يوقلىقى، ناھايىتى ئاز قالغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار تەتقىقات ئوبيېكتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىپ، تەتقىقاتچىلار ئالدىدىكى ۋەزىپىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار

شۇنى چۈشەندۈردۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى كونكرېت پەنلەرنى تەتقىق قىلمىسىمۇ، ئالاھىدىلىك خاراكتېرگە ئىگە ئۇسۇل. نەزەرىيىلەرنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە ئۇسۇل، نەزەرىيىلەرنى تەتقىق قىلىش لازىم. ئالدى بىلەن ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئىلمىي مېتودولوگىيە مەسىلىسى توغرىسىدا توغرا تونۇش ھاسىل قىلىنمىسا، ئىلمىي تەتقىقات توغرا، ئىلمىي بولغان يېتەكچى پرىنسىپتىن مەھرۇم بولۇپ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ.

نەزەرىيىۋى بىلىشنىڭ قىممىتى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئىنكاس قىلىش ئەھۋالى ۋە ئىنكاس قىلىش دەرىجىسىگە باغلىق. شۇنىڭدەك بىر ئىلمىي ئەسەرنىڭ قىممىتىنى توغرا باھالاش، ئۇنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان نەزەرىيىۋى سىستېمىنى قانداق تۈردە، قانداق دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈش تەتقىقات سوبيېكتى ئىگە بولغان دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىگە باغلىق. دۇنيا قاراش — ئىلمىي مېتودولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ قىبلىنامىسى، يېتەكچى پرىنسىپى ۋە تۈپ ئۇسۇلى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلمىي تەتقىقاتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

دۇنيا قاراش بىلەن مېتودولوگىيە بىر تەرەپتىن، بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان كاتېگورىيە. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىلىمىسى بار،

دۇنيا قاراش — كىشىلەرنىڭ ئالەمگە بولغان تۈپ
نۇقتىئىنەزەرى. مېتودولوگىيە بولسا دۇنيانى كۆزىتىش،
تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى
پەلسەپىۋى تەلىمات. مېتودولوگىيە — بەزى يولداشلار
بىگەندەك نوقۇل ئۇسۇل نەزەرىيىسى ئەمەس. ئەگەر
ئۇنى نوقۇل ئۇسۇل نەزەرىيىسى دەپ قارىغىنىمىزدا،
ئۇنىڭ پەلسەپىۋىلىكى ئەكس ئەتمەيدۇ. ۋەھالەنكى،
مېتودولوگىيە ئەزەلدىن بىر پەلسەپىۋى ئاتالغۇ، پەل-
سەپىۋى كاتېگورىيە، شۇنىڭدەك مۇكەممەل بولغان
پەلسەپە سىستېمىسىدىكى تەتقىقات ساھەسى. ئىلمىي
مېتودولوگىيە ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىلمىي
بىلىش ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ھالقىسى ھەم ئاساسىي
ئۇسۇلىنى پەلسەپە جەھەتتىن تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇ
لاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئىلمى
تەتقىقاتتىكى دىئالېكتىكا. لوگىكا. گنوسېئولوگىيە
(بىلىش نەزەرىيىسى) دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، ئىلمىي تەتقىقاتتىكى پەلسەپىۋى قائىدە
دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيا قاراش بىلەن مېتودو-
لوگىيە بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. دۇنيا قاراش
مېتودولوگىيىنىڭ ئاساسى، قانداق دۇنيا قاراش بولسا
شۇنداق مېتودولوگىيە بولىدۇ، مېتودولوگىيە دۇنيا
قاراشنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

دۇنيا قاراشمۇ بىر خىل پەلسەپىۋى ئاتالغۇ. لې-
كىن ھەر قانداق دۇنيا قاراشنىڭ ئۆزىلا پەلسەپە بو-

لالمايدۇ. پەلسەپە — دۇنيا قاراشنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسى ياكى نەزەرىيىلەشكەن، سىستېمىلاشقان دۇنيا قاراش. شۇنىڭ ئۈچۈن پەلسەپە، ھەم دۇنيا قاراش، ھەم مېتودولوگىيە. بىر ئادەم ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرگە قاراشتا، مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن، مەلۇم بىر خىل تۈپ نۇقتىئىنەزەرنى ئاساس قىلىدۇ، مانا بۇ — دۇنيا قاراش. ئۇ كىشى مۇشۇنداق تۈپ نۇقتىئىنەزەر (دۇنيا قاراش) ئاسىدا ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنى كۆزىتىدۇ، تەھلىل قىلىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ، مانا بۇ — مېتودولوگىيىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەزەرىيەۋى سىستېما بولغان پەلسەپە دۇنيا قاراش بىلەن مېتودولوگىيىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

تەتقىقاتچىلار توغرا بىر ئىلمىي سىستېمىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، مەيلى ئۇنىڭ قانداق مەزمۇنغا ئىگە بولۇشى، قانداق كونكرېت ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، توغرا ئىلمىي تەپەككۇر ئۇسۇلىغا موھتاج. ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «بىر مىللەت پەننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرماقچى بولىدىكەن، بىر مىنۇتمۇ نەزەرىيەۋى تەپەككۇردىن قالماسلىقى كېرەك.»①

تەپەككۇر ئۇسۇلى دېگىنىمىز — شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇلارنى كۆزىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېتودولوگىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. بۇ خىل مېتودولوگىيە بولسا كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنى-

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» ئۇيغۇرچە نەشرى 52 - بەت.

دۇ ۋە تىزگىنلىنىدۇ. شۇڭا تىزغرا، ئىلمىي دۇنيا قاراشتىن ئايرىلغاندا، توغرا، ئىلمىي مېتودولوگىيىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ماركسىزم پەلسەپىسى — بىردىنبىر، توغرا ئىلمىي دۇنيا قاراش، شۇنىڭدەك توغرا، ئىلمىي مېتودولوگىيە. ماركسىزمچىلار دۇنيا قاراش بىلەن مېتودولوگىيىنىڭ بىرلىكى تەرەپدارلىرى . دىئالىكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش بىلەن مېتودولوگىيىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش — ئىلمىي تەتقىقات جەريانىدا، جۈملىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىش جەريانىدا چوقۇم ئەمەل قىلىنىشقا تېگىشلىك باش پرىنسىپ.

تارىختا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بىرمۇچە ئالىملار پەلسەپىۋى تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بەرگەن، دۇنيا قاراش، گنوسېئولوگىيە مەسىلىلىرى توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزگەن ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدىكى تەتقىقات بارلىق مۇرەككەپ ئوبيېكتلارنى تەتقىق قىلىشقا ئوخشاش، ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ خىلمۇ خىل ماددىي ۋە مەنىۋى ئامىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ۋە ھازىر يۈز بېرىۋاتقان پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىلىم - پەن ساھەسىدە، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى، دىئالېكتىكا بىلەن مېتافىزىكا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش توختاپ باققان ئەمەس.

ئىلمىي مېتود تەتقىقات ئوبيېكتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل تاشقى ئامىل ئەمەس. چۈنكى، تەتقىقات سۇبيېكتى مەلۇم بىر مەقسەتنىڭ تۈرتكىسى، بەلگىلىك بىر پسىخىك مۇھىت، روھىي ھالەت ئاستىدا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەنى ھەر قانداق بىر شەخس ياكى كوللېكتىپ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغاندا، كۆڭلىگە مەلۇم مۇددىئانى پۈككەن بولىدۇ. مەلۇم بىر غايە ۋە ئىدىيىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇلار ئىلمىي تەتقىقات جەريانىدا ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە ھەر خىل خاراكتېردىكى تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مۇددىئا، غايە ۋە ئىدىيىلەردە ئەكس ئېتىلگەن قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى، گۈزەللىك قارىشى، بەخت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى قاتارلىقلار بولسا، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، شۇ تەتقىقاتچىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن باغلانغان، يەنى دۇنيا قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، لوگىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق نەزەرىيىۋى سىستېما تۈزۈش جەريانى — بىر ئۇقۇمدىن يەنە بىر ئۇقۇمغا، بىر ھۆكۈمدىن يەنە بىر ھۆكۈمگە، بىر خۇلاسىدىن يەنە بىر خۇلاسىگە ئۆتۈش جەريانى بولۇپ، بۇ جەرياندىكى پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ قانداقلىقى يەنە تەپەككۇر قىلغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىغا باغلىق بولىدۇ. توغرا، ئىلمىي، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش بولمىغاندا، ئىلمىي تەتقىقات جەريانىدا ئىدېئالىزم ۋە مېتافىزىكىلىق دۇنيا قاراشنىڭ پاراكەندى-

چىلىك سېلىشى ۋە ئىزدىنىشتۇرۇشتىن ساقلانغانلىقى بولمايـ
دۇ. ھەتتا ئىدىيالىزم ۋە مېتافىزىكىغا قۇل بولۇپ قېـ
لىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ. ئادەم ھەيلى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز
بولسۇن، مەلۇم بىر پەلسەپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ.
توغرا پەلسەپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولمىسا، خاتا پەلسەپـ
ىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ:
«تەبىئىي پەن ئالىملىرى ھەيلى قانداق پوزىتسىيە قولـ
لانسۇن، ئۇلار يەنىلا پەلسەپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بوـ
لىدۇ.» ①. لېنىنمۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىز شۇنى چوـ
قۇم بىلىشىمىز لازىمكى، ھەر قانداق تەبىئىي پەن،
ھەر قانداق ماتېرىيالىزمدا تولۇق ئىشەنچلىك پەلسەـ
پىۋى دەلىل بولمىسا، ئۇ بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ چېـ
ۋىتىش ۋە بۇرژۇئازىيە دۇنيا قارىشىنىڭ تىرىلىشىگە
قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا چارىسىز قاـ
لىدۇ. بۇ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئاخىرغىـ
چە ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، تەـ
بىئىي پەن ئالىملىرى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچى بوـ
لۇشى لازىم.» ②. گېرمانىيە فىزىكى فرانكمۇ تەتقىقات
خادىملىرىنىڭ دۇنيا قارىشى ھەمىشە ئۇزىنىڭ خىزمەت
يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ دېگەن ئىدى.

ماركسىزملىق پەلسەپە — پرولېتارىيات ۋە كەڭ

---

① «ماركس — ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 3- توم، 533- بەت.

② «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 4- توم، 604- 605- بەتلەر.

خەلق ئاممىسىنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەر-
تىشتىكى كۈچلۈك قورالى. ئەلىمىزدە جۇڭگوچە سوتسى-
يالىزم قۇرۇش ۋە كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىش-
نىڭ كۈچلۈك نەزەرىيىۋى ئاساسى، تۆتنى زامانىۋىلاش-
تۇرۇشنىڭ مەنىۋى كاپالىتى. ئىلمىي تەتقىقات ساھە-
سىدە توغرا ئىلمىي مېتودقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، دى-
ئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق
دۇنيا قاراشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن-
لىكىنى ئېنىق تونۇۋېلىشىمىز، ئۇنىڭ رولىغا سەل قا-
راشتىن، بولۇپمۇ نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئېتىراپ قىل-
غاندەك قىلىپ، ئەمەلىي جەرياندا ئېتىراپ قىلماسلىقتىن
ساقلىنىشىمىز لازىم.

ماركسىزم پەلسەپىسى — ماركسىزم - لېنىنىزم-
نىڭ پۈتكۈل ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاسا-
سى. بىز پەقەت مۇشۇنداق ئاساسقا ئىگە بولغاندىلا،
ئاندىن ئىتتىپاقلاشقان، ئىلمىي پوزىتسىيە، ئۇلۇغۋار نى-
شان ۋە يۇقىرى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر سەۋىيىسىگە ئىگە
بولغان ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىپ،
پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنىڭ ھۆددى-
سىدىن چىقالايمىز.

پەلسەپىۋى مېتودولوگىيە — ماركسىزم پەلسەپىسى
ئۈچۈن ئېيتقاندا، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدۇر. ماتېرى-
يالىستىك دىئالېكتىكا نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلى ئىلمىي
سىستېمىنى ھەقىقىي تۈردە ئوبيېكتىپ ئوبيېكتنىڭ ئۆزد-
دىكى لوگىكىنىڭ ئىنكاسىغا ئايلاندۇرىدۇ. مۇنداق نە-

زەرىيەۋى ئۇسۇل ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئىلمىي سىستېما ياكى تەتقىقات نەتىجىسى ھەر قانداق ۋاقىتتا پەن تەرەققىياتىنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، تەتقىقاتنىڭ توغرا نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدىغان نەتىجىگە ئېرىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىلىق نەزەرىيىسىنى ۋە ئۇسۇلىنى يېتەكچى پرىنسىپ قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى ئىككى پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 1. ئىنكاس نەزەرىيىسى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش

ئىنكاس نەزەرىيىسى — ماتېرىيالىستىك گىنوسېئولوگىيىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە ئۇنىڭ يادروسى. بىلىش مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىنكاس نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىدېئالىستىك گىنوسېئولوگىيىدىن ساقلىنىش لازىم. ئىنكاس نەزەرىيىسى پرىنسىپى بويىچە بولغاندا، ئىلمىي سىستېمىنىڭ قۇرۇلمىسى چوقۇم ئوبيېكتنىڭ ئۆزىدىكى قۇرۇلمىنىڭ ئىنكاسى بولۇشى لازىم. «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەتقىقات نەتىجىسى چوقۇم «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇننىڭ مۇئەييەن ئىنكاسى بولۇشى لازىم.

«قوتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا ئىنكاس نەزەرىيىسىگە ئەمەل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

بىرىنچى، سۇبيېكتىپچىلىقتىن ساقلىنىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بولۇش لازىم. تەتقىقات ئوبيېكتى بىر ئوبيېكت بولۇپ، سۇبيېكتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، زۆرۈرىيەت ئالەمى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى لېنىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ماددىدىن تۇيغۇ ۋە ئىدىيىگە ئۆتۈش — ماتېرىيالىستىك بىلىش لۇشيەنى بولۇپ، ئىلمىي تەتقىقات جەريانىدا چوقۇم ماتېرىيالىستىك بىلىش لۇشيەنى بويىچە ئىش كۆرۈش لازىمكى، «تۇيغۇ ۋە ئىدىيىدىن نەرسىگە» دېيدىغان ئىدېئالىستىك لۇشيەندىن ساقلىنىش لازىم. «قوتادغۇ بىلىك» ئەينى زاماندا دۇنياغا كېلىش بىلەنلا ئۆزىگە خاس مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، بۇ مەزمۇن «قوتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ئېڭىغا سىغىشمايدىغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتۇر. ئۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىرادىسىگە، ئارزۇ-ئارمانلىرىغا بېقىنمايدۇ. ئۇ، پراگماتىست خۇشى ئېيتقاندەك «قانداق پەردازلاپ ياسىساڭ، شۇنىڭغا كۆنۈپ تۇرۇۋېرىدىغان تولىمۇ ئىتائەتچان قىز» ئەمەس. ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى مەزمۇننى ئەينەن ئىنكاس قىلماي، ئۇنى ياساپ باشقىچە تۈسكە كىرگۈزۈش ئىنكاس نەزەرىيىسى پرىنسىپىغا خىلاپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «قوتادغۇ بىلىك»تە يوق مەزمۇنلار ئۇنىڭغا زورمۇزور قوشۇلۇپ تەرىپلەنسە، بۇنداق تەتقىقات نەتىجىسى ئىلمىي تەتقىقات

تەرەققىياتىنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان مەزمۇنلار ۋە خىسلەتلەرگە كۆز يۇمۇپ، مانا مەن دەپ تۇرغان قىممەتنى يوققا چىقىرىش ياكى ئۇنى تۆۋەنلىتىشمۇ شەكسىزكى، پاكىت ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى ھەقىقەتنى تېپىش، ھەقىقەتنى تېپىش بولسا، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ھېچقانداق قوشۇمچىسىز، ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. ھەقىقەتنى تېپىش ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بولۇش كېرەككى، بۇنىڭغا خىلاپ بولغان سۇبيېكتىپچىلىق، شاھالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش قاتارلىق ئىللەتلەردىن ساقلىنىش لازىم.

ئىككىنچى، ئىدېئالىستىك ئاپرىئورىزمدىن ساقلىنىپ، پرىنسىپلارنى تەتقىقاتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى نەتىجىسى قىلىش لازىم.

دىيۇرىڭ پەلسەپىسىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولغان ئاتالمىش پرىنسىپلار تاشقى دۇنيادىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئويلاپ چىقىرىلغان. بۇنداق پاكىتتىن ئىلگىرى تۇرىدىغان، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان پرىنسىپلارنى چىقىش قىلىپ بىلىم ۋە دۇنيانى قۇراشتۇرىدىغان نۇقتىئىنەزەر ئىنكاس نەزەرىيىسىگە قارشى بولغان ئىدېئالىستىك ئاپرىئورىزم

بولۇپ، ئېنگېلس ئۆز ۋاقتىدا دىيۇرىڭنىڭ مۇنداق ئىدېئالىستىك ئاپرىئورىزمىنى كەسكىن تەنقىد قىلغان ئىدى. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «بۇ يەردە سۆز مەۋجۇدىيەت شەكىللىرى توغرىسىدىلا بارىدۇ، بۇ شەكىللەرنى بولسا تەپەككۇر مەڭگۈ ئۆزىدىن ئالالمايدۇ ۋە كەلتۈرۈپ چىقىرالمايدۇ. بۇنداق بولغاندا پۈتۈن مۇناسىۋەت ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ چىقىدۇ؛ پرىنسىپلار تەتقىقاتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى، بۇ پرىنسىپلار تەبىئەت دۇنياسىغا ۋە ئىنسانىيەت تارىخىغا تەتبىق قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇلاردىن ئابستراكت قىلىپ چىقىرىلىدۇ؛ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت پرىنسىپلارغا ئۇيغۇنلاشمايدۇ، بەلكى پرىنسىپلار تەبىئەت دۇنياسىغا ۋە تارىخىغا مۇۋاپىق كەلگەن ئەھۋالدىلا توغرا بولىدۇ. بۇ شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىردىنبىر توغرا نۇقتىئىنەزەر.»①. ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرنى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا قوللىنىپ، ئىنكاس نەزەرىيىسى پرىنسىپىنى تەتقىقاتنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

تەتقىقات جەريانىدا، مەيلى مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ ئەمەلىي قىممىتىگە باھا بېرىشتە بولسۇن، ياكى ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇملار ۋە كاتېگورىيىلەرنى تەھلىل قىلىشتا ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەشتە بولسۇن، مەلۇم بىر خىل ئاپ-

① ئېنگېلس: «دىيۇرىڭغا قارشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 58 — 59 - بەت

رىۋور رامكىنى چىقىش قىلمىدىغان بولساق، تەتقىقاتتا خاتا يولغا كىرىپ قالىمىز، مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا، «قۇتادغۇ بىلىك» پەلسەپىۋى ئەسەرمۇ - ئەمەسمۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەيلاسوپمۇ - ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىگە ئەسەردە پەلسەپىۋى پىكىرلار بارلىقىنى كۆرۈش بىلەنلا بېرىلگەن جاۋاب تازا قانائەتلىنەرلىك بولمايدۇ. چۈنكى، ئومۇمەن ئالغاندا «قۇتادغۇ بىلىك» كە ئوخشاش بىر داستاننى ياراتقان ھەر قانداق شائىردا پەلسەپىۋى ئىدىيە بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇ شائىرنىڭ پەيلاسوپ بولۇشى ناتايىن. شۇنىڭدەك، ئومۇمەن ئالغاندا بىر ئەدەبىي ئەسەردە پەلسەپىۋى ئىدىيە بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەر بولۇشى ناتايىن. مەسىلىگە بۇنداق قارىمساق، ئەدەبىي ئەسەر بولسىلا پەلسەپىۋى ئەسەر بولىدۇ، ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسى پەيلاسوپ بولىدۇ، دېگەن ناتوغرا خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك — ھېچقانداق ئەدەبىي ئەسەر پەلسەپىۋى ئەسەر ھېسابلانمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدا گەپ شۇ يەردىكى، تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان ئىلمىي ئەسەرنى ۋە ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى باھالاشتا. ئاۋۋال ھۆكۈم چىقىرىپ ئاندىن ماتېرىيال ئىزدەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئەمەس، بەلكى ئاۋۋال ناھايىتى مول ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئار-

قىلىق چىققان نەتىجىگە تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەشىردىن چىققىنى بىلەن ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن پەلسەپە جەھەتتىنمۇ بەزى باھالار بېرىلدى. نۆۋەتتە، تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىي ۋەزىپە بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ پەلسەپە قىممىتىگە باھا بېرىش ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت قارىشى، تارىخ قارىشى قاتارلىقلارنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا قوللانغان پەلسەپىۋى ئۇقۇملىرى، كاتېگورىيىلىرى بارمۇ- يوق؟ بولسا ئۇلار قايسىلار؟ ئەگەر بولسا، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيلاسوپلارنىڭ، زاماندىشلىرىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنى ئىزاھلاش رولىنى ئوينىغانمۇ ياكى پەلسەپىۋى كاتېگورىيىلەر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر پەلسەپىۋى تەلىمات ياراتقانمۇ؟ ياكى ھەر قايسى تەرەپلەردە سىستېمىسىز، سىتىخىيىلىك ھالدىكى پەلسەپىۋى قاراشلارنى ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلەنگەنمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئىزدىنىپ، زۆرۈر بولغان ماتېرىياللارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىدە. ئاندىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەيلاسوپمۇ- ئەمەسمۇ؟ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ھادىسە بىلەن قايمۇقۇپ قېلىشتىن

ساقلىنىپ، ماھىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم. كانت ئىنكاس نەزەرىيىسىگە قارشى ھالدا «دۇنيانى بىلگىلى بولمايدۇ» دېگەنىدە، ئۇ ئاڭدىن تاشقىرى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان «ئۆزىدىكى نەرسە»نى ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھادىسىسىنىلا بىلگىلى بولىدۇ، ماھىيىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ، دەيدۇ. ماركسىزملىق پەلسەپە ماتېرىيالىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيانى بىلگىلى بولىدۇ، ھادىسە بىلەن ماھىيەت بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، ھادىسە ماھىيەتنىڭ ھادىسىسى، ماھىيەت بولسا ھادىسە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ھادىسە بولۇپ ئىپادىلەنمەيدىغان ساپ ماھىيەت مەۋجۇت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ھادىسىنى بىلگىلى بولىدىكەن، ئۇ ئارقىلىق ماھىيەتنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش — تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ئۇسۇلى. ئەگەر تەتقىقاتتا بۇ ئۇسۇلغا سەل قارالسا، بەزىدە يۈزەكى ھادىسىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالىمىز — دە، ماھىيەت يوشۇرۇنغان يىپتىچە قېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك»نى بىر-ەر قېتىم كۆرۈپ چىققاندا، كىشىگە بېرىدىغان دەسلەپكى تەسىر — ئەسەرنىڭ قۇيۇق دىنىي تۈسكە بولغانلىقىدۇر. ئەسەردىكى بىرىنچى بېيىت:

1 خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەلتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىزىم①.

ئاخىرقى بېيتى:

6645 يەتكۈزگىن رەسۇلغا تۈمەنمىڭ سالام،
ئۇنىڭ تۆت يارىغا يەنە ئەر تۈرە②.

دېمەك، ئەسەر خۇدانىڭ نامى بىلەن باشلىنىپ، رەسۇلنىڭ نامى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئەسەر قۇرۇق دىنىي تۇس بىلەن توشقان. بۇ يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان كۆرۈنەرلىك ھادىسە — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچى بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدۇر. بۇنىڭغا قاراپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ چوقۇم بىر ئىدېئالىست دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىش كېرەكمۇ؟ يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇ، خۇددى قەدىمكى يۇنان ماتېرىيالىستلىرى، قەدىمكى جۇڭگو ماتېرىيالىستلىرىغا ئوخشاش تۆت ئامىل (تادۇ) كاتېگورىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭدىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ چوقۇم بىر ماتېرىيالىست دېگەن خۇلاسىگە كېلىش كېرەكمۇ؟ بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە، ئۇ: بىلىم — كېيىن ئۆگىنىپ ئىگە بولىدىغان نەرسە، ئەقىل — ئادەم تۇغۇلۇش بىلەنلا تەبىئىي ھالدا بولىدىغان نەرسە، دەيدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئۇنى دۇئالىست دېيىش كېرەكمۇ؟ مېنىڭچە، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى

① ئىزىم — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئىگەم، تەڭرىم.

② ئەر تۈرە — ئۇلاشتۇرۇپ.

تەتقىق قىلغاندا. ھە دېگەندە ئۇنى ماتېرىيالىست ياكى ئىدېئالىست دەپ ئايرىۋېتىشتىن كۆرە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ياشىغان دەۋر شارائىتىنى، قاراخانىلار ھاكىمىيىتىدە ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت دىنى ھېسابلانغانلىقى، ئەسەر مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئەسىردە ماتېرىيالىزم ئاملى دەپ ئاتالغان نومىنالىزم (نامچىلىق)نىڭ مەدىرىس پەلسەپىسى ئىچىدىكى بىر ئېقىم ئىكەنلىكىنى. بېزى قەدىمكى يۇنان ماتېرىيالىستلىرى ۋە[①] جۇڭگو ماتېرىيالىستلىرىنىڭ خۇدانى تىلغا ئېلىپ تۇرىدىغانلىقى، ماددا بىلەن ئاڭنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى «ياۋروپالىقلار خرىستىئان دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇزاق مۇددەتلىك قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندىن كېيىنلا ئاندىن ناھايىتى روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان»(لىقى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەھلىل قىلغاندىلا. ئاندىن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ماھىيىتى زادى نېمە ئىكەنلىكىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتا بىزدىن «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىشتا، ھازىر بار بولغان خۇلاسىلەرنى تۈزىتىۋېلىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» ئىچىدىكى ماتېرىياللارنى ئۇنىڭغا زورمۇزور سىغداپ كىرگۈزۈشتىن ساقلىنىپ، ئەسەرنىڭ ئۆزىدە نېمە بولسا شۇنى ئەينەن ئىنكاس قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق بىر روھ بولمىسا، ھەقىقەتتە

---

① ئېنگېلس: «لىيودۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپەسىنىڭ ئاخىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 26 — 27 - بەتلەر.

چىڭ تۇرغىلى بولمايدۇ، ھەقىقەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ ھەمدە توغرا مېتودولوگىيىنى قوللانغىلى بولمايدۇ.

## 2. باغلىنىش ۋە تەرەققىيات پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش

ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىز تەبىئەت دۇنياسىنى ياكى ئىنسانلار تارىخىنى، ياكى ئۆزىمىزنىڭ روھىي پائالىيىتىمىزنى چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ تەكشۈرگىنىمىزدە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئەڭ ئاۋۋال تۈرلۈك ئالاقىلەرنىڭ ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشلەرنىڭ چەكسىز گىرەلىشىپ كەتكەن مەنزىرىسى زاھىر بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھەرقانداق نەرسە، ھەرىكەتسىز ۋە ئۆزگىرىشسىز بولماستىن، بەلكى ھەممىسى ھەرىكەتلىنىپ ئۆزگىرىدۇ، تۇغۇلىدۇ ۋە يوقىلىدۇ.»①. ئېنگېلس يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئالەمنى، ئالەمنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ھەم بۇنداق تەرەققىياتلارنىڭ ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىكى ئىنكاسىنى توغرا سۈرەتلەپ بېرىشنى پەقەت دىئالېكتىكىلىق ئۇسۇل قوللانغاندىلا، تۇغۇلۇش بىلەن يوقىلىش ئوتتۇرىسىدىكى، ئىلگىرىلەشتىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن چېكىنىشتىكى ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىي، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشكە ھەمىشە دىققەت قىلغاندىلا ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.»②.

باغلىنىش ۋە تەرەققىيات پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش — ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدا چىڭ تۇرۇش بو-

①، ② ئېنگېلس: «دىيۇرىنغا قارشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 32—33-بەتلەر.

لۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدا
ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، باغلىنىش ۋە تەرەققىيات
توغرىسىدىكى پەن بولۇپ، ئۇ ماددىي دۇنيانىڭ ئومۇ-
مىي باغلىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ماتې-
رىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ ئۈچ ئاساسىي قانۇنىيىتى ۋە
باشقا بىرقانچە جۈپ كاتېگورىيىلىرى بولسا، ئومۇمىي
باغلىنىش ۋە تەرەققىياتنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئې-
چىپ بېرىدۇ. تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى بولسا تەبىئەت
ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىنكاسى، شۇڭا، ئىلمىي
تەتقىقاتتا ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدىن ئىبارەت مې-
تودولوگىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلماسلىق ئۈچۈن، باغ-
لىنىش ۋە تەرەققىيات پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.
بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، باغلىنىش نۇقتىسىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇش
لازىم. دۇنيادا ھېچقانداق بىر شەيئى ياكى ھادىسە
يەككە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، بەلكى ئۆز
ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر بىلەن باغلانغان
بولىدۇ. پۈتكۈل دۇنيا — ئۆزئارا باغلانغان بىر پۈ-
تۈن ئورگانىك گەۋدە. شۇڭا، ھەر بىر شەيئىي ۋە ھا-
دىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنى ئۇ باغلانغان بىر پۈ-
تۈن گەۋدە ئىچىگە، يەنى ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇ-
رەككەپ باغلىنىش ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىش
لازىم. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭ ئۆزى

باغلانغان مۇرەككەپ باغلىنىشلار ئىچىدىن ئاجرىتىۋېلىپ كۆزەتكەندە، ئۇنى چۈشىنىشمۇ، ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. خۇددى چېرنىشېۋسكىي ئېيتقاندەك، يامغۇر يېغىش ئىشمۇ ياكى يامان ئىشمۇ؟ دېگەن ئاددىي سوئالغا جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، زىرائەت سۇغا ئېھتىياج بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ياغقان يامغۇر ياخشى ئىش. يامغۇرنىڭ دەستىدىن سۇ ئاپىتى يۈز بەرگەن چاغدا ياغقان يامغۇر يامان ئىش.

باغلىنىش ئوبيېكتىپ بولىدۇ. ئۇ، ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئىلمىي ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەسەر مەيدانغا كەلگەن دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ھالىتى، سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قاتارلىق ماددىي شارائىتلار بىلەن باغلانغان بولىدۇ. دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى بولغان پەلسەپە — شۇ پەلسەپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دەۋر بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. پەلسەپە ئوتتۇرىغا قويغان دۇنيا قاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ كەڭ ياكى تارلىقى، چوڭقۇر ياكى يۈزەلىكى، ئۈزۈل - كېسىل ياكى مۈجمەللىكى قاتارلىق پەرقلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىختىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاخىرقى سەۋەبلىرىنى پەيلاسوپلارنىڭ كاللىسىدىن، شۇ دەۋردىكى پەلسەپىدىن ئەمەس، بەلكى پەلسەپىنىڭ مەزمۇنىنى، يۈزلىنىشىنى،

ئاساسىي ماھىيىتىنى شۇ دەۋرنىڭ ماددىي شارائىتىدىن تەھلىل قىلىش لازىم. ماركس، ئېنگېلس «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى»دە، ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراشنى تەرىپلىگەندە، مۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇنداق تارىخ قاراش شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ رېئال ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى بىۋاستە تۇرمۇشقا ئالاقىدار بولغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا تەكشۈرىدۇ ھەمدە بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ۋە شۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن ئالاقە شەكلىنى، يەنى ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلاردىكى شەھەر ئاھالىسى جەمئىيىتىنى پۈتكۈل تارىخنىڭ ئاساسى دەپ چۈشىنىدۇ... شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك نەزەرىيىۋى مەھسۇلاتلار ۋە ئاڭ شەكىللىرىنى، مەسىلەن، دىن، پەلسەپە، ئەخلاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى شەھەر ئاھالىسى جەمئىيىتى ئاساسىدا شەرھلەيدۇ ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنى سۈرۈشتۈرىدۇ.»①.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋاقىت جەھەتتىن ئالغاندا، تەخمىنەن V ئەسىردىن XIV — XV ئەسىرگىچە بولغان ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، لېكىن بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالى — ئوتتۇرا ئەسىردە پەلسەپە ۋە پەن نابۇت قىلىنىپ، پەلسەپە ئىلاھىيەتنىڭ دېدىكىگە ئايلىنىپ قالغان ياۋروپانىڭ ئەھۋالى بىلەن تامامەن ئوخشاپ كەت-

① «ماركس — ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، ئۈچىنچى توم، 42 — 43- بەتلەر.

مەيدۇ. شۇنىڭدەك بىرقانچە خىل مەدەنىيەت مەركەز-لەشكەن، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى ئەھۋاللاردىن پەرقلىنىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەلسە-پە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا، بۇ ئەسەر-نى شۇ دەۋردىكى ھەرقايسى تەرەپتىكى باغلىنىشلار ئىچىدە قويۇپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىش لازىم. ئۇنداق قىل-مايى، ئۇنى ئۆز دەۋرىدىن ئاجرىتىپ چىقىپ ئابست-راكت ھالدا تەھلىل قىلىنسا، ئۇنىڭ دەۋر روھىنىڭ ئېغىزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا توغرا ۋە ئادىل باھا بەرگىلى بولمايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نى ھەر خىل باغلىنىشلار ئىچىد-گە قويۇپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىشتا، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرنىڭ ۋارىسى سۈپىتى-دە مەيدانغا كېلىپ، ئىلگىرىكى پەلسەپىلەر بىلەن باغ-لانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كېيىنكى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش، ھەتتا يول ئېچىش رولىنى ئوينىغاش ئارقىلىق ئۇلار بىلەنمۇ باغلان-غان بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆز زامانداشلىرىنىڭ پەلسە-پە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى بىلەن ئەلۋەتتە باغلىنى-دۇ. مەلۇم بىر پەلسەپىنىڭ مەيدانغا كېلىشى — بىر تەرەپتىن (ئاساسىي تەرەپتىن) ماددىي شارائىت تەرىپى-دىن بەلگىلەنسە، يەنە بىرتەرەپتىن، باشقا پەلسەپە

ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلەردىن ئوزۇق ئالىدۇ، بىر - بى-
رىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن،
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدى-
يىسىنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ھەر خىل
پەلسەپىۋى ئېقىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەھ-
لىل قىلىش ناھايىتى زۆرۈر. لېكىن، بۇ يەردە شۇنىڭغى-
مۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، پەيلاسوپلارنىڭ قاراشلى-
رىدىكى ئوخشاشلىقنى چىقىتۇرۇش بىلەنلا (گەرچە مۇن-
داق ئوخشاشلىق بىرلىكنى ئىپادىلىسىمۇ)، ئاددىي ھالدا
پالانىي پالانىدىن ئۆگەنگەن ياكى ئۇنىڭ تەسىرىنى قو-
بۇل قىلغان، تەقلىد قىلغان، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقىمۇ
ئالدىرىماسلىق لازىم. چۈنكى، ئىلىم - پەن تارىخىدا
بىر - بىرى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان كىشىلەرنىڭ
ئوخشاش كەشپىياتلارنى ئوتتۇرىغا قويالىغانلىقى ھەممى-
گە مەلۇم. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «دىققەت قىلىشقا
ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۆپ يىللاردىن بېرى بىزنىڭ
ئەڭ ياخشى ئەمگەك سايمىنىمىز ۋە ئۆتكۈر قورالىمىز
بولۇپ قالغان ماتېرىيالىزملىق دىئالېكتىكىنى يالغۇز بىزلا
كەشپ قىلمىدۇق، بەلكى گېرمانىيە ئىشچىسى يوسېف
دىتسگېن بىزگە تايانمايمۇ كەشپ قىلدى.» ①. ئېنگې-
لس يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ماركس مۇندىن 40 يىل
بۇرۇن ئۇچراتقان ماتېرىيالىستىك تارىخ قارىشىنى مور-
گان ئامېرىكىدا ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن قايتىدىن كەشپ

---

① ئېنگېلس: «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپە-
سىنىڭ ئاخىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 64 - بەت.

قىلدى. ياۋايىلىق دەۋرى بىلەن مەدەنىيەت دەۋرىنى سېلىشتۇرۇشتا مۇھىم نۇقتىلارغا ماركس بىلەن ئوخشاش نەتىجىگە كەلدى.» ①.

ئىككىنچى، تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى — باغلىنىش نۇقتىئىنەزىرىگە ئوخشاش، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ يەنە بىر ئالامىتى. باغلىنىش بىلەن ھەرىكەتنى بىلىش جەھەتتە بىر - بىرىدىن ئاجراتقىلى بولمىسىمۇ، رېئال تۇرمۇشتا ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئاجراتقىلى بولمايدۇ. باغلىنىش ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشتىن ئايرىلغاندا، شەيئىنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ھەرىكەت، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتتىن ئايرىلغاندا باغلىنىشنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا پۈتۈن ئالەم ھەرىكەت قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر شەيئى ۋە ھادىسە بىر جەرياندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر كونكرېت شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ ئۆزى بىر جەريان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئالەم تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي جەرياننىڭ ئىچىدىكى بىر جەريان. پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخى بىر تەبىئىي تارىخىي جەريان. ھەلۋەم بىر خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيە پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارى-

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى 4 - توم 1 - بەت.

خى ئىچىدىكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيەدىن كېلىپ چىققان (تۇغۇلغان)، كېيىنكى ئىجتىمائىي فورماتسىيىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان (تۇغدىغان) بولغاچقا، ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسى باغلانغان بىر جەرياندۇر. ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىجتىمائىي ئاڭمۇ ئۆزىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرى بىلەن بولغان مۇنەييەن بىر باغلىنىشنى ساقلايدىغان تەرەققىيات جەريانىغا ئىگە. «قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كەلگەن دەۋر، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ داۋامى، كېيىنكى دەۋرنىڭ مۇقەددىمىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنى ئۆزىگە تېگىشلىك تارىخىي جەريانغا قويۇپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇنداق ئىككى مەسىلىنىڭ چېكىنى ئاجرىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى ماركسىزم پەلسەپىسى — ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردىكى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئومۇمىي ھەقىقەت ئەھمىيىتىگە ئىگە ئۆتكۈر نەزەرىيىۋى قورال. بۇ قورالدىن ئايرىلغاندا، ئىلمىي تەتقىقات توغرا يېتەكچى پرىنسىپتىن مەھرۇم بولىدۇ.

يۇقىرىدا، ئېنگېلس ۋە لېنىندىن ئېلىنغان سىتاتىدا ئېيتىلغىنىدەك، تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچى بولۇشى لازىم بولۇۋاتقان يەر-

ده، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچى بولۇشى تېخىمۇ مۇھىم. تىقىسى، ماركسىزمدىن ئايرىلىپ، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغىلى بولمايدۇ. لېكىن مۇنداق دېگەنلىك، ئىلگىرىكى تارىخىي دەۋرلەردىكى پەيلاسوپلارنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىگە باھا بەرگەندە، ئۇلارنى ماركسىزم پەلسەپىسىنىڭ ئىنقىلابىيلىق بىلەن ئىلمىيلىكىنى بىرلەشتۈرگەن مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىسى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باھالاش تەرەققىيات نۇقتىسىنەزىرىدىن ئايرىلغانلىق بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ماتېرىيالىست دەپ ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭدىن ماركسىزملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزمغا ئوخشاش بىر سىستېما يارىتىشنى تەلەپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ھامان پەلسەپىدىكى ماتېرىيالىستلارغا ئوخشاش نەزەرىيىۋى سىستېما يارىتىشنى تەلەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇنداق تەلەپ قويۇش — جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي جەريانىدىن ئايرىلغان پىكىر قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ماركسىزم پەلسەپىسى — پۈتۈنلەي بىر يېڭى دەۋرنىڭ، يەنى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ياۋروپادىكى بەزى ئاساسلىق مەملىكەتلەردە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن، يىرىك ماشىنا سانائىتى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر روشەنلەشكەن، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن

كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىمۇ كېڭەيگەن بىر دەۋرنىڭ
مەھسۇلى. شۇنىڭدەك، مىزبادا يېزىپ خاس ھاجىتىنى
ئىدېئالىست دەپ ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ،
ئۇنىڭ كېيىنلا ئوخشاش غايەت زور سىستېما يارىتا-
لىغان ياكى يارىتالمىغانلىقىنى ئۆلچەم قىلىشىمىز ئورۇن-
سىز.

بىر ئادەمنى پەيلاسوپ دەپ بەلگىلەش ئۈچۈن،
ئۇنىڭ دۇنيا قاراشنى مەلۇم بىر نەزەرىيىۋى سىستېما
ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكىنى ئاساس قىلىش لازىم. لېكىن،
بۇ خىل سىستېمىنى ئۇنىڭ ئارىخىنىڭ قانداق تەرەققى-
يات جەريانىدا باشلىنىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماستىن،
بىردەك تەلەپ قويۇش توغرا ئەمەس. ئېنگېلىس مۇن-
داق دېگەن ئىدى: «كېيىنكى پەلسەپىسىنىڭ شۇ چاغدا
تەبىئىي پەن تېخى ئەمدىلا كۈن تەرتىپكە قويمىغان
مەسىلىنى تەتقىق قىلىشىنى تەلەپ قىلمايمىز.»① دۇن-
يا قاراشنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى ھەر خىل تارىخىي
دەۋرلەردە ماددىي - مەنىۋى شەرت - شارائىتلار تۇ-
پەيلىدىن ئاددىيراق بولۇشىمۇ، مۇرەككەپرەك بو-
لۇشىمۇ مۇمكىن، يۈزەرەك بولۇشىمۇ، چوڭقۇر-
راق بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ھەممىگە بىردەك تەلەپ
قويۇشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، يېڭى
دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان ماركسىزم پەلسەپىسى ئۆزى-

① ئېنگېلس: «لىيودۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسە-
پىسىنىڭ ئاخىرى»، ئۈرۈمچى نەشرى 14 - بەت.

دىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق پەلسەپىدىن ئۈستۈن تۇرى-
دۇ. ئىلگىرىكى پەيلاسوپلار ھەرقانچە دانىشمەن بولسى-
مۇ، ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىي چەكلىمىلەر تۈپەيلى، مارك-
سىزم پەلسەپىسى دەرىجىسىگە يېتىشى زادى مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا باھا بەرگەندە،
ئۇلارنى ماركسىزم پەلسەپىسىنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش
پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. لېكىن، ماركسىزم پەلسەپى-
سىدىكى بەزىبىر ئۇقۇم، كاتېگورىيىلەر ۋە بەزى نە-
زەرىيىۋى قائىدىلەرگە ئوخشاپراق كېتىدىغان ياكى يې-
قىنلىشىدىغان كۆزقاراشلارنىڭ ئىلگىرىكى بەزى پەيلا-
سوپلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ياكى بايقال-
غانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلسا، بۇنى ئۆتۈپ كەتكەن دەۋر-
دىكى پەيلاسوپلارنىڭ كۆزقارىشىنى ماركسىزم پەلسە-
پىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتكەنلىك دەپ قاراشقىمۇ
بولمايدۇ. چۈنكى، مەلۇم بىر نەزەرىيىۋى سىستېما خې-
لى ئۇزاق بىر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ مەھ-
سۇلى، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق جەريانىدا
كۈچ ئۇلاپ يۈكسەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ماركسىزم پەل-
سەپىسىمۇ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تەرەققىيات جەريانىدىن
ئۈزۈلگەن ھالدا مەيدانغا كەلگەن ئەمەس، بەلكى پۈت-
كۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىلىم - پەن بايلىقلىرىغا
ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ھەرقان-
داق دەۋردىكى ئادەم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۆتكەن كى-
شىلەرنىڭ بىلىمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۇرۇنقىلارنىڭ بى-
لىمىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى ئۆز بىلىمىنىڭ باشلىنىش

نۇقتىسى قىلىندۇ. خۇددى نيۇتون: «ئەگەر مېنى باشقىلارغا قارىغاندا يىراقنى كۆرەلىدى دېسە، بۇ، مېنىڭ شۇ گىگانت ئادەملەرنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ تۇرغانلىقىمدىن بولغان» دېگىنىگە ئوخشاش، ئىنسانىيەت بىلىشىنىڭ ئىچكى ئىزچىللىقى بولىدۇ. ئەگەر ماركس بىلەن ئېنگېلستىن ئىلگىرىكى ئوبيېكتنى توغرا ئىنكاس قىلالىغان مول بىلىملەر بولمىغان بولسا، ماركسىزم تەلىماتىمۇ مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. بۇ ھەرگىز ماركسىزم تەلىماتى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بىلىملەرنىڭ ئاددىي قوشۇلمىسى ياكى كۆچۈرمىسى دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش نۇقتىسىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنى ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ ماھىيىتى ۋە يادروسى بولۇشى — ئۇنىڭ شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقىدا، شۇڭا بىز باغلىنىش ۋە تەرەققىيات نۇقتىسىنەزىرىنى تەھلىل قىلغاندا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇنداق باغلىنىش بىلەن تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان زىددىيەت نۇقتىسىنەزىرىنى ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقات جەريانىدا زىددىيەتنى چېلىقتۇرۇش، زىددىيەتنى تەھلىل قىلىش ۋە زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىشىمىز لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى تەتقىق

قىلغاندا. بىرقانچە مەسىلىلەردە بىر ـ بىرىگە زىت
نۇقتىئىنەزەرلەر كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى كۆر-
مەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭ-
دەك ئاددىي هالدا، هېچقانداق تەهلىلسىز تۇردە بىر-
نى مېغىز، بىرىنى شاكال دەپ ئاجرىتىۋېتىش بىلەن
مەسىلىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىش قىيىن. «قۇ-
تادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ئەلۋەتتە
ئۇنىڭدىكى مېغىز بىلەن شاكالنى ئاجرىتىش لازىم. مې-
غىز بىلەن شاكالنى ئاجرىتىشنىڭ ئۆزى دىئالېكتىك
ئۇسۇل. لېكىن، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۆزىگە دىئالېكتىكىنى قول-
لىنىشقىلا بولىدۇكى، مېتافىزىكىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.
مېغىز بىلەن شاكالنى ئاجراتقاندا، بىر پىچاق ئۇرۇپ
ئىككىگە ئاجرىتىپ، مېغىزنى شاكالغا مۇناسىۋەتسىز ئو-
رۇنغا قويۇپ تۇرۇپ تەهلىل قىلىش زىددىيەت نۇقتى-
ئىنەزىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. گېگېل پەلسەپە سىستېمى-
سىدىكى زىددىيەتنى ئېلىپ ئېيتساق، دىئالېكتىكا ئۇنىڭ
«ئەقىلگە مۇۋاپىق مېغىزى»، ئىدېئالىزم بولسا ئۇنىڭ
شاكىلى، ماركس بىلەن ئېنگېلس گېگېلنىڭ «ئەقىلگە
مۇۋاپىق مېغىزى»نى تەهلىل قىلغاندا، هېچقاچان ئۇنىڭ
شاكىلىدىن ئاجرىتىپ تەهلىل قىلغان ئەمەس. ئەگەر
گېگېلنىڭ دىئالېكتىكىسىنى ئۇنىڭ شاكىلىدىن ئايرىۋې-
تىپ تەهلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ ئالاهىدى-
لىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك فېي-
يېرباخ ماتېرىيالىزمىنى ئۇنىڭ «تەقلىدى» بولغان مې-
خانىكىلىق، مېتافىزىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي ساهەلەردىكى

ئىدىيالىزملىقىدىن ئاجرىتىپ تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر ئوتتۇرىغا قويغان:

گېگېل دىيالېكتىكىسى + فېيېرباخ ماتېرىيالىزمى + دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم

دېگەن داۋانىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرگىلىمۇ بولمايدۇ. ماركسىزم پەلسەپىسى گەرچە گېگېل ۋە فېيېرباخ پەلسەپىسىنى ئۆزىنىڭ نەزەرىيەۋى مەنبەسى قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن پەرق قىلىدىغان پەلسەپە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى مەسىلىلەردە بىر - بىرىگە زىت بولۇپ كۆرۈنگەن نۇقتىنەزەرلەرنى چېلىقتۇرغاندا، ئۇلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتمەي، بۇ زىددىيەتنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە بۇ زىددىيەتلەرنى تەھلىل قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدىغان، بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغانلىقىنى كۆرۈش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىدىغان، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان، بىر - بىرىگە ئۆتۈشىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز ۋە شۇ ئاساستا تەھلىل ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاندىن تەتقىقات جەريانىدا ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش نۇقتىنەزىرىنى ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ.

丛书的这一辑选入有1986年8月在喀什召开的中国《福乐智慧》学首次学术讨论会上或会后发表的部分论文。

这些论文专题研究和全面介绍了《福乐智慧》的文学，学术和历史价值，研究范围较广，论点新颖，研究得深刻。

# تارىخىي مىراس — «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە

## بايان (٤)

(ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غولام ئەبەيدۇللا

مەسئۇل مۇھەررىرى: نىبىيا شاكىر

مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتقان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسمازاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092×787 مم 1/32، باسما تاۋىقى: 12.375، قىستۇرما ۋارىقى: 3

1988 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى

1988 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى: 1 — 1960

---

ISBN7—5373 — 0101 — 8/K·7(民文)

باھاسى: 1.30 يۈەن

مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى: غەيرەت خالىق

ISBN7 — 5373 — 0101 — 8/K·7

باھاسى: 1.30 يۈەن